ماھىنۇر ئابدۇسېلىم



# تۇمان تارىغان سەھەر

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ



# تۇمان تارىغان سەھەر

ISBN 978-7-5371-3952-6

باھاسى: 16.00 يۈەن

ماھنۇر ئابدىسلىم



# تۇمان تارىغان سەھەر

( رومان )

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

雾漫清晨：维吾尔文/玛依努尔·阿布地力木著.
—乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2007.3
ISBN978— 7—5371—3952—6

Ⅰ.雾… Ⅱ.玛… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—
维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第 037758 号

责任编辑：**卡米拉·热合曼**
责任校对：**依巴达提·亚森**
封面设计：**阿力甫·夏**

**雾漫清晨**(维吾尔文)
(长篇小说)
**玛依努尔·阿布地力木** 著

---

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市胜利路二巷 1 号 邮编：830049)
新 疆 新 华 书 店 发 行
新疆金版印务有限公司印刷
850×1168 毫米 32 开本 9 印张
2007 年 3 月第 1 版 2007 年 3 月第 1 次印刷
印数：1—4060

---

ISBN978—7—5371—3952—6 定价：16.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换



ماھنۇر ئابدسلم

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب قايتا ئۇچرىشىش ........................ 1
ئىككىنچى باب ناتىۋان ئانا ـ بالا .................. 13
ئۈچىنچى باب ئابىدە بىلەن ئەنسەر .................. 26
تۆتىنچى باب ئابىدە خىزمەتكە چۈشتى ................ 34
بەشىنچى باب بولغۇسى قۇدىلار ....................... 44
ئالتىنچى باب ۋىسال تاپقان سۆيگۈ .................. 64
يەتتىنچى باب جۇدۇن شەپىسى ......................... 80
سەككىزىنچى باب تونۇش بىمار ........................ 96
توققۇزىنچى باب نۇرخاننىڭ ھۈنىرى ................ 108
ئونىنچى باب ئاشكارىلانغان سىر .................... 117
ئون بىرىنچى باب ئازابلىق كەچمىش.................. 130
ئون ئىككىنچى باب يىتۈپ كەتكەن ھۆججەت ...... 151
ئون ئۈچىنچى باب قوشدۆك يېزىسى.................. 178
ئون تۆتىنچى باب ۋىجدان سوتى ئالدىدا ........... 190
ئون بەشىنچى باب خارلانغان سەبىيلەر ........... 205
ئون ئالتىنچى باب ئابىدەنىڭ خاتىرىسى ........... 223
ئون يەتتىنچى باب نىياسەمنىڭ ئېرى ............... 234
ئون سەككىزىنچى باب شەيتان ئازدۇرغان كۆڭۈل ... 250
ئون توققۇزىنچى باب باھار ھامان ئىللىق.......... 271

## بىرىنچى باب

# قايتا ئۇچرىشىش

ئەتىگەنلىك ئىشقا چۈشۈش ۋاقتىغا تېخى بالدۇر ئىدى .
كۈندىكىگە ئوخشاشلا سوت مەھكىمىسى دەرۋازىسىنىڭ ئالدى تۇر-
لۇك دەۋا ئۈچۈن كەلگەنلەر بىلەن ئاۋات ئىدى . ھەر خىل سىياق-
تىكى بۇ دەۋاگەرلەر ئۆزئارا تونۇشسۇن ، تونۇشمىسۇن بىر -
بىرىگە ئۇچرىغان ئۇۋالچىلىقلىرىنى ، سوت كېسىم ئىشلىرىنىڭ
تەسلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى «ئۇھ» تارتىشىپ تۇرۇپ ئېيتىشات-
تى . تولا دەۋاغا چۈشۈپ سوت مەھكىمىسىنىڭ تەلىم - تەربىيە-
لىرىگە پىششىپ كەتكەنلەر يېڭى دەۋاگەرلەرگە خۇددى ئادۋوكاتلار-
دەك ئەقىل كۆرسىتىپ نېمىلەرنىدۇر چۈشەندۈرۈپ كېتەتتى .
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نەچچە يۈز مىڭ يۈەن ئۈچۈن دەۋاغا چۈشكەن
بايۋەچچىلەرمۇ ، نەشپۈت سېتىپ پۇلىنى ئالالمىغان ياۋاش دېھقان-
لارمۇ ، ئېرىنىڭ خارلىشىدىن جاق تويۇپ ئاجرىشىش نىيىتىگە
كەلگەن چىرايى سولغۇن چوكانلارمۇ ، ماجىرالىشىپ يېگەن تايى-
قىنى تۆلىتىش ئۈچۈن كەلگەن بەڭۋاش ياشلارمۇ ، بۈگۈن سوتى
ئېچىلىدىغان جىنايەتچىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ بار ئىدى .
سوت مەھكىمىسىنىڭ ئاپتوماتىك سىيرىلما ئىشىكى ئاخىر
ئېچىلدى . ھېلىقى دەۋاگەرلەر گۇررىدە دەرۋازىدىن ئالدىراش
كىرىپ نەلەرگىدۇر كىرىپ كېتىشتى . شۇ چاغدا مەھكىمە دەرۋا-
زىسى ئالدىغا يىگىرمە ئۈچ - يىگىرمە تۆت ياشلاردىكى ئىككى
قىز كېلىپ توختىدى . ئۇلار سوت مەھكىمىسىنىڭ كادىرىغىمۇ ،

دەۋاگەرگىمۇ ئوخشاشمايتتى . تاشقى كۆرۈنۈشى جەھەتتىن ئېيتـ
قاندا ، بۇ ئىككى قىز خۇددى سېلىشتۇرما قىلىش ئۈچۈن بىرگە
ئەكېلىپ قويۇلغاندەك روشەن پەرقلىق ئىدى . بىرى ، بويى ناھاـ
يىتىمۇ ئېگىز ، زىلۋا ئىدى . ھەمراھى بولسا بويى ئۇنىڭ مۈرىسىـ
گە ئاران يېتىدىغان سېمىز ، دىقماقراق ئىدى .

ئورۇق ، ئېگىزى پادىچىلار شىمى بىلەن ئاق ئۆرە ياقىلىق
مايكا كىيىپ ، چېچىنى كەينىگە ئېگىز قىلىپ بىرلا بوغۇۋالغان ،
ئاق سۈزۈك چىرايىغا ھېچقانداق گىرىم قىلمىغانىدى . چىرايى
سىدامراق بولسىمۇ ، لېكىن قارىغان كىشىنىڭ زوقى كەلگۈدەك
مېھرى ئىسسىق ئىدى . بولۇپمۇ ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن زېرەكلىكى
ھەم كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان بىر خىل ئىچكى گۈزەللىك
بالقىپ تۇراتتى .

پاكار ، سېمىزغىنە قىز خۇددى توي ۋېچىركىسىغا جابدۇنـ
غاندەك مودا ، ئېسىل كىيىنگەن ، تۇجۇپىلەپ گىرىم قىلغانىدى .
ئۇ بۇغداي ئۆڭلۈك ، قاش ـ كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان
يۇملاق يۈز قىز بولۇپ ، مودا سارغۇچ قىرقىم چاچلىرى ، دىقـ
ماققىنە بويى بىلەن ناھايىتى ئوماق ، يېقىشلىق كۆرۈنەتتى .

ئېگىز قىز توختاپ دەرۋازا ئۈستىدىكى «خەلق سوت مەھكىـ
مىسى» دېگەن ۋېۋىسكىغا خىيالچان تىكىلدى . ئۇنىڭغا ئەگىشىپ
پاكار قىزمۇ بىردەم قاراپ تۇردى . ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن چۈشىـ
نىكسىز بىر ھاياجان ئۇرغۇپ تۇراتتى .

— ئەمدى بىز ئوقۇغۇچى ئەمەس ، — دېدى ئېگىز قىز
خۇددى ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك ، — بۈگۈندىن باشلاپ
مۇشۇ ئىدارىنىڭ كادىرى بولىمىز ، بىزنى قانداق قىسمەتلەر كۈـ
تۈۋاتقاندۇ ـ ھە ؟

پاكار قىز ئۇنچە چوڭقۇر خىيال قىلىدىغانلاردىن ئەمەستەك
ئىدى . ئۇ كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرگەچ ھەمراھىنى قولتۇقلاپ :

— ئابىدە ، بۇ يەردە تۇرماي كىرىپ كېتەيلى ، — دېدى .

ئۇلار دەرۋازىدىن كىرىپ خىزمەت بىناسىغا قەدەم ئالدى . خىزمەت بىناسىغا كىرىشكە ئۇلارنى نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان بىر ياش يىگىت توسۇۋالدى :

— ھەي ، سىلەرنىڭ نېمە ئىشىڭلار بار ؟

ئېگىز قىز تەمكىنلىك بىلەن :

— بىز مەھكىمە باشلىقىنى ئىزدەيمىز ، — دەپ جاۋاب بەردى .

پاكار قىز بۇ جاۋابنى تولۇقلىماقچى بولغاي ، يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ چۈشەندۈردى :

— سىز مۇشۇ ئىدارىدا ئوخشىمامسىز ؟ بىز ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كېلىپ مۇشۇ ئىدارىغا بۆلۈندۇق . بۈگۈندىن باشلاپ بىز خىزمەتداش . ئىسمىم مېھراي ، ماۋۇ ئاغىنەمنىڭ ئىسمى ئابىدە .

نۆۋەتچى يىگىتنىڭ چىرايى بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى :

— ئوھۇ ، ياخشى بوپتۇغۇ ؟ ئىدارىمىزگە بىراقلا ئىككى چىرايلىق قىز كەپتۇ . قايسى مەكتەپنى پۈتتۈردۈڭلار ؟

— ھەر ئىككىمىز شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان .

ئېگىز قىزغا بۇ سۆھبەت خۇشياقمىدى :

— مەھكىمە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسى نەچچىنچى قەۋەتتە ؟

— ئىككىنچى قەۋەتتە ،— يىگىت شۇنداق دېگەچ پاكار قىزغا ، «سىز بىلەن ئۇزاقراق پاراڭلاشقۇم بار ئىدى » دېگەندەك قاراپ قويدى . پاكار قىز ئۇنىڭ بىلەن كۈلۈپ خوشلىشىپ ھەمراھىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى .

— بىسمىللىسىغا خەق بىلەن تونۇشۇپ يۈرۈيدىكەنسەن ،— دېدى ئابىدە ،— كېلەر - كەلمەي ئېچىلىپلا كەتسەڭ خەق نېمە دەيدۇ ؟

— نېمە دېسە دېمەمدۇ ؟— دېدى مېھراي ،— سەن ماڭا ئۆگەتمەي ئۆزۈڭنىڭ مىجەزىنى تۈزەت . ئەمدى چوڭ بولدۇق . مەكتەپتىكىدەك ھېچكىمگە ئارىلاشماي قاپاقنى تۈرۈپ يۈرسەڭ

قاملاشمايدۇ . ئىدارە دىگەندە ھەممە ئادەم بىلەن چىقىشىپ ئوبدان ئۆتمىسەك بولمايدۇ .

نۆۋەتچى يىگىت نىمىگىدۇر خۇشال بولغان ھالدا ئالدىدىن ئۆتكەنلىكى خىزمەتداشلىرىغا ئىدارىگە يېڭىدىن ئىككى قىز كەلگەنلىكىنى دەپ بەردى . بىردەمدىلا ئىدارىگە ئابىدە ، مېھراي دەپ ئىككى قىز كەلگەنلىكى تارقالدى . ئۆزىچىلا نۆۋەتچىلىك ئۇستىلىنىڭ ئەتراپىغا بىكارچىدىن بىر نەچچەيلەن يىغىلىپ ، يېڭى تېما تاپقانغا خۇش بولۇشۇپ ، ئىككى قىزنى باھالاپ تونۇنى پىچىپ بولدى .

پەلەمپەيدىن كېلىشكەن ياش سوتچى ئەنسەر چۈشتى . ئۇ بىر قولىدا دېلو ئارخىپلىرىنى كۆتۈرۈۋالغان ، يەنە بىر بېلىكىگە سوت ئاچقاندا كىيىدىغان ئۇزۇن قارا پىلاشنى ئارتىۋالغان ھالدا ئالدىراپ چۈشۈۋاتاتتى . سوت فورمىسى ئۇنىڭ تەنھەرىكەتچىلەردەك قاۋۇل بەستىگە بەكمۇ ياراشقان ، توم ، قارا قاشلىرى ، قويۇق چاچلىرى ھەم كىشىگە جىددىي تىكىلىدىغان ئۆتكۈر كۆزى خۇددى سوتچى بولۇشقىلا يارالغاندەك كىشىگە جانلىق ھەم كەسكىن خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ تۇراتتى . ئۇ ئولتۇرغانلارغا مۇنداقلا سالام قىلىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇۋىدى ، ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ چىشىغا تېگىپلا يۈرۈيدىغان شوپۇر مۇرات سۆز باشلىدى :

— بۈگۈن ئەنسەر سوتچى قالتىسقۇ ؟ چاچ دىگەننى قاتۇرۇپ تاراپ ، فورمىلىرىنى چېپىتەي كىيىپ باشقىچىلا بولۇپ كېتىپتىغۇ ؟

— شۇ ئىككى قىزنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلگەن گەپ ، ياخشى تەسىر قالدۇراي دەپتۇ ـ دە ؟

— كاللىسى ئىشلەيدۇ جۇمۇ…

ئەنسەر توختاپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى :

— ئەتىگەندە قىزلارنىڭ گېپىنى قىلىپ قاپسىلەرغۇ ؟ ئاخشام چۈشۈڭلارغا ئىككى قىز كىرگەن ئوخشىمامدۇ ؟

— ئاخشام چۈشۈمدە ئەمەس ، ئەتىگەن ئوغۇمدا كۆردۈم . شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن شۇنداق چىرايلىق ئىككى قىز مۇشۇ يەرگە بۆلۈندۈق ، دەپ كەپتۇ .

— شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى ؟— ئەنسەر دىققەتتە بولدى ،— مەن بىلەن مەكتەپداش ئىكەنغۇ ؟

— ئىشىڭ ئوڭ كەپتىغۇ ئەمىسە ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ بىرنى كەلتۈر . قاچانغىچە لايىق تاپالماي يۈرۈيسەن ؟ خىزمەتكە چىققىنىڭغىمۇ خېلى بولدى .

— خۇدايىم ساڭىلا ئەۋەتىپتۇ ، ۋاي ئېسىت ، بالدۇر توي قىلىپ ئاجرىشىپ ئولتۇرغىچە ساقلاپ تۇرسام بوپتىكەن ،— دېدى يەنە بىر شوپۇر .

— ساڭا تەييارلا تۇرىدىغان نەدىكى قىز ؟— دېدى ئەنسەر تېرىكىپ ، — قالايمىقان سۆزلىمەڭلار . شۇ قىزلارمۇ خاتىرجەم ئىشلىسۇن .

سوت بولغاچقا ئەنسەر ئالدىراپ كېتىپ قالدى . لېكىن ، نېمىشقىدۇر شۇ ئىككى قىز بىر يەردىن چىقىپ كېلىدىغاندەك ئەتراپلارغا قاراپ قويدى .

*　　　*　　　*

مېھراي بىلەن ئابىدە مەھكىمە باشلىقى مەنسۇرنىڭ ئىشخانىسى ئالدىغا كەلدى . ئىشىكنى مېھراي چەكتى . ئىچىدىن «كىرىڭ» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاۋۋال مېھراي ، ئاندىن ئابىدە تارتىنىپ كىردى . مەنسۇر ئۇلارغا مۇنداقلا بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن ئالدىدا تۇرغان بىرەيلەننىڭ قولىدىكى قەغەزگە ئىمزا قويدى ـ دە ، ئۇنىڭ بىلەن قايسىبىر قەرز دېلوسى ھەققىدە مۇنازىرىگە چۈشۈپ كەتتى . ئىككى قىز نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى . ئاخىر ، مېھراي جۈرئەتلىك بىلەن چەتتىكى

نەپىس ياسالغان ياغاچ ساپاغا كىلىپ ئولتۇردى ، ئابدەمۇ سىغدال-
دى . مەنسۇر ئەللىك ياشلاردىن ھالقىغان ، چېكە چاچلىرىغا ئاق
ئارىلىغان ئادەم ئىدى . لېكىن ، سالاپەتلىك كىيىنىشى ، مەغرۇر
ھالىتى بىلەن ئانچە قېرى كۆرۈنمەيتتى . بەزى ياشانغان باشلىق-
لاردەك قورساق سېلىپمۇ كەتمىگەن ، سۆزلىگەندە ئۇرغۇلۇق دا-
نىمۇ دانە سۆزلەيتتى . مېھراي ئامال بار باشلىقىقا بىرىنچى تەسىر-
نى ياخشى قالدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىگە تەربىيە كۆرگەن ئېسىل
سۇپەت خاراكتېر ياساپ مەغرۇر ئولتۇراتتى . ئابدە دېرىزە تەك-
چىسىدىكى كەم تېپىلىدىغان ئېسىل گۈللەرگە ، يېرىم تام كىتاب
ئىشكاپىغا لىق تىزىۋېتىلگەن ھەر خىل قانۇنغا دائىر قاتتىق
مۇقاۋىلىق كىتابلارغا قاراۋاتاتتى . مەنسۇر ئالدىدىكى ئادەمنى يول-
غا سېلىپ بولغاندىن كېيىن «نېمە ئىشىڭلار بار» دېگەندەك
تارتىنىپ ئولتۇرغان ئىككى قىزغا قارىدى . يەنىلا مېھراي ئاۋۋال
ئېغىز ئاچتى :

— بىز مۇشۇ ئىدارىگە بۆلۈنۈپ كەلدۇق . مانا بۇ كادىرلار
ئىدارىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشى .

مەنسۇر دەرھال بېشىنى لىڭشىتتى :

— توغرا ، توغرا خەۋىرىمىز بار ، ئالدىراشچىلىقتا ئۇنتۇپ
قاپتىمەن ، سىلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىڭلاردىن ئاللىبۇرۇن خەۋەر
تېپىپ بولغانتۇق . تازا ۋاقتىدا كەپسىلەر…

باشلىقنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىدىن ئىككى قىزنىڭ خېلىلا
كەيپى كۆتۈرۈلۈپ قالدى .

— ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىدىكى مەھكىمە باشلىقى
جاپپارنىڭ قىزى مۇشۇ يەرگە بۆلۈنۈپتۇ دەۋاتاتتى ،
قايسىڭلار ؟

— مەن ،— مېھراي مەغرۇر جاۋاب بەردى .

— ياخشى بوپتۇ ، جاپپار ئىككىمىز كونا قەدىناسلار ،—
مەنسۇر شۇنداق دېگەچ قىزلارنىڭ ئۇدۇلىدىكى ساپاغا كېلىپ

ئولتۇردى ھەم مېھراينىڭ ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ كەتتى. ياندا خىيالچان ئولتۇرغان ئابدەگە بولسا مۇنداقلا قاراپ قويدى.

— سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنى مەھكىمە رەھبەرلىكىدىن مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىپ بولغان. ھازىر مەھكىمىدە كاتىپ قىس، بولۇپمۇ يېزا سوتىغا. بىرىڭلار مەھكىمىدە قېلىپ جىنايى ئىشلار دېلوسىغا خاتىرە يازىسىلەر، يەنە بىرىڭلار قوشدۆڭ يېزىسىغا بارىسىلەر، ئارىلىق يىراق بولسىمۇ ياش بولغانلىقىڭىز ئىشلەيسىلەر.

بۇ گەپ بىلەن ھەر ئىككى قىز دەككە - دۈككىگە چۈشتى. ھەر ئىككىسىنىڭ ئەندىشىسى «قايسىمىزنى قوشدۆڭگە ئەۋەتەر» دېگەندە ئىدى. قوشدۆڭ شەھەرگە ئەللىك كىلومېتىردەك كېلىدىغان يىراق يېزا، مېھراينىڭ ئۇ يەرگە ھەرگىزمۇ بارغۇسى يوق. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئابدەدەك باكلاۋىرلىق ئۇنۋانى ھەم خىلمۇ خىل شەرەپ گۇۋاھنامىلىرىنىڭ يوقلۇقىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئابدە تېخى پارتىيە ئەزاسى. مېھراي مۇشۇلارنى ئويلاپ باشلىققا ئۈمىد بىلەن تىكىلدى.

ئابدە ئۈچۈن ئېيتقاندا يېزىدا ئىشلەش ھېچ گەپ ئەمەس. يىراق، ئۇ بەش يىلدىن بېرى يەككە - يېگانە، تىكەندەك يالغۇز ياشاپ كەلگەن ئانىسىنى ئويلايدۇ. ئۇنى يەنە يالغۇز تاشلاپ قويغۇسى يوق. ئۇنىڭ ئاشۇ جاپاكەش ئانىسىنىڭ ھالىغا يەتكۈسى، ئەجرىگە جاۋاب قايتۇرغۇسى بار. قوشدۆڭگە كەتسە بالىنىستىتا يېتىۋاتقان ئانىسىغا كىم قارايدۇ؟ ئابدە باشلىقنىڭ مېھراينىڭ دادىسى بىلەن قەدىناس ئاغىنە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئىككىسىنىڭ ئىش تەقسىماتىنى مۆلچەرلەپ بولدى. ئابدەنىڭ مۆلچىرى توغرا چىقتى.

مەنسۇر تېلېفون ئۇرۇپ بىر خەنزۇ ئايالنى چاقىرىپ كىردى ھەم ئۇنىڭغا:

— سىز بۇلارنىڭ ئىشخانىسىنى كۆرسىتىپ قويارسىز ،— دەپ تاپىلىدى ، ئاندىن قىزلارغا بۇرۇلۇپ ، — بۈگۈندىن باشلاپ ئۆز ئىشىڭلارغا چۈشىسەڭلار بولىدۇ . مېھراي ، سىز دېلو تۇرغۇزۇش كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈڭ . ئابىدە ، سىز قوشدۆڭ سوتىنىڭ كوللېگىيە باشلىقى رازاقنى تاپسىڭىز بولىدۇ ، ئىدارىدىلا ساقلاپ تۇرۇڭ . ئۇ ھېلىغىچە كېلىپ قالىدۇ ، — دېدى .

— باشلىق ، — دېدى ئابىدە ، — نەدىلا ئىشلىسەم مەن ئۈچۈن ئوخشاش ، بىراق ئانام ئېغىر كېسەل بىلەن بالىنىستىتا ئىدى ، بولسا بىرەر مەزگىل ئىدارىدە ئىشلەپ تۇرسام بوپتىكەن .

— كېلەر ـ كەلمەي جاپادىن قېچىپ ئۇ يەردە ئىشلىمەيمەن ، بۇ يەردە ئىشلەيمەن دېسەڭلار بولماس . تولا يالغان باھانە ـ سەۋەب توقۇماي مەن دېگەندەك قىلىڭ ، تېخى بۈگۈنلا كېلىپ قانداق دېگەن …

ئابىدە لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپلا قالدى . كۆزلىرىگە ياش ئولىشىپ يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى . مېھراي خۇشال ، ئابىدە مەيۇس ھالدا باشلىق ئىشخانىسىدىن يېنىپ چىقتى .

مەنسۇر كۆز ئالدىدىكى بۇ مەسىلىنى مۇشۇنداق ھەل قىلمايمۇ ئامال يوق ، ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىنىڭ قىزىنى قوشدۆڭ يېزىسىغا ئەۋەتىۋەتكىلى ئەسلا بولمايتتى . ئىدارىدە ئىشلەۋاتقان كاتىپ قىز گۈزەلنۇر يېزىلىق سوتتا ئۈچ يىل ئىشلەپ ، يىغلاپ يالۋۇرۇپ تېخى يېقىندىلا ئىدارىگە يېنىپ كەلگەنىدى . ئۇنى يەنە يېزىغا ھەيدىگىلى بولمايتتى . ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان شۇنداق بىر قىسمەت بىلەن بۇ ئىدارىدە ئىشلەپ قالغان گۈزەلنۇر خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي چاتاق تېرىپلا يۈرەتتى . ئۇنىڭدىن ھەممە سوتچى قاقشايتتى ، ماۋۇ مېھراي دېگەننىڭمۇ دىپلومى خېلى كېچىكىپ كەپتۇدەك . تۇرقىدىن گۈزەلنۇرنىڭ قوشمىقىدەك تۇرىدۇ . قانداق بولاركىن ؟ مەنسۇر چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ كەتتى .

* * *

ئىككى قىز مەھكىمە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ پەلەمپەيدىن چۈشتى . نۆۋەتچىلىك ئۈستىلى ئەتراپىدا ھېلى كۆرۈشكەن نۆۋەتچى يىگىت ۋە يەنە بىر نەچچەيلەن تېخىچىلا پاراڭلىشىپ تۇراتتى . مېھراي خۇددى كونا تونۇشلاردەك ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆرۈشۈپ نۆۋەتچى يىگىتكە :

— مېنى دېلو تۇرغۇزۇش كوللېگىيىسىدە ئىشلەيسىز ، دەيدۇ ، سوتتا خاتىرە يازغۇدەكمەن ، يېڭىياچىلىقتا ئىشلار بولسا ئۆگەتكەچ تۇرارسىلەر !

يىگىتلەرنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا كەتتى :

— ئۆگىتىشۋالمىساق بولمايدۇ ، ئاران كەلگەندە...

— ئوبدان يەرگە كىرىپسىز ، تەبرىكلەيمىز .

— كۆنۈپ قالىسىز .

مېھراي خەنزۇ ئايالنىڭ باشلىشى بىلەن بىر تەرەپكە كەتتى . ئابىدەنىڭ ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالغۇدەك رەۋىتى قالمىدى . ئۇ مەيۈس ھالدا ئىدارە دەرۋازىسى ئالدىغا چىقتى . مەھكىمە سەيناسىدا ھەر خىل كىشىلەر ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشىپ يۈرەتتى . ئابىدە مەھكىمە باشلىقىنىڭ مۇئامىلىسىدىن ئۆزىگە ئۇۋال بولغاندەك ھېس قىلدى . ئۇنىڭ جاپادىن قورقۇپ يالغان باھانە - سەۋەب كۆرسەتكىنى يوق . تىكەندەك يالغۇز ئانىسىنىڭ كېسەلچانلىقى راست . ئۇنىڭ مەكتەپتە شۇنچە ياخشى ئوقۇغىنى ئېتىۋارغىمۇ ئېلىنمىدى . ئەكسىچە ، مېھرايدەك بەش يىلنى ئويۇن - كۈلكە ، يىگىت تاللاش بىلەن ئۆتكۈزگەن ، ھەتتا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي دىپلومنىمۇ ناھايىتى تەستە ئالغان ئادەم باشلىقنىڭ قىزى بولغانلىقى ئۈچۈن قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشتى . «ئازاب ، خاپىچىلىق ، تەلەيسىزلىك ماڭىلا كېلىدىغان ئوخشايدۇ . كىچىكىمدىن قىيىنچىلىق ، جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتتۈم .

تەقدىرىمنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشتىم ، لېكىن ماڭا نېمىشقا خۇشاللىق نېسىپ بولمايدۇ . مېهراي بولسا راھەت ـ پاراغەتتە چوڭ بولدى . قاچانلا قارىسا ئويۇن ـ كۈلكە ئىچىدە قاقاقلاپ كۈلۈپ يۈرگەن ، بىرەر قېتىم مەيۈسلەنگىنىنى بىلمەيـ ـمەن . مەنمۇ نېمىشقا شۇنىڭدەك ئىچ ـ ئىچىمدىن ئېچىلىپ كۈلەلمەيدىغاندىمەن ؟ »

ئابدەننىڭ كۆزىگە يەنە ئۇلىشاي دەپ قالدى . ئۇ قوشدۆڭ سوتىنىڭ كوللېگىيە باشلىقىنى ساقلاپ ئىدارە سەيناسىدىكى بىر ئاكاتسىيە دەرىخى ئاستىغا قويۇلغان ئۇزۇن ئورۇندۇققا كېلىپ خۇددى سوتتا يېڭىلىپ قالغان دەۋاگەردەك بېشىنى سىلىپ غەمـ ـكىن ئولتۇردى .

— ئابدەمۇسىز ؟— تۇيۇقسىز يېنىدىلا ئاڭلانغان ئاۋاز ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى . ئابدە بېشىنى كۆتۈرۈپ سوت فورمىسى كىيگەن ، كېلىشكەن يىگىتنى كۆردى .

— ئەنسەر ،— ئابدە قانداقلارچە تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى سەزـ ـمىدى . شـۇنچە يىلـدىن بېـرى خىيالـەن سىردىشىپ ، خىيالەن دەرد ـ مۇڭىنى تۆكۈپ دىدارىغا تەشنا بولۇۋاتقان سۆيۈملۈك ئادىمىنى مۇنداق تۇيۇقسىز ، كۈتۈلمىگەندە ئۇچرىتىپ قېلىش ئۇنى ئەس ـ ھوشىدىن ئايرىغۇدەك ھاياجانغا سالغانىدى . ئەنسەرـ ـنىڭ ھاياجىنىمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى . ئۇلار خۇددى ئالىي مەكتەپنىڭ بوككىدە ئۆسكەن ئاكاتسىيە دەرەخلـىرى ئـارىسـدا قارىشىپ تۇرغاندەك بىر پەس قارىشىپ قالدى .

— ئىدارىمىزغا بۆلۈنۈپ يېڭىدىن ئىككى قىز كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ سىزنىڭ كېلىشىڭىزنى شۇنداق ئارزۇ قىلغانىدىم .

— سىز مۇشۇ ئىدارىدىكەنسىز ـ دە ؟ سىزنى ئۇچرىتارمەن دەپ پەقەت ئويلىماپتىمەن .

— ئەمدى بىللە ئىشلەيدىغان بولدۇق . تەقدىر ھەر نېمە بولسا بىزنى ئاخىر ئۇچراشتۇردى .

— مېنى قوشدۆك سوتىغا بارىسىز دەيدىغۇ؟

— نېمە؟ قوشدۆك سوتىغا، كېلەر - كەلمەستىن نېمىشقا قوشدۆككە بارغۇدەكسىز؟ ئۇ يەرگە ئىدارىدىكى بىكارچى ئوغۇللاردىن بىرىنى ئەۋەتسە بولاتتىغۇ؟ سىزنى ئەسلىدە مەخسۇس قارشى ئالساق بولاتتى. ئىدارىمىزدا مانا ئەمدى راۋۇرۇس ئىقتىدارلىق كادىردىن بىرى پەيدا بولدى.

— ئىدارىدە قىلغۇدەك ئىش يوقكەن. مېھراي سوتتا خاتىرە يازىدىغان ئوخشايدۇ.

— قايسى مېھراي؟

— كۆرسىڭىز تونۇيسىز، بىزنىڭ سىنىپتىكى ھېلىقى يۇرتلۇقلار ئولتۇرۇشىدا ناخشا ئېيتىدىغان شوخ قىز.

— ئەسلىدە سىزنى ئىدارىدە ئېلىپ قالسا بوپتىكەن. كاتىپ ياخشى بولمىسا سوتچىنىڭ ئىشىمۇ ئاقسايدىكەن. بوپتۇ، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، ئاز كۈنگە قالماي ئىدارىدىكىلەر ئىقتىدارىڭىزدىن ھەيران قالىدۇ.

ئابىدەگە باشتىلا مەھكىمە باشلىقىغا سەت كۆرۈنۈپ قېلىش ئېغىر كەلگەنىدى.

— جەمئىيەت مەكتەپكە ئوخشاشمايدىكەن، مەن يېزىدا ئىشلەشتىن قورقمايمەن. ئۇمۇ ئوخشاشلا ئۆزۈم سۆيگەن كەسىپ، لېكىن بىچارە ئانام يەنىلا يالغۇز قالىدىغان بولدى.

— ئازراق ۋاقىت ئىشلەپ تۇرۇڭ، كېيىنچە مەن مەنسۇركامغا ئەھۋالىڭىزنى ئېيتىپ باقاي.

ئارىنى بىر پەس جىمجىتلىق باستى. ئابىدە يەر تېگىدىن ئەنسەرنىڭ رەتلىك فورما كىيگەن، بۇرۇنقىدىن كۆپ سالاپەتلىك بولۇپ كەتكەن تۇرقىغا قاراپ قويدى.

— چۈشتە بىللە تاماق يەيلى، — دېدى ئەنسەر، — بىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانلىقىمىزنىڭ يۈزى، تاماق يېگەچ پاراڭلىشايلى.

— ئۇنداق قىلغىنىمۇ ۋاقىت چىقار ، — دېدى ئابىدە ، — ئاپام بالىنىستىتا ئىدى . چۈشتە شۇ يەرگە بارىمەن .

— بوپتۇ ئەمىسە ، باشقا كۈنى تاماق يەمىز .

ئۇلار پاراڭلاشقاچ قوشدۆڭ سوتىنىنىڭ كوللېگىيە باشلىقىنى ساقلىدى . ئەنسەر ئۇنى ئىشخانىغا تەكلىپ قىلدى .

— ئابىدە ، بىزنىڭ ئىشخانىدا ئولتۇرغاچ ساقلىسىڭىزمۇ بولىدۇ ، كىم بىلىدۇ ، كەلمەمدۇ تېخى ، ئىدارىنىڭ ئىشخانىلىرىنى بىر ئەر قۇر كۆرۈپ باقامسىز ؟

بۇ تەكلىپكە ئابىدە قوشۇلدى . ئەنسەر ئۇنى ئىشخانىغا باشلىغاچ سوتخانا ، يىغىن زاللىرىنى بىر ئەر قۇر تونۇشتۇردى . ئىشخانىدا ئۇلار ئىككى سائەتچە پاراڭلاشتى . ئالىي مەكتەپنى ئەسلەشتى . ئابىدە هازىر خۇشال ، روهلۇق ئىدى . باشتىكى خاپىلىقى ئەنسەرنى كۆرۈش بىلەن خۇشاللىققا ئالماشتى . ئەنسەر بىلەن كۆرۈشۈپ ، بىر ئىدارىدە ئىشلەشنىڭ خۇشاللىقى ئالدىدا باشقا خاپىلىقلارنىڭ كارى چاغلىق ئىدى . ئىشقا چۈشۈپ بىرىنچى كۈنى شۇنداق ئۆتتى .

# ئىككىنچى باب

# ناتىۋان ئانا ـ بالا

ئابىدە گەرچە رەسمىي ئىشقا چۈشمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن باشقا كادىرلار ئىشتىن چۈشكەن ۋاقىت بىلەن تەڭ ئۆيگە قايتتى . ئەتىگەن مېھراي بىلەن كادىرلار ئىدارىسىدە كۆرۈشۈپ سوت مەھكىمىسىگە ئاپتوبۇستا بارغانىدى . ئەمدى پىيادە ئۆيگە قايتىدۇ. ۋاقتان ئابىدە بىر ۋېلىسىپىت ئالمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئابىدەنىڭ ئۆيى بار يەرگە ئاپتوبۇس قاتنىمايتتى . لېكىن ، شۇ ۋېلىسىپىتنىمۇ قايسى پۇلغا ئالىدۇ ؟ بىر ئايلىق مائاشى ئانىسىنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىش ئالدىدا ياماقمۇ بولماس . توغرا ، ئۇ تېخى ئەتىدىن باشلاپ قوشدۈڭگە بارىدۇ . ئۇ يەرگە ئىدارىنىڭ ماشىنىسىدا بارسا بولىدۇ . لېكىن ، ئابىدە قوشدۈڭگە كەتسە ئانىسىغا كىم قارار . بىر ـ بىرىدىن كۆڭۈلسىز گادىرماش خىياللار ئۇنىڭ كاللىسىنى چىرمىۋالدى ، بىراق ھازىر كۆڭلىنى يېرىم قىلىپ خىيال سۈرىدىغان چاغ ئەمەس . ئانىسىغا تاماق ئەپىرىش ، يەنە ئىدارىغا ئۈلگۈرۈپ بېرىپ ھېلىقى قوشدۈڭ سوتىنىڭ باشلىقىنى نەدىنلا بولمىسۇن تېپىش كېرەك .

ئابىدە ئۆيگە يۈگۈرگەندەك كەلدى . ئۇنىڭ ئۆيى شەھەرگە يېقىن بىر مەھەللىدە ئىدى . كىچىك چاغلىرىدا ئۇنىڭ ئۆيى باراقسان ئۈزۈم باراڭلىق ، گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ تۇرغان چىرايلىق ھويلا ئىدى . ھازىر مەھەللە ئۆزگىرىپ شەھەرگە تەۋە بولۇپ يېرىمىغا بىنالار سېلىنىپ كەتكەن . ئابىدەنىڭ ئۆيى بولسا

ئېگىز بىنالار يېنىدا قۇرۇلۇشقا توغرا كەلمەي چېقىلماي تۇرۇپ
قالغان بىر قاتار ئۆيلەرنىڭ بىرى ئىدى . ئۇ ئۆيلەر ھەيۋەتلىك
بىنالار يېنىدا تولىمۇ غېرىبانە كۆرۈنەتتى . ئۈزۈم باراڭلىرى
ئالدىقاچان قۇرۇپ كەتكەن ، كېسەك تاملارنىڭ سۇۋاقلىرىمۇ كۆ-
نىراپ ، زامانغا ماسلاشمايلا قالغانىدى . لېكىن ، بىچارە ئانىدا
نېمە ئەيىب ؟ كېسەلچان ئانا مۇشۇ ئۆيدە ئابدەنى بېقىپ چوڭ
قىلدى ، ئاشۇ كىيىم تىككۈچىلىكتىن كىرىدىغان ئازغىنە كىرىم
بىلەن يالغۇز قىزىنى ئالىي مەكتەپتە بەش يىل ئوقۇتتى . بۇ بەش
يىل جەريانىدىكى قىيىنچىلىق ، موھتاجلىقنى پەقەت بىر خۇدا ،
بىر ئانا ـ بالا ئىككىيلەنلا بىلىدۇ . ئايىمخان شۇنچە تىرىشسىمۇ ،
لېكىن ھازىر بۇرۇنقىدەك كىيىم تىككۈزىدىغانلار ئازلاپ كەتكەنى-
دى . بازاردىكى سېتىلماي باھاسى كۈندىن ـ كۈنگە چۈشۈپ
كېتىۋاتقان تەييار كىيىملەرنىڭ جىقلىقىدا كىممۇ كىيىم تىككۈ-
چىگە كىيىم بۇيرۇتسۇن ؟ بىچارە ئانا ئابدەنىڭ ئاخىرقى يىللىرى-
نى كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە قاتتىق ـ يىرىك ئىشلارنى قىلىپ ،
باشقىلارنىڭ ئېتىزىدا ئىشلەپ ، يىغلاپ ـ يالۋۇرۇپ قەرز ئېلىپ
دېگەندەك ئاران توشقۇزدى . ئۆزى ئاغرىپ يىقىلىپ قالغان ھالەت-
تىمۇ ئابدەنىڭ ئوقۇشنى تاشلاپ قويۇشىغا يول قويمىدى . مانا ،
ئابدە ئاخىر ئوقۇش پۈتتۈردى .

خىيالى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئابدە ئىشىك ئالدىغىلا كېلىپ
قالغانىدى . ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ ئالدىراپ ئۆيگە كىردى . ئۆيى
ئاددىي بولسىمۇ ، ناھايىتى پاكىز ، رەتلىك ئىدى . ئانىسى چېۋەر
قولللىرى بىلەن ئاددىي رەختلەردىن نەپىس پەردىلەرنى تىكىپ ،
ھەرخىل تور ياپقۇچلارنى توقۇپ ئۆينى ھەر ھالدا ئادەمنىڭ كۆڭ-
لى ئېچىلىپ قالغۇدەك تۈتقانىدى . ئابدە قۇشتەك چاققان ھەرى-
كەتلىرى بىلەن تاماق ئېتىپ كورىغا قاچىلىدى ـ دە ، دوختۇرخا-
نىغا چاپتى . ئانىسىنىڭ ئوكۇلى تۈگىگەن بولۇپ ، قىزىنىڭ يولى-
غا قاراپ ياتقانىدى . قىزىنى كۆرۈپلا ئانىسىنىڭ چىرايى

ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتتى .

— قانداق قىزىم ، ئىدارىگە باردىڭىزمۇ ؟

— هەئە ، باردىم ئانا .

— قانداقكەن ؟ ئىشقا چۈشىدىغان بولدىڭىزمۇ ؟

— هەئە ، بۈگۈندىن باشلاپلا ئىشقا چۈشتۈم . خىزمەتداشلىرىممۇ ئوبدانكەن .

— شۇنداقمۇ ، ئەجەب ياخشى بولدى قىزىم . ئاخىر پۈتۈن ئادەم بولدىڭىز ، — ئانىنىڭ كۆزى نەملەندى ، — كېچە - كۈندۈز سىزنىڭ بەختىڭىزنى تىلەيتتىم قىزىم . ياخشى ئىشلەڭ ، ئاخىر كادىر بولدىڭىز .

ئانا قىزىنى باغرىغا بېسىپ پېشانىسىدىن سۆيدى . ئايىمخان قىرىق بەش ياشلارغا كىرگەن بولسىمۇ ، لېكىن جاپا - مۇشەققەتلىك رەھىمسىز تۇرمۇش ئۇنىڭ گۈزەل چىرايىغا چوڭقۇر ئىز سالغانىدى . چېكە چاچلىرى ئاقىرىشقا باشلىغان ، قەددى مۈكچەيگەن بولسىمۇ ، قارىلىغاچ قانىتىدەك قاپقارا ئەگىم قېشى ، ئۇزۇن كىرپىكلەر ئارىسىدىكى بۇلاقتەك كۆزى ، ئىلىپتەك تۈز بۇرۇنلىرىدىن ياش ۋاقىتلىرىدا ناهايىتىمۇ گۈزەل ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى .

ئابدەمۇ ئۆزىنى ئامال بار خۇشال تۇتۇشقا تىرىشىپ ئەتىگەنكى مەھكىمە باشلىقى بىلەن بولغان كۆڭۈلسىز سۆھبەتنى ئانىسىغا دېمىدى .

— سىزچۇ ، تاماق يېدىڭىزمۇ ؟— دېدى ئانىسى ئۇ ئۇسۇپ بەرگەن ئاشنى ئىچىۋېتىپ .

— ياق ، سۈيۈقئاش ئۇزۇن تۇرۇپ قالسا قويۇلۇپ كېتىدىكەن . قازاندىن ئۇسۇپلا ئەكەلدىم . سىز بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ئىچەي .

ئىككىسى ئولتۇرۇپ بىللە سۈيۈقئاش ئىچكەندىن كېيىن ، ئابدە سائەتنىڭ توشۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئىدارىگە بېرىش ئۈچۈن قوزغالدى .

— مەنمۇ ياتاقتىن چىقىپ كېتەي دەيمەن، — دېدى ئايىمخان ئويچان هالدا، — خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم، ئەمدى ئۆيدە كۈتۈنسەممۇ بولىدۇ.

لېكىن، ئانىنىڭ ياتاقتىن چىقىپ كېتىمەن دېيىشى كېسىلىنىڭ ياخشىلىنىپ كەتكەنلىكىدىن بولماستىن، دوختۇرخانىغا تاپشۇرىدىغان پۇلنىڭ تۈگەپ كەتكەنلىكىدىن ئىكەنلىكى ئابدەگە ئايانىدى. ئۇ ئانىسىنى دوختۇرخانىدا يېتىۋېرىشكە قىستىغان بولسىمۇ، لېكىن قايسى پۇل بىلەن ياتقۇزۇش ئۆزىگىمۇ قاراڭغۇ ئىدى. ئابدە ئانىسىنىڭ يېشى قىرىق بەشكە بارماي تۇرۇپلا يول - يول قورۇقلار چۈشكەن چېهرىگە، ئورۇقلاپ ئاجىزلاپ كەتكەن تۇرقىغا قاراپ بىردىنلا ئىچ - ئىچىدىن يىغا قاپسىدى. يىغلاپ سالماسلىق ئۈچۈن ئانىسىغا خوش ئېيتىپلا ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

ئابدە ئاپتوبۇسقا كېتىدىغان بىر يۈەننى تېجەش ئۈچۈن ئىدارىگە پىيادە مېڭىپ كېلىپ قارا تەرگە چۆمۈپ كەتتى. ئىدارىگە كېلىشى بىلەنلا مېهراي ئېسىل بىر قارا پىكاپتىن چۈشۈپ كەلدى. ئۇ ئابدەنى كۆرۈپ توختىدى ھەم خۇشال هالدا:

— قارا، يانفونۇم چىرايلىقمىكەن؟ دادام ئىشقا چۈشكەنلىكىمنى تەبرىكلەپ ئېلىپ بەردى، — دەپ ماشىنىدا ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغان شوپۇرغا بۇرۇلدى، — كەچتە مېنى ئالغىلى كەلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. دادامغا مېنى ئىشى چىقىپ قاپتۇ دەپ قويۇڭ.

مېهراي ئابدەنى قولتۇقلىۋالدى. ئۇنىڭدىن ئەتىرنىڭ خۇشبۇي ھىدى گۈپۈلدەپ كېلىپ تۇراتتى. بويۇن - قۇلاقلىرىدىكى ئېسىل زىبۇ زىننەتلەر كۆزنى چاقاتتى.

— كوللېگىيە باشلىقى بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ؟ — دېدى مېهراي.

— ياق، ئۇ ئادەم ئەتىگەندىن قارىسىنى كۆرسەتمىدى.

— يۇرە ، مەن ساڭا سوتخانىنى كۆرسىتىپ قوياي . بىز كاتىپلار سوتخانىدىلا ئولتۇرىدىكەنمىز . تاماملانغان دىلو ئارخىپىد-نى تۇپلەيدىكەنمىز .

مېھراي ئابىدەنى سوتخانىغا سۆرەپ دېگۇدەك ماڭدى .

— قارا ئابىدە ، مەن تېخى يېڭى دوستمۇ تېپىۋالدىم . ئىسمى گۇزەلنۇر ، ساڭا تونۇشتۇرۇپ قوياي . ئۇمۇ كاتىپ .

مېھراي ئۇنى ياندىكى چوڭ سوتخانا ئالدىغا ئەكېلىپ ئىشىك-نى ئاچتى . شۇندىلا ھەيۋەتلىك چوڭ سوت زالى ئابىدەنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندى . سوتخانا ھەقىقەتەن ھەيۋەت ئىدى . ئابىدە سوت ئۇستىلىدىكى باش سوتچى ، سوتچى ، ئاقلىغۇچى ، ئەيىبلى-گۇچى ئىسىملىرى يېزىلغان تاختايلارغا سۆيۈنۈش ئىچىدە قارى-دى . سوتخانىغا يەنە سوتنى سىرتتىن ئاڭلىغۇچىلار ئۇچۇن قو-يۇلغان ئەللىكتەك تۇتاش تۆمۇر ئورۇندۇق ، ھاۋا تەڭشىگۇچ قاتارلىق ھەممە نەرسە تەل ئىدى . مانا بۇلار ئابىدە ئۇزۇندىن بېرى ئارزۇلاپ كەلگەن سوتخانا ئىدى . ئۇ بىر كۇنلەردە سوتچى بولۇپ مۇشۇنداق ھەيۋەتلىك سوتخانىدا سوت ئېچىشنى قانچىلىك ئارزۇلىغان ـ ھە ؟ لېكىن ھەممە ئىش كاتىپلىقتىن باشلىناتتى . ئۇنىڭ قاچان سوتچى بولالىشىغا ھېچكىم بىر نەرسە دېيەلمەيتتى .

— گۇزەلنۇر قېنىدۇ ؟ — دېدى مېھراي .

— مانا مەن ،— بىر قىز شۇنداق دەپلا سوت ئۇستىلىنىڭ ئاستىدىن چىقتى . ئېھتىمال ، كىيىم ئالماشتۇرغان بولسا كې-رەك ، سوت فورمىسىنىڭ تۇگمىسىنى تېخىچە ئېتىۋاتاتتى .

— ۋېيەي ، نېمە ئىش قىلىۋاتاتتىڭ ئۇستەل تېگىدە ؟— دېدى مېھراي . ئۇلار يېرىم كۇندىلا سەنلىشىپ بولغا-نىدى .

— شۇ ، كىيىم يەڭگۇشلەپ ، سوت ئاچقاندا چوقۇم فورما كىيىمسەڭلار بولمايدۇ دەپ ئادەمنىڭ ئىچىنى سىققان ، ئىسسىقتا بۇ كىيىمنى يا ئادەمنىڭ كىيگۇسى كەلمىگەن .

گۈزەلنۇر تۇگمىسىنى ئېتىپ بولۇپ ، كىيىم ئالماشتۇرغاندا
سالۋاراپ كەتكەن ساپسېرىق چېچىنى ئارقىغا تاشلىدى . شۇندىلا
ئابىدە ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆردى . قىز ئاق سېرىق ، كۆك
كۆز ئىدى . تېخىمۇ سارغايتىپ بويۇۋالغان چېچى بىلەن ئۇ خۇد-
دى رۇس قىزلىرىغىلا ئوخشايتتى . ئورۇق بەستىگە سوت فورمى-
سى خېلى ياراشقان بولسىمۇ ، لېكىن ھەيۋەتلىك فورما سالۋارد-
غان سېرىق چاچ ، قويۇق گىرىم بىلەن ماسلاشماي قالغانىدى .
گۈزەلنۇرمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئابىدەنىڭ ئوقۇغۇچىدەك ئاددىي كى-
يىملىرىگە ، گىرىمسىز يۈزىگە مۇنداقلا قاراپ قويدى .

— سىلەرنى تونۇشتۇرۇپ قوياي . بۇ ، گۈزەلنۇر ، ئۇ ، مەن
بىلەن بىللە كەلگەن ساۋاقدىشىم ئابىدە .

ئىككى قىز سۇسلا سالاملاشتى . ئابىدە مۇنداق يەرگە كەل-
گەندە مېھرايدەك گەپ تېپىپ قىلالمايتتى ، شۇڭا ئۇ كاتىپ
ئولتۇرىدىغان ئۇستەل ئۇستىگە تاشلاپ قويۇلغان بىر پارچە ئار-
خىپنى قولىغا ئالدى .

— ۋىيەي ، كۆرمەڭ ،— دېدى گۈزەلنۇر ، — خېتىم بەك
سەت ، سىلەردەك ستودېنتلار ئالدىدا خىجىل بولىمەن .

— بىز بەرىبىر بىللە ئىشلەيمىزغۇ ، — دېدى ئابىدە دېلو
تېشىدىكى مۇندەرىجىگە قاراپ . ئارخىپ تېشىدىكى جەدۋەللەر ئال-
دى تەرىپى ئۇيغۇرچە ، ئارقا تەرىپى خەنزۇچە تولىمۇ سەت پوچېر-
كا بىلەن توشقۇزۇلغان ، خەنزۇچە خەتلەر سەت بولغانىنىڭ ئۇستى-
گە تولىسى خاتا ھەم كۆلكىلىك يېزىلغانىدى .

— ئىدارىدە ياش قىزدىن مەنلا بار ئىدىم ،— دەپ گەپ
باشلىدى گۈزەلنۇر چېچىنى تۈزەشتۈرگەچ ، — قالغانلىرى ساپ
قېرى ئاياللار . ھېلى چېچىڭىزنى بويىماڭ دېگەن ، ھېلى زىبۇ
زىننەت ئاسماڭ دېگەن ، ئادەمگە قېينانىلىق قىلىپ ھارغۇزۇۋېتى-
دۇ . ئۆزلىرى ياسىنالمىغاندىكىن ياش قىزلارنى كۆرەلمەيدىغان

گەپ ، ئەمدى سىلەر كەلدىڭلار ھەر نېمە دېگەنبىلەن ئۈچ قىز بولدۇق ، زېرىكمەيمىز .

— ئوغۇللار كۆپ ئوخشىمامدۇ ؟ — مېھراي شوخلۇق بىلەن سورىدى .

— كۆپلۈكىغۇ كۆپ ، لېكىن ھېچقايسىسىنىڭ تايىنى يوق . تايىنى باردىن پەقەت بىرىلا بار . بۇ مەھكىمە بويىچە ئەڭ ياش ، ئىقتىدارلىق سوتچى . ئۆزىمۇ كېلىشكەن ، يېقىندا مۇئاۋىن كول-لېگىيە باشلىقى بولۇپ ئۆستى . كىم بىلىدۇ ، ئىككىڭلاردىن بىرەرىگە كۆزى چۈشۈپ قالامدۇ تېخى ،— دېدى گۈزەلنۇر شوخ-لۇق بىلەن چاقچاق قىلىپ .

— سىز نېمىشقا يۇرمىدىڭىز ئەمىسە ؟ — دېدى مېھراي .

— بىز ئۇنداق يۇقىرى سەۋىيىدىكىلەر بىلەن ماسلىشالماي-مىز ، ئۇمۇ بىزدەكلەرگە ئېرىپ كېتىدىغانلاردىن ئەمەس .

گۈزەلنۇرنىڭ مىجەزى مېھراي بىلەن بىر قېلىپتا قۇيغاندەك ئوپمۇ ئوخشاش ئىدى ، شۇڭا يېرىم كۈندىلا ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ كەتكەنىدى .

— چۈشتىن كېيىن سوت بارمۇ ؟— دەپ سورىدى ئابىدە .

— بار . زەخمىلەندۈرۈش دېلوسى ، سوتچى ھازىرلا كېلىدۇ .

دېگەندەك ، بىردەمدىلا سوتخانىغا ئەيىبلىگۈچى ، ئاقلىغۇچى ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ، سىرتتىن ئاڭلىغۇچىلار بولۇپ ئادەملەر لىق تولدى . ئابىدەنىڭ سوتنى بىر ئاڭلاپ باققۇسى كەلدى . ھېلىقى قوشدۆك سوتنىڭ باشلىقى بۈگۈنكى كۈندە كېلىدىغاندەك ئەمەس ، شۇڭا ئۇ سىرتتىن ئاڭلىغۇچىلار ئارىسىغا قېتىلىپ ئولتۇردى . سوتچى ئەنسەر كىرىپ كەلدى ، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قاراشتى . ئەنسەر ئەتىگەندىكىدەك فورمىسىنى رەتلىك كىيگەن ، تەمكىن قىياپەتتە ئىدى . ئەنسەر سوت مۇنبىرى-گە چىقىپ باش سوتچى ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى . جاۋابكار تېخى

تۇرمىدىن ئېلىپ كېلىنمىگەچكە سوت باشلاشقا خېلى ۋاقىت بار ئىدى . تېخى بايىلا ئۈچ قىز چاقچاقلىشىپ ئولتۇرغان سوتخانا بىردەمدىلا سۈرلۈك تۈس ئالدى . ئەنسەر تۆۋەندىكىلەرگە مۇنداقلا نەزەر تاشلاپ ئابىدەنى كۆرۈپ قالدى . كۆزلىرى ئۇچرىشىپ باش لىڭشىتىپ قويۇشتى ، ئۇنىڭغا قاراپ تىكىلىپ تۇرۇپلا قالغان مېھراي سورىدى :

— ئۇنىڭ بىلەن قاچان تونۇشتۇڭ ، قاپاقنى تۇرۇپ ، بېشىڭ-نى ئىچىڭگە تىقىپ يۈرگەن بىلەن چاققان چىقىپسەنغۇ .

— ئۇ بىزنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغان . بىز ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىدا بىللە ئىشلىگەن ، پارتىيىگىمۇ بىللە كىرگەن . بۇ-رۇندىن تونۇشىمىز .

— مۇنداق - دە ،— دېدى مېھراي ،— ئەجەب تونۇمايدىكەن-مەن . تازا قاملاشقان بالىكەن .

جاۋابكار ئېلىپ كىرىلىپ سوت باشلاندى . ئەنسەرنىڭ سوت ئېچىشى ئىنتايىن سالماق ، تەرتىپلىك بولۇپ ، ئاۋازىنىڭمۇ ۋەزد-نى بار ئىدى . دېلو ئەھۋالى خېلى مۇرەككەپ بولغىنىغا قارىماي ئەنسەر ئەستايىدىللىق بىلەن ھەق - تەلەپ قىسمىدا تەرەپلەرنى ئوڭۇشلۇق كېلىشتۈردى ھەم سوتنى تۈگەتتى . سوت تۈگەپ باش-قىلار چىقىپ كەتتى . سوتخانىدا ئابىدە ، مېھراي ، گۈزەلنۇر ھەم ئەنسەرلا قالدى . ئەنسەر بۈگۈن تولىمۇ خۇشخۇي كۆرۈنەتتى . ئۇ ئۇدۇل ئابىدەنىڭ يېنىغا كەلدى .

— سوتقا سىزنىڭ قاتنىشىدىغانلىقىڭىزنى بىلسەم ئالاھىدە تەييارلىق قىلاركەنمەن . قانداق ، سوت ئېچىشىمنى مازاق قىلمىد-غانسىز ؟

— ياقەي ، شۇنداق ياخشى ئاچتىڭىز . سىزگە قاراپ ھەۋد-ىسىم كەلدى ، بىز قاچان سىزدەك سوتچى بولارمىز .

— بىز بولغان يەردە سىز چوقۇم بولىسىز ، ئەتە - ئۆگۈن بىزنىمۇ بېسىپ چۈشەرسىز ،— دېدى ئەنسەر . ئۇ بۇ گەپلەرنى

چاقچاق ئەمەس ، چىن كۆڭلىدىن قىلىۋاتاتتى . ئـەنسەر بۇ ئىقتىدارلىق تىرىشچان قىزغا ھەقىقەتەن قايىل ئىدى .
— قوشدۆك سوتىنىڭ باشلىقىنى تېخىچە تاپالمىدىم ،— دېدى ئابىدە ئەنسەرگە .
— ھەي ، بۇ رازاقكامزە ، يۈرۈك ، مەن ئىزدىشىپ بېرەي .
ئىككىسى ياندىشىپ چىقىپ كەتتى . گۈزەلنۇر ھەيرانلىق بىلەن مېھرايغا قارىدى :
— ۋۇي ، يېڭىلىققۇ ؟ قىزلارغا چىراي ئاچمايدىغان ئەنسەر ئابىدەگە ئەجەب خۇشامەت قىلىپ كەتتا .
— ئۇ دېگەن ھەقىقىي كوممۇنىست ،— دېدى مېھراي ،— مەكتەپتە ئۆگىنىشى ئالاھىدە ياخشى ئىدى . مىجەزىغۇ ئوبدان ، لېكىن ھەددىدىن زىيادە ئاكتىپ .
— تۇرقىدىن شۇنداقتەك قىلىدۇ ،— دېدى گۈزەلنۇر ،— ئەنسەرنى كەلتۈرۈۋالامدۇ تېخى .
— ئۇنداق دېمە ،— دېدى مېھراي ، — ئەنسەرنى كۆرۈۋېلا ماڭا ئوت چۇشتى . مەن ئۇنى بىر ئامال قىلىپ كەلتۈرىمەن .
— تەس .
ئىككى شوخ قىز بۇ چاقچاقلاردىن كۇلۇشۇپ كەتتى . مېھ-ىراي گەرچە چاقچاقلىشىۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن دېرىزىدىن ياندى-شىپ كېتىۋاتقان ئابىدە بىلەن ئەنسەرنى كۆرۈپ كۆڭلى بىر قىسىملا بولدى .
ئەنسەر ئابىدەنى ئىشخانىسىغا باشلىدى :
— دېرىزەمدىن ئىدارىگە كىرگەنلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ ، را-زاقكام كىرسىلا بىز كۆرەلەيمىز ، — دېدى ئەنسەر ،— مانا قا-راڭ ، يانفونىنىمۇ ئېتىۋاپتۇ .
— سىز ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ ، — دېدى ئابىدە ،— مېنى بار دەپ يەنە ئىشىڭىز قېپقالمىسۇن .
— ئەنە ، رازاقكام كەلدى .

ئابىدە يۈگۈرۈپ دېرىزە ئالدىغا كەلدى، لېكىن پەستە تۇر-غانلار كۆپ بولغاچقا كىمنىڭ زارىقىپ كۈتكەن رازاقكام ئىكەنلى-كىنى بىلمىدى. ئۇ ئەنسەردىن سوراي دېگۈچە ئەنسەر ئۇنى بىلى-كىدىن تارتىپ ئىشخانىسىدىن ئېلىپ چىقتى.

— چاقىقان بولايلى، ئۇ ئادەمنى پەلەمپەيدىلا تۇتۇۋالمىساق بىر دەمدىلا يوقاپ كېتىدۇ.

دېگەندەك، ئۇلار پەلەمپەيدىن چۈشكەندە رازاق ئاقتىمۇ - كۆكتىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ - بۇنىڭدىن سۈرۈشتۈرۈپ ئۇلار رازاقنىڭ مەھكىمە باشلىقى ئىشخانىسىدا ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ ئۇدۇل شۇ ئىشخانىغا كىردى. رازاقكام دېگىنى شۇ بولسا كې-رەك، كېلەڭسىز سەمرىگەن كۆرۈمسىز بىرى مەنسۇر بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى، ئۇستىدىكى سوت فورمىلىرى پۈرلىشىپ، مەينەتلىشىپ كەتكەن، ئۆز ۋۇندىن بېرى ماي كۆرمىگەن ئاياغلىرى لاي يۇقى ئىدى. ئۇ ئېلىشاڭغۇ ۋە قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن ئابىدەگە باشتىن - ئاياغ قارىدى. قاراشلىرىدا يا خىزمەت-داشلارچە سەممىيلىكنى، يا ئاتىلارچە مېھرىبانلىقنى سەزگىلى بولمايتتى. مەنسۇرنىڭ ئۇستىلىگە يېقىنداپ تۇرۇشىدىن ئۇنىڭ باشلىق بىلەن خېلىلا يېقىنلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

مەنسۇر ئۇلارنى تونۇشتۇردى:

— مانا بۇ بايا گېپىنى قىلغان قىز شۇ، ئىسمى ئابىدە، مەكتەپتە ناھايىتى ياخشى ئوقۇغان قىزكەن، ئەمدى سىزگە ياخ-شى ياردەمچىدىن بىرى چىقتى.

ئابىدە رازاققا سالام ئورنىدا كۈلۈپ قويدى. رازاق مۇنداقلا باش لىڭشىتىپ:

— قىز بالا دېگەننىغۇ چىدامسىز كېلىدۇ. داشۆدە ئويناپ - كۈلۈپ ئۆگىنىپ قالغان بۇ بالىلار يېزا سوتىدا ئىشلەشكە چىدا-لامدىكىن؟ — دەپ قوشۇپ قويدى.

«داشۆدە ئويناپ - كۈلۈپ» دېگەن گەپ ئابىدەنىڭ كۆڭلىگە

جاققىدە تەگدى . بۇ گەپ ئەنسەرگىمۇ ياقمىدى بولغاي ، سۆزگە ئارىلاشتى :

— ئابدە بىلەن بىز بىر داشۆدە ئوقۇغان ، ئابدەدەك ئوقۇ- غان قىزلار كەم ئۇچرايدۇ ، ئۆز ۋاقتىدا مەكتەپتىكىلەرنى هاڭ - تاڭ قالدۇرۇۋەتكەن قىز بۇ ! بەكمۇ تىرىشچان ،— دېدى ئەنسەر ئابدەنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماختاپ .

— ئۇكام ، — دېدى رازاق ، — سوتتا ئىشلەش دېگەن مەكتەپتە كىتاب ئوقۇغانغا ئوخشاشمايدۇ ، يېزا دېگەندە ئەمەلىيەت- كە چۆكۈپ ئىشلەيدىغان گەپ . ئالدىڭىزغا كىتاب ئوقۇپ يادلاپ بەرسە خوش بولىدىغان مۇئەللىملەر ئەمەس ، قارا تورۇك دېهقانلار كېلىدىغان گەپ .

ئابدە تورۇپلا قالدى . «نېمانداق كېلەر - كەلمەي هەممە ئادەمدىن سېسىق گەپ ئاڭلايمەن ، دادامدەك ئادەم بولغاندىكىن ماڭا قاتتىق مۇئامىلە قىلىشىنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى ؟ » رازاقنىڭ بۇ گېپى ئەنسەرگىمۇ ئېغىر كەلگەندى . «ئابدەنى ئىككى ئېغىز داڭلاپ قويسام بۇ ئادەمگە نېمە دەز كەتتىكىنە ؟ كاشكى قورسىقىدا بىر قوشۇق ئۇماچ بولسا قانداق قىلاتتىكىن ؟ »

ئابدە ئۆزىنى تېزلا ئوڭشىۋالدى .

— قوشدۆڭ سوتىغا قاچان بارىمىز ؟ — دەپ سورىدى ئۇ قىلچە كۆڭلىگە ئالمىغان قىياپەتتە .

— ئالدىرىماڭ ،— دېدى مەنسۇر ،— رازاق شەهەردە ئون كۈنلۈك كۇرسقا قاتنىشىدۇ . رازاقنىڭ ئۆگىنىشى توگىگەندىن كېيىن بارساڭلار بولىدۇ . ئاڭغىچە سىز ئىدارىدە ئىشلارغا قاراش- قاچ تۇرارسىز .

— بولىدۇ ، — دېدى ئابدە ، — يېزىدا ئىشلەش قانچىلىك جاپالىق بولسىمۇ ئىشلەيمەن ، بىلمىگەن يەرلىرىم بولسا رازاقكام بولغاندىكىن ئۆگىنەر .

رازاق گەپنىڭ ئايىغى چۇشمەيلا مەنسۇر بىلەن باشقا تېمىدا

سۆزلىشىپ كەتتى . ئەنسەر بىلەن ئابىدەگە ئەمدى بۇ ئىشخانىدا تۇرۇشنىڭ ئورنى قالمىغاچقا ئۇلارمۇ خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى . ئابىدەنىڭ مۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچرىشى ئەنسەرنىڭ كۆڭلىنى بىر قىسما قىلىپ قويدى . پۈتۈن ئىدارىدىكىلەرنى يىغىپ سەۋىيە سىناپ باقسىمۇ ئابىدەچىلىك ئادەم چىقماس . ھەتتا ، ئەڭ ئىقتىدارلىق سوتچى دەپ تەرىپلىنىدىغان ئەنسەرمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئابىدەگە ھەقىقەتەن قايىل بولغان ، ئۇنىڭ ئىقتىدارىغا قول قويغانىدى . ئەنسەرنىڭ كۆڭلىچە بولغاندا ، ئابىدە قىزغىن قارشى ئېلىنىشى ، ھەممە ئادەم ئۇنى ھۆرمەت قىلىشى كېرەك ئىدى . ئەنسەر خۇددى گۆھەر تاشقا ئۇرۇلغاندەك ھېس قىلىپ قالدى . ئابىدە گەرچە رازاقنىڭ مۇئامىلىسىدىن ئازراق خاپا بولغان بولسىمۇ ، لېكىن ئون كۈن بولسىمۇ ئىدارىدە ئىشلەيدىغانلىقى ئاڭلاپ خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالدى . بۇ ئون كۈندە ھەر ھالدا ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايتتى .

ئەنسەر ئابىدەنى ئۇدۇل دېلو تۇرغۇزۇش كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى . كوللېگىيە باشلىقى قىرىق بەش ياشلاردا بار ، ئېگىز بويلۇق ، سېمىز ، قاملاشقان ئايال ئىدى . تۇرقىدىن ھېچكىمدىن قورقمايدىغان نوچىلىق ، ئۆزگە ئىشىنىش كەيپىياتى چىقىپ تۇراتتى . ئۇ ئايال ئەنسەر بىلەن ناھايىتى قىزغىن كۆرۈشتى . ئەنسەر ئابىدەنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى ، ھۆرىيەت ئىسىملىك بۇ ئايال ھەر ھالدا ئابىدەگە خېلى ئىللىق چىراي ئاچتى .

— ھۆرىيەت ھەدە ،— دېدى ئەنسەر ،— ئابىدەنى قوشدۆك سوتىغا بۆلگەن ، رازاقكامنىڭ ئون كۈنلۈك ئۆگىنىشى باركەن ، شۇڭا ۋاقىتلىق ئىدارىدە ئىشلەپ تۇرىدىغان بولدى . ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز ، مېنىڭ كېيىنكى ھەپتىدە سوت ئاچىدىغان ساپلا مۇرەككەپ دېلولىرىم بار . گۈزەلنۇر خاتىرە يېزىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايۋاتىدۇ ، شۇڭا ئابىدە بىرەر ھەپتە بولسىمۇ ماڭا كاتىپ بولۇپ بەرسە .

— گۈزەلنۇر نېمىلا دېگەنبىلەن كونا ، بۇ سىڭلىمىزنى كېـ-
لىشىگىلا مۇرەككەپ دېلولارغا چېقىرىپ قويساق قانداق بولار ؟

— مەن ئابىدەنى بىلىمەن ، ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ ،— دېدى ئەنسەر .

— ماقۇل ،— دېدى ھۆرىيەت ئىتتىكلا ،— سىزگىمۇ كاتىپ يارىمايدىغان ، بۇ قىز قاراشتىمۇ چېچەندەك تۇرىدۇ . قېنى ، ئىشـ-
لەپ باقامدۇ .

ئابىدەنىڭ كۆڭلى خېلى ئېچىلىپ قالدى . ئەنسەرگە كاتىپ بولۇپ ئىشلەش ئابىدە ئۇخلىسا چۈشىگە كىرمەيدىغان بىر تاساد-
دىپىيلىق ئىدى . ھەر ئىككىيلەن ئېچىلىپ - يېيىلىپ خۇشال ھالدا ھۆرىيەتنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقتى . ئابىدەنىڭ خاپىلىقى
ئاللىقاياقلارغا كەتكەن ، ئىدارە ئىچى ئۇنىڭغا باشقىچىلا سۆيۈمـ-
لۈك تۇيۇلۇپ كەتتى .

# ئۈچىنچى باب

## ئابىدە بىلەن ئەنسەر

كەچتە ئابىدە خۇشال ئىشتىن چۈشتى . چۈشتە ناھايىتى يىراق بىلىنگەن يولنى ھېچقانداق ھارمايلا بېسىپ بىر دەمدە ئۆيىگە كەلدى . ئۇ ئۇچۇق تۇرغان ئىشىككە قاراپ ھەيران قالدى ھەم يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ تاشقىرىقى ئۆيدىكى سۇپىدا ياتقان ئانىسىنى كۆردى .

— ئاپا ، ئۆيگە كېلىۋاپسىزغۇ ؟

— ياخشى بولۇپ قالدىم قىزىم ، دوختۇرخانىدا دورا پۇراپ ئىچىم سىقىلىپ تېخىمۇ بىئارام بولۇپ كېتىدىكەنمەن . ئۆيگە كېلىپ كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالدى .

— شۇنداقتىمۇ سىز تېخى ساقايمىغان تۇرسىڭىز ؟

— سىزنىڭ ئىشقا چۈشكىنىڭىزنى ئاڭلاپ ساقىيىپلا قالدىم بالام . يېڭى ئىشقا چۈشكەندە سىزنى تولا پاراكەندە قىلماي ، سىزمۇ خاتىرجەم ئىشلەڭ .

ئابىدە ئانىسىنى قۇچاقلاپ مەڭزىنى ياقتى . ئابىدەنىڭ سوت مەھكىمىسىگە خىزمەتكە چۈشكەنلىكىدىن بىچارە ئانا بەكمۇ خۇشال بولغان ، بۇ خۇشاللىق ئۇنىڭغا خۇددى كېسىلى ياخشىلىنىپ كەتكەندەك تۇيغۇ بەرگەنىدى . ئۇنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى «خۇدايىم بۇيرۇسا قىزىمنى نېنىنى پۈتۈن ئادەم قىلىپ چىقىمەن» دېگەن ئارزۇسى رېئاللىققا ئايلانغان ، ئۇنىڭ نەزىرىدە قىزى ئەمدى ئۆزىدەك جاپا ھەم دەرد تارتمايدۇ ، كىشىلەرگە يېلىنمايدۇ . بۇلارنى

ئويلاپ ئايىمخان ئانىنىڭ كۆزىدىن مونچاقتەك ياشلار تۆكۈلدى. ئابدە ئانىسىنىڭ خۇشاللىقتىن يىغلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئۇنىڭغا خۇددى كىچىك چاغلىرىدەك ئەركىلىدى. غېرىبانە ئۆي ئانا - بالىنىڭ خۇشال كۈلكىسىگە تولدى.

بۈگۈن ئابدەنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس. بىر كۈن ئىچىدىلا تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن يېڭىلىق، تاسادىپىيلىقلار ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويغانىدى. ئايىمخان ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن، ئابدە ياندىكى ئۆزىنىڭ خانىسىگە كىردى، ئىچكىرىكى ئۆيگە بىر كونا ياغاچ كارىۋات، بىر يېزىق ئۈستىلى ھەم بىر دانە كىتاب ئىشكاپى قويۇلغانىدى. تامغا ئابدەنىڭ چوڭايتىلغان رامكىلىق سۈرىتى ئېسىلغان، دېرىزە تەكچىسى، كارىۋات بېشى ئىشقىلىپ بوش يەرنىڭ ھەممىسىگىلا دەستە - دەستە كىتابلار قويۇلغانىدى. ئابدە تەرجىمە قىلىشنى باشلاپ قويغان بىر ماتېرىيالنى قولىغا ئالدىيۇ، ئۇنى تەرجىمە قىلىشقا رايى بارماي، ئالبومىنى ئېلىپ كۆردى. بۇ ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ئالبومى ئىدى، ئالبوم بەتلىرى ئۇنىڭ خىيالىنى يىراقلارغا، غەمسىز، قۇۋناق ئالىي مەكتەپ ھاياتىغا ئېلىپ كەتتى. بەش يىل جەريانىدا بىر تۇغقاندەك بولۇپ كەتكەن ساۋاقداشلىرى، شوخ قىز - يىگىتلەر، مېھرىبان ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭ يادىغا كېلىپ كۆزى نەملەندى. ئۇنى ئۈرۈمچىدە ئېلىپ قالىمەن دەپ خېلى كۈچىگەن سىنىپ مەسئۇلى سەمى مۇئەللىم ئابدەنىڭ يىراق خىلۋەت يېزىدا ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلسە نېمىمۇدە ... ساۋاقداشلىرى قانداق يەرلەردە ئىشلەۋاتىدىغاندۇ؟ ئۇ ئىزدىگەن سۈرەتنى ئاخىر تاپتى. ئۇ مەكتەپ بويىچە «ئىلغار ئوقۇغۇچىلارنى مۇكاپاتلاش» يىغىنىدا ئەنسەر بىلەن يانمۇ يان تۇرۇپ سەھنىدە چۈشكەن سۈرەت ئىدى. ئابدە سۈرەتنى ئالبومىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئۇزاق قارىدى. شۇ كۈنى ئۇ ئەنسەر بىلەن تونۇشۇپ قالغان، شۇ كۈندىن تارتىپ كۆڭلى ئىختىيارسىز ئەنسەرگە باغلىنىپ قالغانىدى. ئابدە

كارىۋاتقا كېلىپ ئۆزىنى تاشلىدى . نېمىنىلا خىيال قىلسۇن خى-
يالى يەنە ئەنسەردە توختايتتى ، ھەتتا يۈرىكىمۇ ئەنسەر دەپ
سوقۇۋاتقاندەك ، خىيالىدا شۇ بىرلا ئىسىم تەكرارلىناتتى...

ئابدەنىڭ تىرىشچانلىقى ، دەرسلەردىكى ۋە ھەرقايسى تەرەپ-
لەردىكى نەتىجىلىرى تېزلا كۆرۈنۈپ ، بىرىنچى يىلىلا مەكتەپتە
غۇلغۇلا قوزغىدى . مەيلى زېھىن سىناش مۇسابىقىسى بولسۇن ،
نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى بولسۇن ئىشقىلىپ مەكتەپتىكى ھەر
قانداق پائالىيەتلەردە بىرىنچى دەرىجىلىكلەر قاتارىدا ئابدەنىڭ
ئىسمى تىلغا ئېلىناتتى . ئابدە خۇددى ئوقۇش ، نەتىجە قازىنىش
ئۈچۈنلا يارالغاندەك ھاردىم - تالدىم دېمەي ئۆگىنەتتى . ئۇنىڭ
باشقا قىزلاردەك ياسىنىپ - تارىنىپ ، ئويناپ - كۈلۈپ يۈرگى-
نىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى . قاچانلا قارىسا قولىدا بىر دەستە
كىتاب ، ئالدىراش يۈرەتتى . تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدىمۇ ئۇنىڭ
كەسپىي تەنھەرىكەتچىلەردەك بىر مېتىر يەتمىش سەككىز كېلىدى-
غان ئېگىز بويى كۆزگە چېلىقىپلا تۇراتتى . بەڭۋاش ، شوخ
ئوغۇللارمۇ ئۇنىڭدىن تارتىنىپ ئارتۇق گەپ قىلىشقىمۇ پېتىنال-
مايتتى . ئابدە بىر يىلنى شۇنداق جۇشقۇن ، مول نەتىجىلىك
تاماملاپ ئالىي مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىنى كۈتۈۋالدى .
فاكۇلتېت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئىلغار ئوقۇغۇچىلارنى مۇكاپاتلاش
يىغىنىدا ئۇ تاسادىپىي بىر يىگىت بىلەن بىللە سەھنىگە چىقىپ
قالدى . دەسلەپ ئابدە ئۇنىڭ بويىنىڭ ئالاھىدە ئېگىزلىكىگە
دىققەت قىلدى . چۈنكى ، بويى ئابدەدىن ئېگىز ئوغۇللار ئادەتتە
كەمدىن - كەم ئۇچرايتتى . مۇكاپاتلاش يىغىنى تۈگىگىچە ئىككى-
سىنىڭ كۆزى تولا ئۇچرىشىپ قالدى . يىگىت ھەقىقەتەنمۇ قام-
لاشقان ئىدى . ئۇنىڭ ئىلغار ئوقۇغۇچى بولغانلىقى ، ئېغىر -
بېسىق تەمكىن تۇرقى ئابدەدە باشقىچە يېقىملىق تەسىر قوزغى-
دى . يىغىندىن تارقىغاندىن كېيىن يىگىت خۇددى دەيدىغان گېپى
باردەك ئارقىغا قاراپ - قاراپ ماڭدى . ئابدە قىزلار ياتاق

بىناسى ئالدىغا كەلگەندە نېمىگىدۇر تارتىنىشىپ ئارقىغا قارىدى ، يىگىت يولدىن توختاپ ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇراتتى . ئۇ ئابدەنىڭ قارىغانلىقىنى كۆرۈپ «خوش» دېگەن مەنىدە قولىنى كۆتۈردى . ئابدەمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپلا كىرىپ كەتتى . شۇ كۈندىن باشلاپ تىرىشچان قىزنىڭ قەلب گۈلزارلىقىدا ئىنتا- يىن نازۇك ، يېقىملىق بىر نوتا بىخ سۈرۈپ چىقتى ھەم تېزلىكتە يىلتىز تارتىپ ئايىنىشقا باشلىدى .

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار تولىراق مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدا كۆرۈشۈپ قالدى ھەم تېزلا چىقىشىپ كەتتى . ئۇلار ۋاقىتنى دېيىشىۋېلىپ كۇتۇپخانىلارغا بىللە بارىدىغان ، دەم ئېلىش كۈنلى- رىنى بىللە ئۆتكۈزىدىغان بولدى . ئىككىسىنىڭ مىجەز - خۇلقى ، ئارزۇ - غايىسى ، قىزىقىش ئادەتلىرى ئاساسەن ئوخشىشىپ كې- تەتتى . ئۇلار ئۆگىنىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا كۆپىنچە ئەسەر- لەرنى تەرجىمە قىلىش ، ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىشتەك ئىشلارنى قىلاتتى ھەم بۇ جەھەتتىمۇ بىر - بىرىگە ياخشى ياردەمچى بولالايتتى .

قىشلىق تەتىل يېقىنلاشقانچە ئابدەنى غەم بېسىشقا باشلى- دى . ئۆيدىن خېلى ئۇزۇندىن بېرى پۇل كەلمەيۋاتاتتى . ئابدە ئانىسىنىڭ قانچىلىك ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىپ بول- دى . بولمىسا ئايىمخان ئانا ئۆزى يېمەي - ئىچمەي ئولتۇرسا ئولتۇراتتىكى ، ئابدەگە پۇل ئەۋەتىشنى ئۇنتۇمايتتى . ئابدە ئەسەر تەرجىمە قىلىپ ، ماقالە يېزىپ تاپقان ئازغىنە قەلەم ھەققى- نى تۇرمۇشىغا بىر ئامال قىلىپ يېتىشتۈرۈپ كېتىۋاتاتتى . چە- رايلىق ياسىنىش ، يېڭى كىيىم ئېلىش دېگەنلەر ئابدە ئويلاشقى- مۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان ئىش ئىدى . ئۇنىڭ مودېللاردەك كې- لىشكەن تەن قۇرۇلۇشى كىيىم - كېچەكنىڭ ئاددىي - ساددىلى- قىنى چاندۇرمايتتى . لېكىن ، بۇ قېشتا ئابدە ئىقتىسادتا خېلىلا قىينالدى . تەتىل توشۇپ ئۆيگە قايتىدىغان چاغدا ئۇنىڭ يېنىدا

ھەقىقەتەن بىلەت ئالغۇدەكمۇ پۇلى قالمىغانىدى. ئۇ ئەنسەرنىڭ «بىللە ماڭايلى» دەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭدىن ئەتەي ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى. يۇرتداشلىرى مېڭىپ بولغان كۈنى ئۇ كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا ياتاقتا قېلىپ قالدى. ياتاقتىكىلەرنىڭ ھەممىسى كېتىپ، قىيا - چىيا بېسىلمايدىغان ياتاق مۇڭلىنىپ قالغانىدى. ياتاقتا بۈگۈن پارمۇ توختاپ قالغان بولۇپ، ياتاق ئىچىنىڭ تالادىن ئانچە پەرقى يوق ئىدى، ئابىدە دېرىزە ئالدىغا كەلدى. ئۈرۈمچىنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇقى بۈگۈن ئەۋجىگە چىققان. مەكتەپتە ئادەم ئازلاپ كەتكەچكە سىرتقى مەنزىرە تولىمۇ كۆڭۈلسىز، سوغۇق ئىدى. ئابىدە ئانىسىنى خىيال قىلدى. بىچارە ئانا نېمە بولۇپ كەتكەندۇ - ھە؟ باشقا بالىلارنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسە، قانچە كۆڭلى بۇزۇلار؟ ئابىدە كۆپ چاغلارغا ئوخشاش «دادام بولسىمۇ» دەپ ئويلاپ قالدى. دادا ئۇقۇمى ئۇنىڭغا يات. ئۇ دادىسىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى، ھەتتا ئىسمىنىمۇ بىلمەيدۇ. ئانىسى ئۇنىڭغا: «داداڭ سەن قورساقتىكى چېغىڭدىلا ئۆلۈپ كەتكەن» دەپ بەرگەن. ھەر قېتىم دادىسىنىڭ گېپى بولسىلا ئايىمخان ئۆزىنى تۇتالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتەتتى. شۇڭا، ئابىدەمۇ دادىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن، قانداق ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ھەققىدە سورىمايدۇ، پەقەت دادام ئۆلۈپ كەتكەن دەپلا بىلىدۇ.

ياتاق ئىشىكىنىڭ تېز - تېز چېكىلىشى ئابىدەنى مۇڭلۇق خىيالدىن ئويغاتتى. ئۇ كىم كەلگەنلىكىنى پەرەز قىلمايلا ئىشىكنى ئاچتى - دە، «ئەنسەر» دەپ توۋلىۋەتتى. خىيالىدا ئۇنى بۈگۈن مېڭىپ بولدى دەپ ئويلىغانىدى، ئەنسەر ئابىدەنى كۆرۈپلا سۆزلەپ كەتتى:

— سىز نەگە كەتتىڭىز؟ نەچچە كۈن ئىزدەپ پەقەت تاپالمىدىم. بۈگۈن بىكەتتىلا ئۇچرىشارمىز دەپتىمەن. قارىسام بىكەتتىمۇ يوق، بىرىدىن سورىسام سىزنى ياتاقتا قالدى، ماڭمايدىكەن

دەيدۇ ، شۇڭا بىلىتىمنى ياندۇرۇۋېتىپ يېنىڭىزغا كېلىشىم .
— مېڭىۋەرسىڭىز بولمامدۇ؟ ئاتا - ئانىڭىز يولىڭىزغا قاراپ تۇرىدىغاندۇ؟
— سىز نېمىشقا ماڭمايسىز؟ بىرەر ئىش چىقىپ قالدىمۇ - يە؟
ئابدەگە ئەمدى گەپ يوشۇرۇشنىڭ ئورنى قالمىدى ، ئاخىر ئۇ ئەنسەرنى يېقىن دوستى بىلىپ ئائىلە ئەھۋالىنى ، ئانىسىنىڭ كېسەلچانلىقىنى ، قايتالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئەنسەرگە ئوچۇقلا دەۋەتتى . ئەنسەر دىققەت بىلەن ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن :
— ئابدە ، بۇ گەپلەرنى ماڭا نېمىشقا بالدۇر دېمىدىڭىز؟ بىز شۇنداق يېقىن دوستلاردىن تۇرساق ، سىز بەكمۇ ئاغزىڭىز چىڭ ، بوينىڭىز قاتتىق قىزكەنسىز ، قارىغاندا مېنى تېخىچە يېقىن كۆرمەيدىغان ئوخشايسىز .
— سىزگە دېيىشتىن خىجىل بولدۇم ، سىزمۇ بىر ئوقۇغۇچى ، ئېغىرىمنى سالسام ئەلۋەتتە بولمايدۇ - دە؟
— نېمە ئېغىرچىلىق بولاتتى ، ئابدە مۇنداق قىلايلى . ئاپتوبۇستىن قېلىپ قالدۇق ، بۈگۈن كەچنىڭ پويىزىدا ماڭايلى ، هازىر بېرىپ بېلەتنى ئېلىپ قويايلى .
ئابدە خىجىللىق بىلەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى . ئۇلار پويىز ئىستانسىسىغا بېرىپ كەچنىڭ بېلىتىدىن ئىككىنى ئېلىپ قويدى ، ئاندىن ۋاقىتنى توشقۇزۇش ئۈچۈن بازار چۆرگىلەپ بىللە تاماق يېدى ، كەچتە ئۇلار پويىزدا ئولتۇرۇپ يۇرتىغا يول ئالدى ، بۈگۈنكى ئىشلار ئۇلارنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇۋەتكەنىدى . ئابدە ئۇنىڭغا بالىلىق دەۋرىنىڭ ، ئانىسىنىڭ گېپىنى قىلىپ بەردى . ئۇلار كۆڭۈللۈك پاراڭلىشىپ قىزغىن كەيپىياتتا ماڭدى . نەچچە كۈنلەردىن بېرى تولا غەم يەپ تۈزۈك ئۇخلىمىغان ئابدە پويىزنىڭ رىتىملىق تەۋرىنىشى بىلەن شېرىن ئۇيقۇغا كۆزى ئىلىنىدى ھەم قانداق ئۇخلاپ قالغانلىقىنى سەزمەيلا قالدى .

ئۇ ئويغانغاندا ئۆزىنىڭ ئەنسەرنىڭ مۇرىسىگە بېشىنى قويۇۋالغان-
لىقىنى كۆرۈپ شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى .

— ۋاي ، خۇدايىم ، سەت ئىش بوپتۇ ، مەن قانداقلارچە...

— ھېچقىسى يوق ، بەك چارچاپ كېتىپسىز ، قارىسام قات-
تىق ئۇخلاپ كەتتىڭىز .

ئەنسەر ئابىدەنىڭ ئويغىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئولتۇرات-
تى . ئۇنىڭچە بولسا ئۇزاقراق ، ھەتتا كورلىغا بارغۇچە ئابىدەنىڭ
چاچلىرىنىڭ مەڭزىنى غىدىقلىغىنىدىن ھوزۇرلانغاچ ھىدىنى پۇ-
راپ ئولتۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتى .

بۇ سەپەر ھەر ئىككىسىنىڭ ئوقۇش ھاياتىدىكى ئەڭ كۆڭۈل-
لۈك سەپەر بولۇپ قالدى . ئۇنىڭدىن كېيىن يېڭى مەۋسۇم باشلىن-
نىپ ھەر ئىككىيلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى . بولۇپمۇ ئەنسەر-
نىڭ ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان يىلى بولغاچقا تېخىمۇ ئالدىراش ئىدى .
شۇنداقتىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ ئابىدەنى ئىزدەپ تۇراتتى . ئابىدە
تەتىلدە كورلىدىكى چاغدا دوستلىرىدىن ئۇنىڭ ئائىلە ئەھۋالىدىن
خەۋەر تېپىپ بولغانىدى . ئەنسەرنىڭ دادىسى دوختۇرخانا باشلى-
قى ، ئانىسىمۇ داڭلىق دوختۇركەن ، ئانىسى شەھەردە خېلى نامى
بار ، تەكەببۇر ئايالكەن . ئابىدە ئەنسەرنىڭ ئۆزىگە بولغان يېقىن-
چىلىقىنىڭ پەقەت ساۋاقداشلىق ، دوستلۇق ئۈچۈنلا ئەمەسلىكىنى
بىلەتتى . ئۇ ئەنسەرنىڭ كۆزىدىن بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان ئوت-
لۇق سۆيگۈ ئۇچقۇنىنى سېزەتتى . شۇڭا ، ئۇنىڭدىن ئەتەي ئۆزىنى
قاچۇرۇپراق يۈردى . بۇ ئۇنى تېخىمۇ ئازابلايتتى . ئۇ ئەنسەرنىڭ
ئۆزىگە ئوخشاش ئاددىيراق ئائىلىنىڭ ئوغلى بولۇشىنى شۇنچە-
لىك ئارزۇ قىلاتتى . ئائىلە شارائىتى جەھەتتىكى زور پەرق ،
ئۇنىڭ ئەنسەرنىڭ ئوتلۇق قاراشلىرىغا تاتلىق كۈلكە بىلەن جاۋاب
قايتۇرۇشتىن مەھرۇم قىلاتتى . مەۋسۇم ئاخىرى ئەنسەر جەنۇبىي
شىنجاڭغا پراكتىكا قىلغىلى كەتتى . ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن
كۆرۈشمىگەنىدى . ئەنسەر ئۇنى ئىزدىمىدى ئەمەس ، ئابىدە ئەتەي

ئۆزىنى قاچۇردى . ئۇ ئانىسىنىڭ كېسەل تۇرۇقلۇقمۇ داۋالىماي كېچە - كېچىلەپ كىيىم تىكىش ماشىنىسى ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ كىيىم تىكىۋاتقانلىقىغا ، بوش ۋاقىت بولسىلا كىشى- لەرنىڭ ئۆيىنىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىنى قىلىپ پۇل تېپىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە «خىزمەتكە چىقىپ ئانامنى ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرمىگىچە قەتئىي مۇھەببەتلەشمەيمەن» دەپ ۋەدە قىلغانىدى . شۇڭا ، ئۇ ئەنسەرنىڭ ئوتلۇق قاراشلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇردى . ئۇ ئەنسەر ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەتكەندىن كېيىنكى ئۈچ يىلنى ئەنسەرنى سېغىنىش ، خىيالىي سىردىشىش ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرغان ئورۇندۇقلاردا تەنھا ئولتۇرۇپ ئاشۇ مەڭگۈ ئۇن- تۇلماس كۈنلەرنى ئەسلەش بىلەن ئۆتكۈزدى .

ئابىدەنىڭ خىيالى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۈزۈلۈپ قالدى . خىيالى يەنە بۈگۈنكى كۆز ئالدىدىكى ئىشلارغا مەركەزلەشتى . ئاشۇ ئەنسەر بىلەن ئەمدى بىللە ئىشلەيدۇ ، ھەر كۈنى كۆرۈشۈپ تۇرالايدۇ . ئىدارىسىنىڭ ھەرقانداق پائالىيەتلىرىدە بىللە بولىدۇ . بۇ خۇشاللىقلارنىڭ ئالدىدا رازاقكام دېگەنلەرنىڭ قوپال گېپى نېمىتى؟ ئۇنىڭ تۇرمۇشىمۇ بارغانسېرى ياخشىلىنىپ كېتىدۇ ، ئاپىسىنىمۇ داۋالىتىدۇ... ئابىدە بىر - بىرىدىن تاتلىق خىياللارنى سۈرۈپ ئۇخلاپ قالدى .

## تۆتىنچى باب

# ئابىدە خىزمەتكە چۈشتى

ئابىدە خىزمەتكە چۆكۈپلا كەتتى . ئۇ مېھرايدەك «نېمە ئىش
قىلارمەن ؟ كىم نېمە ئىشقا بۇيرار » دەپ ئولتۇرمايتتى . ۋۇجۇدى-
غا سىڭىپ كەتكەن تىرىشچانلىق ، هارماس - تالماس روھ ، ھەر
تەرەپلىمە تالانت ، چېچەنلىك ئۇنى بىردەم بىكار تۇرغۇزمايتتى .
ئىشقا چۈشۈپ ئەتىسىلا ئۇ گۈزەلنۇر خاتىرە يازىدىغان چوڭ
سوتخانىغا كىردى .
— مەن ۋاقىتلىق سىزگە ياردەملىشىدىغان بولدۇم ،— دېدى
ئۇ گۈزەلنۇرغا ، — ئىشلار بولسا بۇيرىسىڭىز بولىدۇ .
— نېمىدېگەن ياخشى ،— دېدى گۈزەلنۇر خۇشال
بولۇپ ، — سوت ئېچىلىپ بولغان دېلو ئارخىپلىرى تىكىلمەي
دۆۋىلىنىپ كەتكەن ، قاچان تىكەرمەن دەپ بېشىم قېتىپ
تۇراتتى . بىللە شۇنى تىكەيلى ئەمىسە…
ئارخىپ تىكىشنى ئابىدە پراكتىكا ۋاقتىدا ئوبدان ئۆگىنى-
ۋالغانىدى . ئۇ گۈزەلنۇرنىڭ بۇرۇن تىككەن ئارخىپلىرىغا قاراپلا
ئەلمى - تەلمىنى بىردەمدە ئۆگىنىۋالدى ھەم تىكىلمەي دۆۋىلى-
نىپ كەتكەن دېلو ئارخىپلىرىنى تىكىشكە باشلىدى . ئۇنىڭ بى-
رىنچى قېتىم تىككەن دېلو ئارخىپلىرىلا گۈزەلنۇر تىككەندىن
كۆپ سۈپەتلىك چىقتى ، دېلو ئارخىپىنىڭ تېشىدىكى جەدۋەلنى
ھۆسنخەت قەلىمىنى چىقىرىپ توشقۇزۇۋىدى ، ئۇنىڭ خېتى قاراپ
ئولتۇرغۇدەك چىرايلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ گۈزەلنۇرنىڭ

ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى . ئابىدە يېرىم كۈن تەرلەپ ـ تەپچىرەپ دېلو ئارخىپلىرىنى تىكىپ ، سىرتىدىكى جەدۋەللەرنى توشقۇزدى ، مېھراي بىلەن گۈزەلنۇر بولسا قۇرۇق پاراڭ سېلىشىپ ، ھېلى ئۇ ئىشخانىدا ، ھېلى بۇ ئىشخانىدا چۆرگىلەپ يۈردى .

چۈشتىن كېيىن چوڭ بىر قاتناش ھادىسىسى دېلوسى سوت ئېچىلماقچىدى . ئىدارىنىڭ تەرجىمانى ئاغرىپ قالغانلىقتىن دېلو بېجىرگۈچى ئەنسەر تەرجىمان تاپالماي تىتىلداپ كەتتى . دەۋالاشقۇچىلار ئىككى مىللەتتىن بولغاچقا سوتقا چوقۇم تەرجىمان ئورۇنلاشتۇرمىسا تەرتىپ خاتالىقى كۆرۈلەتتى . ئەنسەر ئابىدەنى تەرجىمانلىق قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىشنى ئويلىدىيۇ ، لېكىن ئازراق ئەنسىرەپ قالدى . ئابىدە نېمىلا دېگەنبىلەن يېڭى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دېلو ئەھۋالىمۇ مۇرەككەپ ئىدى . كۈتۈلمىگەندە ئابىدە ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ تەرجىمانلىقنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى ، بۇنىڭغا كېڭەشمە سوت ئەزالىرى قوشۇلمىدى .

— تېخى تۈنۈگۈنلا كەلگەن قىزنى مۇنداق چوڭ ئەنزىلەرگە تەرجىمانلىققا قويۇپ قويساق ، ھۆددىسىدىن چىقالمىسا نېمە سەتچىلىك ؟ بولمىسا سوتنى كەينىگە سۈرەيلى ،— دېدى كېڭەشمە سوتقا قاتناشقان سوتچى ھۆرىيەت .

— ئۇنىڭ خەنزۇچە سەۋىيىسى قانداقراقكەن ؟— دەپ سورىدى كېڭەشمىدىكى خەنزۇ ئايال سوتچى .

— مەن سەۋىيە سىناش ئىمتىھانى بويىچە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىنى ئېلىپ بولغان ، چوقۇم قىلالايمەن ،— دېدى ئابىدە راۋان خەنزۇ تىلىدا .

— تىلى راۋانكەن ، — دېدى خەنزۇ ئايال ، — سوتنى كەينىگە سۈرسەك بولمايدۇ ، دەۋاگەرلەر يىراق ناھىيىدىن كەلگەنلەر ، ئادەممۇ جىق ، بۇنداق ئەھۋالدا سوتنى كەينىگە سۈرسەك كۆپ ئاۋارىچىلىك .

خېلى تالاش ـ تارتىشتىن كېيىن ئۇلار بۇ ئىشنى مەھكىمە

باشلىقىغا دوكلات قىلدى . ئەھۋال شۇنداق بولغاچقا مەھكىمە باشلىقىمۇ ئابىدەنىڭ تەرجىمانلىق قىلىشىغا قوشۇلدى .

سوت باشلانغاندا ئابىدەنىڭ ھاياجاندىن يۈرىكى جىددىي سوقۇپ كەتتى . نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىم رەسمىي سوتتا چىقىشى ئىدى . لېكىن ، ئۇزۇندىن بۇيان ئابىدە ئىنچىل ئىلمىي ماقالە تەرجىمە قىلىش بىلەن شۇغۇللانغاچقا بەكمۇ تېنەپ كەتمىدى . سوتتىكى ھەممە گەپ ـ سۆزلەرنى تولۇق ، توغرا ، ئۆلچەملىك تەرجىمە قىلىپ سوتتا قاتناشقۇچىلارنى ھەيران قالدۇرۇۋەتتى . شۇ كۈنىلا ئابىدەنىڭ ئىقتىدارى پۈتۈن ئىدارىگە پۇر كەتتى . ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا ھەۋەس ھەم ھۆرمەت بىلەن قارايدىغان بولدى .

سوت مەھكىمىسى خىزمىتى جىددىي ، ئالدىراش ئىدى . بۇ يەردە ئىشلىگەن ئادەم ئاڭلىمىغاننى ئاڭلاپ ، كۆرمىگەننى كۆرەتتى . جىنايى ئىشلار دېلولىرىدىكى يۈز بەرگەن ھەر خىل قەبىھ دېلولار بىر تەرەپتىن ئادەمنى ۋەھىمىگە سالسا ، بىر تەرەپتىن غەزىپىنى قوزغايتتى ، نىكاھدىن ئاجرىشىش دېلولىرىدىكى بىچارە ئاياللارنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتىدىغان دەرد ـ ھالىنى ئاڭلايدىغان بولسا ئادەم ھەيران بولۇپ ياقىسىنى چىشلەيتتى . قىسقىسى ، سوت مەھكىمىسىدىكى ھەر بىر دېلو خۇددى بىر پارچە ھېكايىدەك مۇرەككەپ جەمئىيەتنىڭ مەلۇم بىر كارتىنىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيتتى . بۇ ھېكايىلەر چىن ، ھەقىقىي ، ئوبيېكتىپ ئىدى . كۈندە دېگۈدەك قايسىبىر جىنايەتچىنىڭ ياشانغان ئاتا ـ ئانىلىرى كېلىپ يۈرەكنى ئەزگۈدەك نالە ـ پەرياد ئۇرۇپ يىغلايتتى . قايسىبىر ئەر ـ ئاياللار ئائىلىسىدە چىقىرالمىغان قورساق كۆپۈكىنى سوت مەھكىمىسىگە كېلىپ چىقىرىپ ئۇرۇشۇپ تىللىشاتتى .

ئابىدە بىر تەرەپتىن شۇنداق جىددىي ئىشلىگەچ ، يەنە بىر تەرەپتىن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆگىنىش قىلىپ دۆلەت بويىچە

بىر تۈتاش ئېلىنىدىغان ئەدلىيە ئىمتىھانىغا قاتناشتى .

گۈزەلنۇر مېھراينى كەچتە دوستلىرى بىلەن تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن بىر چايغا ئاپارماقچىدى . ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىققاندىن بېرى مېھراي تۈزۈك دوستلىرى يوق ، بىر يەرلەرگىمۇ بارماي زېرىكىپ قالغانىدى . شۇڭا ، گۈزەلنۇر باشلاپ بارىدىغان سورۇن ئۇنى باشقىچىلا خۇشال قىلىۋەتتى . ئۇ ئەينەك ئالدىدا ئولتۇرۇپ تۇجۇپىلەپ گىرىم قىلدى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈپلا بارغانسېرى سەمرىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئىچى سىقىلاتتى . ھازىرمۇ ئۇنىڭغا مەكتەپتە كىيگەن كىيىملىرى پاتماي قېلىۋاتاتتى . ئۈچىسىدىكى مودا كۆڭلىكى ئۇنىڭغا تىقىلىپ قالغان ، ئۇنى تېخىمۇ سېمىز كۆرسىتىۋەتكەنىدى . شۇڭا ، ئورۇق كۆرۈنۈش ئۈچۈن يېقىندا تىككۈزگەن قارا كۆڭلىكىنى تاللاپ كىيدى .

كەچتە ئۇ گۈزەلنۇر بىلەن دېيىشكەن يەردە كۆرۈشتى . گۈزەلنۇرنىڭ قىياپىتى خىزمەت ۋاقتىدىكىدىن ئاسمان - زېمىن پەرقلىق ئىدى . ئۇ قارا رەڭلىك چېپپىدە كېلىدىغان خۇرۇم ئىشتان ۋە يەڭسىز قارا مايكا كىيگەن بولۇپ ، قوللىرىنى شۇنداقلا كۆتۈرسە قورسىقى بىر غېرىچچە ئېچىلىپ تۇراتتى . ساپسېرىق چاچلىرىنى ئىختىيارىچە قويۇۋەتكەن ، گىرىمنى تېخىمۇ قويۇق قىلغانىدى . ئۆتكەن - كەچكەنلەر ئۇنىڭغا غەلىتە نەزەر تاشلاپ ئۆتۈشەتتى . مېھراي بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى ، ئۇمۇ گەرچە ئويۇنچى بولسىمۇ ، لېكىن ھەر ھالدا ئالىي مەكتەپنى يېڭىلا پۈتتۈرگەچكە ئۇنىڭدا نېمىلا دېگەنبىلەن ئوقۇغۇچىلارغا خاس ساددىلىق ، تەربىيە كۆرگەن قىزلاردەك سالاپەت بار ئىدى . شۇڭا ، ئۇ گۈزەلنۇرنىڭ بۇنداق ياسىنىشىنى پەقەتلا ياقتۇرمىدى . شۇنداقتىمۇ ئۇ گۈزەلنۇر بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى ، ئىككىسى قولتۇقلىشىپ «تولۇن ئاي» رېستورانىدىكى بىر ئايرىمخانىغا كىردى . مېھراي ئايرىمخانىغا شۇنداق كىرىپلا ھودۇقۇپ ، تەمتىرەپ كەتتى . سەمرىپ قورساق سېلىپ كەتكەن سودىگەر سىياقى-

ـدىكى ئەرلەر مېھراي بىلەن گۈزەلنۇردىن خېلىلا چوڭ ، ئالا ـ بۇلىماچ كىيگەن بىر نەچچە ئايال يۇمىلاق ئۇستەلگە لىققىدە تولۇپ ئولتۇراتتى . ئۇلار كىرىشى بىلەنلا ، كېلەڭسىز سەمرىدـ گەن ، بىر پۇتى ئاقساپ ماڭىدىغان ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى بىر ئەر دىڭگوسلاپ ئالدىغا كەلدى :

— ھە مانا ، بىزنىڭ سوت كادىرلىرىمىز كەلدى . سىلەرگە قاراپ كۆزىمىز تېشىلەيلا دەپ قالدى . كېلىڭلار ، تۆرگە مەرھەمـ ـمەت .

ھېلىقى ئەر ساھىبخانا بولسا كېرەك ، قىزغىن ھالدا گۈزەلـ ـنۇر بىلەن مېھراينى تۆرگە باشلىدى ھەم ئولتۇرغانلارغا قاراپ :

— مانا بۇياق بىزنىڭ گۈزەلنۇر ، شەھەرلىك سوتتا ئىشلەيـ ـدۇ ، بۇ سىڭلىمىز ، مېھراي بولىدىغۇ دەيمەن ؟— دېدى ئۇ گۈـ زەلنۇر «ھەئە» دەپ بېشىنى لىڭشىتقاندىن كېيىن يۇقىرى ئاۋازـ دا ،— مانا بۇ سىڭلىمىز مېھراي ، ئوتتۇرا سوتتىكى جاپپار يۈەنـ جاڭنىڭ قىزى بولىدۇ . بۇ سىڭلىمىزمۇ سوت مەھكىمىسىگە يېڭىدىن ئىشقا چۈشتى .

بۇ گەپتىن مېھراي گۈزەلنۇرنىڭ بۇ ئادەمگە ئۆزىنىڭ گېپىدـ ـنى قىلىپ بەرگەنلىكىنى ، سورۇنغا كېلىدىغانلىقىدىن خەۋىرى بارلىقىنى بىلدى . ھېلىقى كىشى ئۇنى تونۇشتۇرغىچە مېھراي بېشىنىمۇ كۆتۈرەلمەي قالغانىدى . ئازراق ئۆزلىشىۋالغاندىن كېـ يىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرغانلارغا سەپسالدى ھەم بۇ سورۇنغا كەلگىنىدىن پۇشايمان قىلىپ قالدى . ئاياللارنىڭ بىر قاراشتىلا دۇرۇس ئاياللار ئەمەسلىكى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى . بەزىلىرىنىڭ قولىدا تاماكا بولۇپ ، ھەربىر ئەرنىڭ يېنىدا بىردىن ئايال ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى . ئەرلەر ساپلا سودىگەر سىياقىدىكى ياشتا چوڭ ئەرلەر ئىدى . بۇ ئولتۇرۇشنى قانداقمۇ مېھراي ئارزۇ قىلغان كۆڭۈللۈك ، رومانتىك ئولتۇرۇش دېگىلى بولسۇن ؟ مېھراي ئىختىيارسىز ئالىي مەكتەپ ھاياتىدىكى قايىنام ـ

تاشقىنلىققا ، سەمىمىي ، ساپ دوستانە ھېسسىياتلارغا تولغان ئولتۇرۇشلارنى ئەسلەپ ئۆزىنىڭ بۇ يەردە ئولتۇرۇپ قالغانلىقىدىن نومۇس قىلىۋاتاتتى . ھېلىمۇ ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېچكىم كۆرمىدى . بولمىسا ئۆزىگىمۇ ، دادىسىنىڭ يۈزىگىمۇ سەت بولاتتى . لېكىن ، شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە چىقىپ كەتكىلى بولمايتتى . ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغاندەك ئۇلار كىرىشكىلا ھەرخىل قورۇملار ، گۆش - كاۋاپلار تارتىلىشقا باشلىدى ، گۇزەلنۇر باش كۆتۈرمەي ئولتۇرغان مېھرايىنى نوقۇدى :

— نېمانچە تارتىنىسەن ، بېشىڭنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرغىنە ، بايىقى يىگىت مېنىڭ لايىقىم بولىدۇ . ئىسمى تۇنىياز .

— نېمە ! سېنىڭ لايىقىڭ مۇشۇمۇ ؟ — مېھراي ھەيرانلىق بىلەن سورىدى .

مېھرايىنىڭ بۇنداق ھەيران قېلىشى گۇزەلنۇرغا ياقمىدى بولغاي ، ھەدەپ سەي يەۋاتقان تۇنىيازغا بىر قاراپ قويۇپ مېھرايىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى :

— مۇشۇ بولسا نېمە بوپتۇ . بۇ دېگەن شەھەردىكى داڭلىق سودىگەر . پۇل دېگەننى سۇدەك تاپىدۇ ، ئۆيىنى كۆرىدىغان بولساڭ ، توققۇزى تەل . ئۇنىڭ ئۇستىدىگە بەكلا ھۆرمىتىمنى قىلىدۇ .

— لېكىن ، بەك چوڭغۇ ، تەقى - تۇرقىمۇ نېمانچە ؟

— چوڭ بولسا نېمە بوپتۇ ، ياش ، چىرايلىق سويمىلاردا پۇل بولمىسا ، ئۇلارغا تېگىپ بىر بىنا ئۆينىڭ قەرزىنى تۆلەپ بولغۇچە قېرىيسەن ، «ئەركىشىنىڭ سەتى يوق» دەپتىكەن ، يۇرۇۋاتقىلى يېرىم يىلدەك بولدى .

مېھراي تۇنىيازنىڭ سىمىزلىكىدىن پۇرۇلۇپ يول - يول قاتلاق چىقىپ كەتكەن بويۇنلىرىغا ، تومپايغان قورساقلىرىغا ، دانىخورەك باسقان قىزىل يۈزىگە سەسكىنىش بىلەن قاراپ قويدى . بىردىنلا ئۇنىڭ گۇزەلنۇردىن كۆڭلى قالدى ، ئاڭغىچە

هاراق باشلىنىپ ئاياللارمۇ ئەرلەر بىلەن تەڭ رومكا سوقۇشتۇرۇپ ئىچىشكە باشلىدى ، گەپ ـ سۆزلەرمۇ بارغانسىرى ئەپساندىلىشىپ بىر ـ بىرىدىن سەت يۇمۇرلار ، سەت ئوخشىتىشلار ئېغىزدىن چىقىشقا باشلىدى . مېهراي بۇرۇن هاراقنى ئېچىپ باققان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ سورۇننى بۇگۈنكى سورۇنغا سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى . تۇنىياز بىلەن گۈزەلنۇر ئۇنى هاراققا شۇنچە زورلىسىمۇ كۆڭلى تارتماي ئىچمىدى . ئەرلەر ئىچىپ قىزىغاندىن كېيىن تانسا بولدى . مېهرايىنىڭ ئىچىنى سىقىپ دادىسى دېمەت بىر پور قورساق ئادەم ئۇنى تانسىغا تارتىپ كەلدى . مېهرايىنىڭ بىردىنلا جۇدۇنى تۇتتى ـ دە ، سومكىسىنى ئېلىپ گۈزەلنۇرغا :

— گۈزەلنۇر ، كەچ بولۇپ كەتتى ، مەن ماڭاي ،— دېدى .

ئولتۇرغانلار ئۆرە ـ تۆپە بولۇپ كەتتى . ئۇلار مېهرايىنى قانچە تۇتسىمۇ ئۇ جاهىللىق بىلەن كېتىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋېلىۋالدى ، مېهراي تۇنىيازنىڭ : «ماشىنىدا ئاپىرىپ قوياي» دېگىنىنگىمۇ قارىماستىن ئولتۇرغانلارغا خوشمۇ دېمەي يۈگۈرگەندەك چىقىپ كەتتى .

— مېهراي خاپا بولۇپ قالدىمۇ ، قانداق ؟— دېدى تۇنىياز گۈزەلنۇرغا .

— ئۇ دېگەن ئالىي مەكتەپنى يېڭى پۈتتۈرگەن ، بۇنداق سورۇنلاردا ئولتۇرۇشى تېخى تۇنجى قېتىم ، شۇڭا ئولتۇرۇشىمىز كۆڭلىگە ياقمىدى بولغاي ،— دېدى گۈزەلنۇر . ئۇمۇ «مېهرايىنى بىكاردىن بۇ يەرگە ئەكەپتىمەن . تۇنىياز بىلەن ، باشقا يەردە تونۇشتۇرسامچۇ» دەپ پۇشايمان قىلىپ ئولتۇراتتى . شۇنىڭ بىلەن ، ھەممىسى مېهرايىنى تانسىغا تارتقان ھېلىقى ئادەمنى ئەيىبلەشكە چۈشتى :

— هالىڭغا باقساڭ بولمامدۇ ؟ شۇ ئەپتىڭ بىلەن چوڭ باشلىقنىڭ قىزىغا جۈپ بولۇپ تانسا ئوينايمەن دەپ ئويلىغانمۇ ؟ مانا ئەمدى قاچۇرۇۋەتتىڭ !

تۇنىياز زەردە بىلەن تانىسغا تارتقان ئادەمنى سىلكىنىۋەتتى.
مېھراي بىلەن تونۇشۇۋېلىش، يېقىنلىشىش، ئۇنىڭ ئۈچۈن ناھا-
يىتى مۇھىم ئىدى. سوتتا تونۇش - بىلىش قانچە كۆپ بولسا
شۇنچە ياخشى، ئۇنىڭ ھەل قىلىنماي يۈرگەن نۇرغۇن ئىشلىرىنى
مېھراينىڭ دادىسى ھەل قىلىپ بېرەلەيتتى، شۇ ئادەم بىلەن
ئۇزاقتىن بۇيان تونۇشماي يۈرگەن تۇنىياز ئاتايىن بۇ سورۇننى
راسلاپ مېھرايلارنى تەكلىپ قىلغانىدى. گۈزەلنۇرمۇ مېھراينىڭ
شوخلۇقىغا قاراپ ئۇنى خېلى ئىش كۆرگەن ئويۇنچى دەپ بىلىپ
ئويلىمايلا بۇ سورۇنغا باشلاپ كەلگەنىدى. لېكىن، ئىش ئىككە-
سىنىڭ كۈتكىنىدەك چىقمىدى. ئۇلار نېمە قىلارىنى بىلمەي
بىر - بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى.
مېھراي تالاغا چىقىپ ئەركىن نەپەس ئالدى. تاماكا - ھاراق-
نىڭ ئاچچىق پۇرىقى، ئاياللاردىن كېلىۋاتقان كۆچلۈك ئەتىر
قوشۇلۇپ كىچىككىنە ئايرىمخانىنىڭ ھاۋاسى ئۆزگىرىپ
كەتكەنىدى.
سالقىن شامال مېھراينىڭ دىمىغىغا ئۇرۇلۇپ، ئىنتايىن
راھەتلەندى. شەھەرنىڭ كۈندۈزدىكى قاينام - تاشقىنلىرى بېسىق-
قان بولۇپ، ئادەملەرمۇ خېلىلا شالاڭلاپ قالغانىدى.
مېھراينىڭ تاكسىدا ئولتۇرماي پىيادە مېڭىپ قايتقۇسى كې-
لىپ قالدى. ئۇ نومۇس قىلغان، ئاچچىقى كەلگەن، كۆڭلى
يېرىم بولغانىدى. ئوقۇۋاتقان چاغلاردا ئۇ بالدۇرراق خىزمەتكە
چىقىشنى شۇنچىلىك ئارزۇلىغان ئەمەسمىدى. مانا ئەمدى ئوقۇ-
غان چاغلىرىنى سېغىنىۋاتاتتى. ئۇ تۇنجى يۈرگەن يىگىتى ئىلزات-
نى ئەسلىدى، ئۇلار ئالىي مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىلى مەكتەپنىڭ
سەنئەت پائالىيىتىدە ناخشا ئېيتىشىپ تونۇشۇپ قالغان ھەم تېزلا
ياخشى كۆرۈشۈپ، بەكمۇ كۆڭۈللۈك يۈرۈشكەن. مەكتەپ ئارقى-
سىدىكى كۆل بويىدا تالاي كېچىلەرنى ئىلزاتنىڭ مۇرىسىگە يۆلە-
نىپ ئۇنىڭ مۇڭ بىلەن ئېيتقان لىرىك ناخشىلىرىغا جور بولۇپ

ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇلار بىر - بىرىدىن بىردەممۇ ئايرىلمايتتى. شۇنداق ئىچىل - ئىناق مۇھەببىتىنىڭ بۇزۇلۇشىغا مېھرايىنىڭ تەنتەكلىكى سەۋەب بولغانىدى. ئىلزاتنىڭ بىرلا يېرى مېھرايغا ياقمايتتى، ئىلزات پىخسىق بولۇپ، ئادەتتىكى ئۇششاق خىراجەتلەرنىمۇ ئويلىنىپ پىلانلاپ قىلاتتى. يۇگۇرۇپ قوپۇپ مېھرايىنى يۇقىرى ئىستېماللىق زامانىۋى يەرلەرگە تەكلىپ قىلىپ ئويناتىپ ئەكەلمەيتتى. بۇ ھال مېھرايىنىڭ ئىچىنى سىقىپ ئاخىر ئىلزاتتىن زېرىكتۈردى ھەم تېزلا ئۇرۇمچىلىك ھاكاۋۇر، ئويۇنچى دىلمۇرات بىلەن تېپىشىۋالدى. لېكىن، ئويلىمىغان يەردىن دىلمۇراتنىڭ باشقا مەكتەپتىكى يەنە بىر قىز بىلەنمۇ يۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلىپ قېلىپ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، مېھراي بەش يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا ھېلى ئۇنىڭ بىلەن، ھېلى بۇنىڭ بىلەن يۈرۈپ باقتى. دەسلەپ ئوتتەك قىزىيتتى، ھەقىقىي جورىسىنى ئەمدى تاپقاندەك، ئەمدى ئايرىلمايدىغاندەك سېزەتتى. ئۇ ھال بىر - ئىككى ئايدەك داۋام قىلىپ، يىگىتنىڭ ئىلگىرى مېھراي بايقىمىغان كەمچىللىكلىرى، ئىللەتلىرى كۆرۈلۈپ مېھراي تېزلا سوۋۇيتتى - دە، ئايرىلىپ كېتەتتى.

بەش يىل ئەنە شۇنداق ئۆتتى، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مېھراي ئۇ يىگىتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ كەتتى. قەلبىدە پەقەت ئىلزات بىلەن ئۆتكەن دەسلەپكى ساپ مۇھەببەتنىڭ شېرىن، رومانتىك ئەسلىملىرىلا قالدى. ھازىر ئۇنىڭ لايىق تاللاشقا بولغان قارىشى بۇرۇنقىغا ئوخشاشمايتتى. يۇرتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەكتەپتىكىدەك ھېلى ئۇنىڭ بىلەن، ھېلى بۇنىڭ بىلەن يۈرگىلى بولمايتتى. چېكىپ تۇرۇپ بىرىنى تاللىشى ھەم شۇنىڭ بىلەن توي قىلىشى كېرەك. بۇرۇنقى شوخلۇقىنى تاشلىمىسا ئۆزىگىمۇ، ئاتا - ئانىسىنىڭ يۈزىگىمۇ سەت بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

بۇلارنى خىيال قىلىپ كېتىۋېتىپ مېھراي تۇيۇقسىز

ئەنسەرنى يادىغا ئالدى . ئۇنىڭچە بولغاندا ئەنسەر ئۆزىگە ئەڭ باب
كېلەتتى . كېلىشكەن ، خىزمىتى ، ئىستىقبالى بار ، ئاتا ـ ئاند-
سىمۇ نام ـ ئابرۇيلۇق ، بۇنداق ياخشى يىگىت يەنە نەدە تۇرۇپتۇ ؟
قارىغاندا ئەنسەر ئابدەگە قىزىقىپ قالغاندەك تۇرىدۇ . لېكىن ،
مېھراي ئازراق تىرىشچانلىق كۆرسەتسىلا بۇ دۇنيادا ئۇ قولغا
كەلتۈرەلمەيدىغان يىگىت يوق . مېھراي دېگەن چوڭ باشلىقنىڭ
قىزى ، ئەنسەرمۇ كېيىنكى ئىستىقبالىنى ئويلاپراق ئىش قىلار !

مېھراي خۇددى ئەنسەرنى كەلتۈرۈپ بولغاندەك مەمنۇنىيەت
بىلەن كۈلۈمسىرىدى . تېخى ئۇنىڭ ئابدەگە ئىچى ئاغرىپمۇ قال-
دى . «ھەي ، ئۇ مۇھەببەتنى چۈشىنەمتى ؟ ئۇنىڭغا كىتاب بولسى-
لا بولدى . ئۇ ئۆتكەندە ‹ئاپامنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرمىگىچە
مۇھەببەتلەشمەيمەن › دېگەندەك قىلغان . خۇدايىم ئۇنى شۇ ئارزۇ-
لىرىغا ، مەن ئەنسەر بىلەن توي قىلىپ بولغاندىن كېيىنرەك
يەتكۈزەر . »

مېھراي شۇ خىياللارنى قىلغاچ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار
ئۈچۈن مەخسۇس سېلىنغان ئىككى قەۋەتلىك ، چاققانغىنە ھويلى-
سى بار قورۇسى ئالدىغا كېلىپ ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باستى .

# بەشىنچى باب

## بولغۇسى قۇدىلار

رازاق قاتنىشىۋاتقان ئۆگىنىش كۇرسىنىڭ نېمىشقىدۇر ۋاق-تى ئۇزىراپ كەتتى. كۇرس تۈگىگەندىن كېيىن كۇرسانتلارنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئېكىسكۇرسىيىگە ئاپىرىدىغان بولۇپتۇدەك، شۇنىڭ بىلەن ئابىدەمۇ ئىدارىدە تۇرۇپ قالدى. ئۇ كېلىپ ئىدارى-نىڭ تەرجىمان يېتىشمەسلىك، سوتتا كاتىپ يېتىشمەسلىك ئىش-لىرى ئۈزلۈكسىز يۈرۈشۈپ كەتكەچكە مەنسۇرمۇ ئامراق بولۇپ قېلىۋاتاتتى ھەم مۇھىم ئىشلارنى ئۇنىڭغا ئىشەنچلىك تاپشۇرىدى-غان بولدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا گېزىت - ژۇرناللاردا ئابىدەنىڭ قانۇنغا دائىر ھەر تۈرلۈك ماقالىلىرى ئۈزۈلمەي ئېلان قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئىدارىدىكى ئىناۋىتىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈۋەتتى.

بۇ ئىشلار مېھرايىنى پاراكەندە قىلىپ قويدى. مەنسۇرنىڭ ئابىدەگە باشقىچە مۇئامىلە قىلىشىدىن مېھراي: «مەھكىمە باش-لىقى قارارىنى ئۆزگەرتىپ، قوشدۆڭ يېزىسىغا ئابىدەنىڭ ئورنىغا مېنى ئەۋەتەرمۇ» دەپ ئەندىشە قىلدى. ئۇغۇ مەيلى، ئەنسەرنى ئۆزىگە قارىتىش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشكەن بولسى-مۇ، لېكىن ھېچقانداق ئىلگىرىلەش يوق ئىدى. ئۇ ئىشى بولمى-سىمۇ ئەنسەرنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ سائەتلەپ ئولتۇرۇپ چىد-قاتتى. قەستەن بىر نەرسىلەرنى بىلمىگەن بولۇپ ئەنسەردىن چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى ئۆتۈنەتتى. دادىسىنىڭ نامىنى پەش قىد-لىپ ئەنسەرنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىستىقبالى ئۈستىدە گەپ

ئاچاتتى . لېكىن ، ئەنسەر پەرۋاسىز ، مېھراينىڭ گەپلىرىگە «ھە» ياكى «ياق» لا دەپ قويىدۇ ياكى بولمىسا كۈلۈپلا قويۇپ ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەيدۇ .

مېھراي بۇنىڭ سەۋەبىنى ئايدەدىن كۆردى : «ئايدەمۇ نېمىشقا بۇ ئىدارىگە بۆلۈنۈپ كەلگەندۇ ؟ يا كېلىپلا قوشدۆك يېزىسىغا كەتمىدى كۆزۈمگە قادىلىپ ، ئىككىمىز بىللە كەلگەندىكىن خەق نېمىلا ئىش بولسا ئىككىمىزنى سېلىشتۇرىدىكەن ، ھەممىلا ئادەم مېنى ئايدەدەك چېچەن ئەمەسكەن دېيىشىۋاتىدۇ . خۇددى ئۆزلىرى ئايدەنى بېسىپ چۈشىدىغاندەك ، مەن بۇنداق كېتىۋەرسەم چوقۇم يېزىغا ھەيدىلىمەن ، ئەنسەردىنمۇ قۇرۇق قالىمەن ، ئەڭ ياخشىسى ئازراق ھەرىكەت قىلىپ ، ئاۋۋال ئايدەنى يېزىغا يولغا سالاي ، ئاندىن بىر گەپ بولار» .

ياخشى كۈنلەر ئۇزاق داۋاملاشمىدى . بىر كۈنى ، ھۆرىيەت تۇيۇقسىز قىرىق بەش ياشقا كىرگەنلىكىنى تەبرىكلەپ چاي قىلماقچى بولۇپ قالدى ، ئۇ كۈنى ئايدە شۇنداق ئالدىراش ئىدى ، يېرىم كۈن سوت بولمىغاچقا ئۇ سوتخانىغا بېكىنىۋېلىپ ماقالىسىنى يېزىپ پۈتتۈرەي دەپ قالدى . چاي باغىقى بولسا ئەكىرگەن ئادەم قويۇپ قويغان پېتى تۇراتتى . ئېچىپ قاراپ بېقىشقىمۇ چولىسى تەگمىدى . ئۇ : «ھەرقاچان ئىككى - ئۈچ كۈن كېيىنكى چاينىڭ باغىقى» دەپ ئويلىغانىدى . شۇ كۈنى كەچتە ئىدارىدىكى ھەممە ئايالالار تۇغۇلغان كۈن زىياپىتى ئويناۋاتقان چاغدا ، ئۇ ماقالىسىنى يېزىپ پۈتتۈرۈپ قاتتىق چارچىغانلىقتىن ئارام ئالغانىدى .

ئەتىسى مېھراي دەرۋازا ئالدىدا ئۇچراپ :

— ئايدە ، ئەجەب قىلىقىڭ باركەن . باشقا چايغۇ مەيلى ، كوللېگىيە باشلىقىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگىمۇ بارماسەن ؟ نېمىلا دېگەنبىلەن بىزنىڭ باشلىق تۇرسا...

— نېمە ؟ ئۇ چاي تۇنۇگۈن كەچتىمىدى ؟

— شۇنداق بولمايچۇ؟ باغاقڭا قارىمىغانمۇ؟ ھەممەيلەن بار-دۇق، ھۆرىيەت ھەددەم سىڭنى ئالاھىدە سوراپ كەتتى.
— سەت ئىش بوپتۇ، بولدى، مەن ئەپۇ سوراپ قويارمەن…
— ماۋۇ دۆتنى، ئەپۇ سوراپ قويغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ ئۇبدانراق سوۋغاتتىن بىرنى تەييارلاپ، چېيىڭىزغا كىلەلمىدىم دەپ ئەكىرىپ قوي.
— سىلەرچۇ، نېمە سوۋغا قىلدىڭلار؟
— باشقىلار ئازراقتىن پۇل يىغىشقان ئوخشايدۇ، مەن يېڭى بولغاندىكىن ئۇبدانراق قىلاي دەپ ئالايىتەن بىر ئالتۇن ئۈزۈك سوۋغا قىلدىم.
— بەكلا كۆچەپسەنغۇ، بۇ چوڭ توي بولمىسا؟
— ئەخمەق، چوڭ تويىنى قاچانغىچە ساقلايسەن؟ بۇ باشلىق بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشتىكى بىر پۇرسەت. بىز قاچان سوت-چى بولغۇچە شۇ خوتۇننىڭ قولىدا ئىشلەيمىز.
ئابىدە ئويلىنىپ قالدى: «ناھايىتى شۇ كىچىككىنە بىر تۇغۇلغان كۈن زىياپىتى ئىكەنغۇ؟ ئۇنىڭغا بارالماي قالغانغا ھۆرد-يەت ھەددەم مەندىن يامانلاپمۇ كەتمەس، خىزمەتنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىسەملا باشلىق شۇنىڭدىن خۇشال بولار، گەپ سوۋغا ـ سالامدا بولمىغاندىكىن».
ئۇ كۈنى ئابىدە ئىنتايىن ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتتى. جىددىيچىلىكتە تۇغۇلغان كۈن، سوۋغا ـ سالام دېگەنلەرنى ياددىن چىقىرىپلا قويغانىدى. چۈشتىن كېيىن، بىر جەدۋەلگە ھۆرىيەتكە ئىمزا قويغۇزىدىغان چاغدىلا، ئاندىن ئاخشامقى ئىشلار ئېسىگە كېلىپ بىر قىسىملا بولۇپ قالدى.
ئابىدە ئارىسالدىلىق بىلەن ھۆرىيەتنىڭ ئىشخانىسىغا كىر-دى. ئۇنى كۆرگەن ھۆرىيەتنىڭ چىرايى خۇددى كەپسىز ئوقۇغۇ-چىغا تەنبىھ بەرمەكچى بولغان مۇئەللىمدەك غەزەپلىك تۈس

ئالدى . ئابىدە ئەمدىلا ئاغزىنى ئۆمەللىشكە ھۆرىيەت تەنقىتكە-مۇ ، مەسخىرىگىمۇ ئوخشاشمايدىغان تەلەپپۇزدا :
— ھە ، كىردىڭىزمۇ ، ئەسسالامۇئەلەيكۇم دېيىشمەيدىغان ئوخشايمىز دېسەم يەنە كۆرۈشۈپ قالىدىكەنمىز...
— سەت بولدى ، ھۆرىيەت ھەدە ، تۈنۈگۈن ئىشنىڭ جىقلى-قىدا باغاقنىڭ ۋاقتىغا قارىماپتىمەن ، خۇدايىم بۇيرۇسا كېيىن ئايرىم تەبرىكلىۋالارمەن ؟
— ياقەي ، سىز بارمىغانغا مېھمىنىم كەم ئەمەس ، سىزگە ئايرىم مېھمان بولغۇدەك ۋاقتىم يوق . دېمەكچى بولغىنىم ، بۇ ئىدارىگە كەلدىڭىز ، خىزمەتداشلار بىلەن ئىناق ئۆتۈڭ ، پائالى-يەت ، توي - تۆكۈنلەردىن ئايرىلىپ قالماڭ ، قاراڭ ، مېھرايمۇ سىز بىلەن بىللە كەلگەن ، ھەممىمىز بىلەن چىقىشىپ ھەدە - سىڭىللاردەك بولۇپ كەتتى . سىز ئۇنداق ھېچكىمگە ئارىلاشماي تۇتۇلۇپ يۈرسىڭىز بولمايدۇ . ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنىمۇ ئۆز يولى بىلەن ئىشلەيمىز .
ھۆرىيەت بىر تەرەپتىن سۆزلىگەچ ، بىر تەرەپتىن ئابىدەنىڭ قولىدىكى جەدۋەلنى ئېلىپ ئىمزا قويۇۋەتكەندىن كېيىن ئابىدەگە تەڭلىدى . ئابىدە جەدۋەلنى ئېلىپلا :
— مەن چىقاي ئەمىسە ، يېڭى بولغاچقا جىق ئىشلارنى بىلە-مەيدىكەنمەن ، دېگىنىڭىزدەك قىلارمەن ، — دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى .
ھۆرىيەت ئابىدەنىڭ ئارقىسىدىن ئالىيىپ قويدى ، ئەسلىدە ئابىدەنىڭ ئىدارىدە مەلۇم مەزگىل ئىشلەپ تۇرۇشىغا بۇ خانىم خېلى كۈچ چىقارغانىدى ، لېكىن ئابىدەنىڭ ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى «بىلمەسلىكى» ئوغىسىنى قاينىتىپ قويدى . خىزمەتنىمۇ ئىشلە-لەيدىغان ، ئويۇن - تاماشا ، مېھماندارچىلىقنىمۇ قولدىن بەرمەي-دىغان بۇ ئايال ئابىدەنىڭ دەرد - ھالىنى چۈشەنمەيتتى ، «يەنىلا كۆرگەن ، بىلگەن ئادەمنىڭ بالا - ۋاقىسى باشقىچە - دە» دەپ

ئويلىدى ھۆرىيەت قولىدا ۋالىلداپ تۇرغان مېھراي سوۋغا قىلغان ئالتۇن ئۈزۈككە قاراپ .

كارىدوردا دوقۇرۇشۇپ قالغان مېھراي ، ھۆرىيەتنىڭ ئىش-خانىسىدىن چىققان ئابىدەنىڭ مەيۈس چىرايىغا قاراپ ئارقىسىدىن مەنىلىك كۈلۈپ قويدى . ھۆرىيەتنىڭ خۇشامەتكە ، مېھماندارچى-لىققا ، ئويۇنغا ئامراقلىقى مېھرايىنىڭ باشلىقفا ياخشى بولۇشىغا يېشىل چىراغ يېقىپ بەرگەنىدى .

*　　*　　*

شەنبە كۈنى ، سائەت ئالىقاچان ئوندىن ئاشسىمۇ تېخىچىلا ئۇخلاۋاتقان مېھراي ھۇجرا ئىشىكىنىڭ يېنىك چېكىلىشىدىن تەستە ئويغاندى :

— كىم ؟ — دېدى ئۇ ئۇيقۇچان كۆزىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ .

ياسىداق ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ ھاماچىسى ، ئەمەلىيەتتە ئۆي خىزمەتچىسىنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالغان نىياسەمنىڭ بېشىغا چېكىلەپ ياغلىق تاڭغان ، يول - يول قورۇق چۈشكەن ئورۇق يۈزى كۆرۈندى .

— خانقىز ،— نىياسەم مېھرايىنىڭ ئىسمىنى ئاتماي شۇنداق چاقىراتتى ، — سائەت ئوندىن ئاشتى قوپۇپ ناشتا قىلىۋال-سىلا…

— بولدى ، ئادەمنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ ، ناشتا قىلىدىغان چاغدا مەن ئۆزۈم چۈشىمەن .

نىياسەم چىقىپ كەتتى . مېھرايىنىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كەت-كەن بولسىمۇ ، لېكىن قوپماي يېتىۋەردى . ئۇ قولىنى سوزۇپلا پەردە يىپىنى بىر تارتىۋىدى ، پەردە «شارت»لا ئېچىلىپ ، ھۇجرا قۇياش نۇرىدا «ۋاللىدە» يورىدى . ئازادە ، كەڭرى بۇ ھۇجرا مەخسۇس مېھرايغىلا تەئەللۇق بولۇپ ، خۇددى مەلىكىنىڭ

ھۆجرىسىدەك ئىپسىل ، ياسىداق ئىدى . يەرگە سېلىنغان قىلىن تۈركىيە گىلىمى ، نەپىس قوّيما كارىۋات ، ئالاھىدە سەنئەت بىلەن تىكىلگەن ئىپسىل پەردىلەر ، بۇلۇڭدىكى كومپيۇتېر ، كىتاب ئىش-كاپى بىلەن بىرىككەن يېزىق ئۈستىلى ھەم تورۇستىكى ئاسما چىراغ مېھراينىڭ ھەقىقەتەن بۇ ئائىلىدە ئىسمى - جىسمىغا لايىق «خانقىز» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى .

مېھراي ئاخىر ئورنىدىن تۇردى . ئۇ ئۇدۇلدىكى پەرداز ئىش-كاپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەينەككە قارىدى . قىرقىم چېچى غەلىتە پاخپايغان ، جىق ئۇخلىغانلىقتىن قاپىقى سەل ئىششىغانىدى . ئۇ ئەينەكتىن ھېلىتىن قاتلاق بولۇپ كەتكەن قوش ئېڭىكىگە ، يو-غان بىلەكلىرىگە ، ئۇخلاش كۆڭلىكىدىن بىلىنەرلىك كۆرۈنۈپ تۇرغان قورسىقىغا قاراپ كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولدى . مېھراي خىزمەتكە چىقىپلا كۈندىن - كۈنگە سەمرىۋاتاتتى . كەڭرى كى-يىملەر ئۇنى ئۆز يېشىدىن خېلىلا چوڭ كۆرسىتەتتى ، ئۇ ھەر-خىل ئورۇقلىتىش دورىلىرى ۋە چايلىرىنى ئىستېمال قىلىپ باقتى ، لېكىن ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە بارغانسېرى سەمرىپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ بەزىدە : «سېمىز بولغانلىقىم ئۈچۈن ئەنسەر مېنى يارىتالمايۋاتامدۇ - يە ؟» دەپمۇ ئويلاپ قالاتتى .

ئىشىك ئېچىلىپ مېھراينىڭ ئانىسى نۇرخان ئۆردەكتەك ئىرغاڭلاپ كىرىپ كەلدى . نۇرخان قىرىق بەش ياشلاردا ، قاش - كۆزى مېھرايغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان چىرايلىق ئايال بولسىمۇ ، لېكىن ھەددىدىن زىيادە سېمىزلىك ئۇنىڭ پاكار-غىنە بويى بىلەن قوشۇلۇپ ئادەمگە بەكمۇ كېلەڭسىز ، كۈلكىلىك تۇيغۇ بېرەتتى .

— ئەمدى قوپتۇڭمۇ ، ياش تۇرۇپ كۈن چۈش بولغۇچە ئۇخلامسەن ؟

— بىر ھەپتە ئىشلەپ چارچىدىم ، ئازراق ئارام ئالسام ئەجەبمۇ كاشىلا قىلىپ كەتتىڭلار .

— بۈگۈن نېمە ئىش قىلىسەن؟
— بىلمەيمەن، بازار چۆرگىلەيمىكىن...
— مەن ھېلى داداڭنىڭ شوپۇرى كەلسە تويغا بارىمەن، كەچتە ئۆيدە مېھمان بار. نىياسەمگە دەپ قويدۇم، ئۆپكە ـ ھېسىپ قۇيۇپ، چۆچۈرە تۈگۈپ قويىدىغان بولدى. سەن بىر يەرگە بارساڭ بالدۇرراق يېنىپ كېلىپ ئۇنىڭغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ تۇرمىساڭ ئۇلگۈرتەلمەيدۇ ئۇ مىس ـ مىس.
— ۋايەي، ئۆينى بىسەرەمجان قىلماي، بازاردىنلا ئەكەلسەك بولمامدۇ ئاشۇ نەرسىلەرنى...
— مېھمانلارغا نىياسەمنىڭ ئۆپكە ـ ھېسىپى ئۆتكەندە بەك ياراپ كېتىپتىكەن، ئالاھىدە سىلەرنىڭ ئۆينىڭ ئۆپكە ـ ھېسىپىنى يەيمىز دەپ ئەسكەرتىپ قويدى. ماڭ، سەن چۈشۈپ ناشتا قىل.
مېھراي كىيىنىپ بىرىنچى قەۋەتكە چۈشۈپ، تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ يۇيۇندى. ئۇ يۈز ـ كۆزىنى لۆڭگىدە ئېرتاي دەپ تۇرۇشىغا، نىياسەمنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى:
— خانقىز، سىزنى بىر قىز ئىزدەپ كەپتۇ...
«ھەرقاچان گۈزەلنۇر كەلدى، يەنە شۇ كىيىم ئالغىلى بىللە بارايلى دەيدىغان چېغى، ھەرقاچان ‹پۇلۇم كەملەپ قالدى، پۇل بېرىپ تۇر› دەيدۇ، ئەجەبمۇ زېرىكتىم شۇ ئاداشنىڭ تولا پۇل سورايدىغان ئىشىدىن...» دەپ ئويلىدى مېھراي.
— باشلاپ كىرىڭ، — دېدى مېھراي، — مەن ھازىر چىقىمەن.
مېھراي يۈزىنى ئالدىراپ ئېرتىپ، چېچىنى تاراپ تۈزەشتۈرۈپ چىققاندا مېھمانخانىدا گۈزەلنۇر ئەمەس، ئابىدە ساقلاپ تۇراتتى.
— ۋاي، كۈن قاياقتىن چىقتى؟ ئايىغىڭدىن ياغاچ ئۈشتۈپ. تەيمۇ ـ يا؟

ئەتىگەندىن بېرى سېمىزلىكتىن قاقشاپ ئولتۇرغان مېھراينىڭ كۆزىگە ئابىدە خۇددى كۆلدە لەرزان ئۈزۈۋاتقان ئاق قۇدەك چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى . ئابىدە يەنىلا بىر قۇر پادىچىلار ئىشتان ـ چاپىنىنى كىيىۋالغان بولۇپ ، ئۇزۇن تۇز چېچىنى چوققىسىغا بىرلا بوغقانىدى . مۇشۇنداق ياسىنىش ئۇنىڭغا بەكمۇ ياراشاتتى . ئىككى ساۋاقداش تۇنۇگۈنلا بىر ئىدارىدە ئىشلىگەن بولسىمۇ ، مېھراينىڭ ئۆيىدە كۆرۈشكەچكە خۇددى ئۇزۇندىن بېرى كۆرۈشمىگەندەك قىزغىنلىق بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى .

— سېنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم ،— دېدى ئابىدە كېلىش مۇددىئاسىنى ئېيتىپ ،— كومپيۇتېردا تىزىدىغان بىر پارچە ماقالەم بار ئىدى ، ئىدارىگە بارسام توك يوقكەن . بۈگۈن پۈتتۈرمىسەم بولمايتتى ، شۇڭا سېنىڭ كومپيۇتېرىڭدا تىزىۋالاي دېگەن .

— ياخشى قىپسەن ، شۇ ئىشىڭغا بولسىمۇ ئەسقاتاي ، ئۇ كومپيۇتېرنىمۇ ئۆتكەندە سەن كېلىپ تەڭشەپ بەرگەندىن كېيىن ئېچىپمۇ باقمىدىم . ۋاقتىڭ يەتسە كېلىپ ئىشلەتسەڭ بولىدۇ . توختاپ تۇر ، مەن تېخى ناشتا قىلمىدىم ، ھازىر تۇرغان ، ئاۋۋال بىللە ناشتا قىلايلى ، ئاندىن ئۈستىگە چىقايلى…

— سەن تېخى ئەمدى تۇردۇڭمۇ… ئورۇقلايمەنلا دەيسەن ، بۇنداق ئۇخلىساڭ قانداق ئورۇقلايسەن…

— بۈگۈن ئېزىلىپلا قاپتىمەن ، سەنچۇ ، خېلى بالدۇر قوپقان ئوخشىمامسەن ؟

— ھەي ، نېمىسىنى دەيسەن ، بالدۇر قوپمايمۇ ئامال يوق ، مەن ھەر كۈنى سائەت بەشتە قوپىمەن ، بەدەن چېنىقتۇرىمەن ، كىتاب كۆرىمەن ، ئۆي يىغىشتۇرىمەن ، ناشتىلىق تەييارلايمەن . بۈگۈنمۇ شۇ ئىشلارنى قىلىپ بولۇپ ، ئۆيدىن پىيادە كەلدىم .

— نېمە ، سەن شۇنچە يىراق يەردىن پىيادە كەلدىڭمۇ ؟

— ھەئە ، مەن ئالاھىدە ئالدىراش بولمىسام داۋاملىق پىيادە

ماڭىمەن ، سەنمۇ ئامال بار خىزمەتكە ماشىنىدا ئولتۇرۇپ كەلمە ، بىزنىڭ خىزمىتىمىز سەككىز سائەت ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ ئىشلەيدىغان خىزمەت ، خىزمەتتىن سىرت ئازراق ھەرىكەت قىلمىساق بولمايدۇ .

— شۇڭا سەن داۋاملىق مۇشۇنداق ئورۇق تۇرىسەن ، مەن قاچانمۇ سەندەك بولارمەن ؟

— سەن بىر ئاي مېنىڭ تۇرمۇشۇمنى كەچۈرۈپ باقساڭ چوقۇم ئورۇقلايسەن ، سەن دېگەن راھەت كۆرۈشكە تۆرەلگەن غەمسىز ئىنسان ، مەن تارتقان جاپا ـ مۇشەققەت ، موھتاجلىقنىڭ ئوندىن بىرىنى كۆرمىدىڭ ، ئۇنداق ئىشلارنىمۇ بىلمەيسەن .

ئىككىسى دوستانە پاراڭلىشىۋاتقاندا نىياسەم پەتنۇستا ناشتىلىق ئېلىپ كىرىپ ئابىدەگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى :

— كۆزۈمگە ئەجەبمۇ تونۇش كۆرۈندى بۇ قىز ، كىمنىڭ قىزى بولسىلا بالام ؟

مېھراي گەپنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتى :

— دېسىمۇ سىلى تونۇمايلا ، ئۆيگە كەلگەن دوستلىرىم بىلەن كارىلىرى بولمىسۇن .

نىياسەم ئوڭايسىزلىنىپ چىقىپ كەتتى .

— چوڭ ئايالغا نېمانچە قوپاللىق قىلىسەن ؟ — دېدى ئابىدە .

— گەپنى ـ گەپكە قوشماي ، دوستلىرىم كەلسىلا كىرىپ گەپلىشىپ كېتىدۇ ، ئىچىمنى سىقىپ .

— چوڭلار دېگەن شۇنداق ، بەلكىم ئۆيدە زېرىكمىدىغاندۇ ؟

نىياسەممۇ ئابىدەگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالغانىدى . ئاڭغىچە نىياسەم يەنە بىر پەتنۇستا تاتلىق ـ تۈرۈملەرنى كۆتۈرۈپ كىلىپ تىزدى . مېھراينىڭ دەۋتى بىلەن ئابىدە ئانچە ـ مۇنچە چاي ئوتلاپ ئۇنى ـ بۇنى ئالغانمۇ بولدى . ئەتىگەندە ئابىدە قارا چاي بىلەنلا بىر پارچە ناننى يەۋالغان بولسىمۇ ، لېكىن ئارىلىقتا بىر

نەرسە يېگۈسى كەلمەيتتى . ئۇ ناشتا قىلىۋاتقان مېھرايغا قارىدى . مېھراي بولكىغا مۇراببا سۇرۇپ ئىشتەي بىلەن ناشتا قىلىۋاتاتتى . ئارىلاپ باشقا نەرسىلەردىنمۇ ئېلىپ قوياتتى . مېھراي ئاخىر ناشتىسىنى تۈگەتتى ھەم ئابىدەنى ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ھۇجرىسىغا ئېلىپ چىقتى .

مېھراي كومپيۇتېرنى يېڭى ئالغان چاغدا ئابىدە بىر قېتىم كېلىپ تەڭشەپ بەرگەچكە ، ئەلمى ـ تەلمىلىرىنى ئېنىق بىلمەيتتى .

— سەن ئىشىڭنى قىلىۋەرگىن ، — دېدى ئابىدە ،— مەنمۇ بىر دەمدىلا ئۇرۇپ بولىمەن .

ئابىدە سومكىسىدىن ئورىگىنالىنى ئالدى ـ دە ، كومپيۇتېرنى ئېچىپ تاراقلىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى . مېھراي ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئاستا چىقىپ كەتتى . پەقەت ئەنسەرنى ئۇنىڭدىن قىزغانغانلىقىنى دېمىسە مېھراي ئابىدەنى ياقتۇراتتى . لېكىن ، خىزمەت ئىقتىدارى جەھەتتىكى پەرق ، ئەنسەرنىڭ ئابىدەگە زىيادە قىزغىن بولۇشى مېھرايدا ئابىدەگە قارىتا كۆرەلمەسلىك ، ھەسەتخورلۇققا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل ياقتۇرماسلىق پەيدا قىلىپ قويغانىدى . لېكىن ، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە ئىشىنىدىغان يېرى بار ، ئۇ دېگەن باشلىقنىڭ قىزى ، ماۋۇ شەھەردە چاقىرسا ئېتى ، تۇتسا سېپى بار راۋرۇس ئائىلىنىڭ يالغۇز قىزى . ئەنسەرنىڭ ئانىسىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ ، خېلى ھالى بار ، ھاكاۋۇر خوتۇن ، ئابىدە خىزمەتتە ھەرقانچە ئىقتىدارلىق بولسىمۇ ئۇ دېگەن كەمبەغەل ، تۇل ئايالنىڭ باشقىلارنىڭ كىر ـ قېتىنى ، ئېغىر ـ يېنىك ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىپ تاپقان پۇلىغا ئوقۇتقان قىزى . ئەنسەرنىڭ ئانىسى ھەرگىزمۇ ئابىدەنى كېلىن قىلمايدۇ . ۋاقتى كەلسە مېھراي شۇلارنى ئويلىسا خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالاتتى .

ئابىدە بېرىلىپ ماقالە ئۇرۇۋاتقاندا مېھراينى ئىزدەپ نۇرخان

كىرىپ قالدى . ئۇلار بۇرۇن كۆرۈشمىگەچكە ئابىدە ھودۇقۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ھەم ئەدەپ بىلەن تىنچلىق سورىدى .

— ۋۇي ··· كەلگىنىڭىزنى بىلمەپتىمەن ، ئۆزىڭىز كىم ؟

— مەن مېھراينىڭ دوستى . ھازىر كېلىشىم ، تېزىدىغان ماقالەم بار ئىدى . مېھراينىڭ كومپيۇتېرىنى ئىشلىتىپ تۇراي دەپ كېلىشىم ، — دېدى ئابىدە ئوڭايسىزلىنىپ .

نۇرخان ئابىدەنىڭ تال چىۋىقتەك بەرنا تۇرقىغا ، ئوماق چىر-رايىغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى . «ۋۇي ، بۇ قىز ئەجەبلا تونۇشلا ، بىرىگە ئەجەب ئوخشاتتىم» نۇرخان تېڭىرقاپ قالدى ھەم ئابىدەگە :

— ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ ، مېھراي قېنى ؟ — دەپ سورىدى .

— پەسكە چۈشۈپ كەتكەن .

نۇرخان ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ پەسكە ماڭدى ، لېكىن نې-مىشقىدۇر يۈرىكى سوقۇپ جىددىيلىشىپ كەتتى . ئابىدەنىڭ چىر-رايى خۇددى نۇرخانىنىڭ كۆز ئاپپاراتى سۈرەتكە ئېلىۋالغاندەك ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا تۇراتتى . نېمىشقا بۇنداق جىددىيلىشىدىكىن ئۆزىمۇ بىلمەيتتى . نۇرخان پەسكە چۈشكەندە مېھراي ھازىرلا كىرىپ كەلگەن گۈزەلنۇر بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈۋاتاتتى . گۈ-زەلنۇر ھەر شەنبە ، يەكشەنبە كۈنلىرى مۇشۇ ئۆيدىلا بولغاچقا ھەممەيلەن ياخشى تونۇيتتى . نۇرخان گۈزەلنۇر بىلەن مۇنداقلا سالاملىشىپ قويۇپ ، مېھراينى چەتكە تارتتى .

— ھۆجراڭدىكى كىم ئۇ ؟

— ئۇ ئابىدە ، ئالىي مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ، ھازىرمۇ بىللە ئىشلەيمىز .

— كىمنىڭ قىزى ئۇ ؟

— كىچىكىدە دادىسى ئۆلۈپ كېتىپتىكەن ، ئانىسىنىڭ ئىسمى نېمە بولغىيتى ، تىككۈچىلىك قىلىدىغان ئايال ··· توغرا

ئىسمى ئايىمخاندەك قىلاتتى ...

تونۇش سىيما... تونۇش ئاۋاز... نۇرخاننىڭ بېشى قايمۇقۇپ قالدى. شۇ ئەسنادا سىرتتىن نۇرخاننى چاقىرغان بولسا كېرەك ماشىنا سىگنالى ئاڭلىنىپ، نۇرخان ئېسىگە كەلدى.

— قىزلار، سىلەر ئىشىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار، دادىسى ماشىنىدا قالغان، يېزىدىكى بىر تويغا بارىمىز. نىياسەم سىز مەن دېگەن ئىشلارنى پۈتتۈرگەچ تۇرۇڭ.

نۇرخان شۇنداق دېگەچ خوشلىشىپ چىقىۋېتىپ ئابىدە بار ھۇجرا ئىشىكىگە نېمىشقىدۇر ئەنسىز قاراپ قويدى.

— ئاداش، تېزرەك بولايلى، — دېدى گۈزەلنۇر، — ئۇ مايكىنى سەن كىيسەڭمۇ پاتىدۇ، شۇنداق چىرايلىق، يۇرە، شاققىدە بېرىپ كېلەيلى...

— ئۆيدە ئابىدە تۇرسا...

گۈزەلنۇرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ كۆرۈشۈپ قويۇش ئۈچۈن چىققان ئابىدە بۇنى ئاڭلاپ تېزلا:

— سىلەر چىقىۋېرىڭلار، مەن ماقالەمنى تىزىپ بولۇپ ئۆزۈم كېتىۋېرەي، ماڭا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرساڭمۇ بەربىر غىڭ قىلماي خەت تىزىمەن، زېرىكىپ قالىسەن.

— ئاران بىر كەلگەندە مېنى يالغۇز تاشلاپ قويدى دېمەمسەن؟

— ياقەي ... سېنى ئىشتىن قويسامۇ، خىجىل بولۇپ قالاتتىم. خاتىرجەم بېرىۋەرگىن ... ئۆيدە نىياسەم ئاچام بولغاندىكىن...

شۇنداق قىلىپ ئىككى قىز بازارغا بارىدىغان، ئابىدە ئۆيدە ماقالە ئۇرىدىغان بولۇپ كېلىشىپ ئۇلار بازارغا كەتتى. ئابىدە ھۇجرىغا يېنىپ كىردى. ئۇنىڭ پىكرى چېچىلغانىدى. «نېمىدېگەن غەمسىز، خۇشال قىزلار - ھە؟ كىيىم كىيىش، ئويناش ئۈچۈنلا يارالغاندەكلا.» ئابىدە مېھرىبانىنىڭ ھۇجرىسىغا

سەپسالدى ، ئىككى قەۋەت ئۆيدىكى تىقىلىپ كەتكەن بايلىقلار ئابىدەنىڭ تۇرمۇشى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ئىدى . ئاجىزلاپ كەتكەن ئانىسى يادىغا كېچــىشى بىلەن ئابىدەنىڭ كۆزى نەملە- شىپ دىماغلىرى ئېچىشتى .

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن ، ئۇ ئاخىر ماقالىنى تىزىپ بولدى . مۇرىسى سىرقىراپ ، كۆزى تېلىپ كەتكەنىدى . ئۇ ئورۇندۇقنىڭ ئارقا يۆلەنچۇكىگە ئۆزىنى تاشلاپ كۆزىنى يۇ- مۇپ بىردەم ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، ئورنىدىن تۇرۇپ نەرسە- لىرىنى يىغىشتۇرۇپ پەسكە چۈشتى . ھەممەيلەن چىقىپ كەتكەچ- كە قورۇ جىمجىت ئىدى . پەقەت ئاشخانىدىنلا شىپىرلىغان ئاۋاز كېلەتتى . ئابىدە «خوش» دەپ قويۇش ئۈچۈن ئاشخانىغا كىرىپ چۆچۈپ ۋارقىراپ كەتتى :

— نېمە بولدىلا ھەدە ...

نىياسەم بىقىنىنى تۇتۇۋالغان بولۇپ ، قاتتىق قىينىلىۋاتقان بولسا كېرەك ، ئوچاق بېشىدىلا ئولتۇرۇپ قالغانىدى . ئابىدە يۈگۈرۈپ كېلىپ نىياسەمنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى . چىرايى تاتى- رىپ كەتكەن نىياسەم ئابىدەنى كۆردى ـ دە :

— قىزىم ، ئاۋۇ توڭلاتقۇنىڭ ئۈستىدىكى دورىنى ئەكېلىپ ، ماڭا بىر پىيالە قايناق سۇ قۇيۇپ بېرىڭە ؟— دېدى .

ئابىدە ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدى ، نىياسەم دورىنى ئىچىپ ئازراق جىم تۇرۇۋالدى .

بىر تەرەپتە چۆچۈرىنىڭ قىيمىسى توغراپ قويۇلغان ، يەنە بىر تەرەپتە ئۆپكە ـ ھېسىپنىڭ لازىمەتلىكلىرى يېيىلىپ تۇرات- تى . ئابىدەنىڭ بىچارە ئايالغا بەكمۇ ئىچى ئاغرىدى .

— مىجەزلىرى يوقكەن ، ئارام ئالسىلا ... مەن مېھرايىغا تېلېفون قىلاي ، يېنىپ كەلسۇن...

— ھاجىتى يوق قىزىم ، بىردەمدە ياخشى بولۇپ قالىمەن ، بۇ كېسىلىم دائىــم قوزغىلىــپ تۇرىــدۇ ، دورا ئىچىۋالسام ئوڭشىلىمەن .

— شۇنداقتىمۇ بۇ قاتارلىق ئىشلارغا قانداق يېتىشىپ بولالايلا… قالغىنىنى ئۆزلىرى كېلىپ قىلسا بولمامدىمۇ؟

— كەچتە مېھمان باركەن، ئۇلگۇرتەلمىسەم بۇنىڭدىن ئېغىر كۆڭۈل ئاغرىقى بولار… ئامال قىلىپ تۈگىتەي…

— ئۇنداق بولسا مەن ياردەملىشەي ھەدە … مەن چۆچۈرىگە بەك ئۇستا، ناھايىتى تېز تۈگىمەن.

— سىلى مېھمان تۇرسىلا قىزىم.

— ياش كەلسە ئىشقا دەپتىكەن، مېھراي مېنىڭ يېقىن دوستۇم، مېنى ئۆز كۆرسىلە…

نىياسەمنىڭ مېھرى ئىسسىق، گەپ ـ سۆزى يېقىشلىق بۇ قىزنى كۆرۈپ كۆزىگە «مۆللىدە» ياش كەلدى. بۇنچىلىك گەپ ئاڭلىمىغىلى قاي زامان، نۇرخان بىلەن مېھراينىڭ ئۇنىڭغا كۆ-ڭۈل بۆلگۇدەك چولىسى يوق. قىلغان ئىشى سەللا يارىمىسا ئۇلاردىن دەشنام ئاڭلايدۇ. بىر تۇغقان ئاكىسى جاپپار ئۆيگە ئاندا ـ ساندىلا كېلىدۇ. يىغىن، ئۆگىنىش، خىزمەت بىلەن ئالدىراش. ئۆيدە بولسىمۇ ئايلاپ ئۇنىڭدىن «ھالىڭ نىچۇك» دەپ سوراپ قويمايدۇ. ئىككى قەۋەت ئۆينى سۈرتۈپ، تازىلاپ، ئۈچ ۋاخ تاماق ئېتىش نىياسەمنىڭ ئۆزگەرمەس تۇرمۇش رىتىمى. ئۇنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىدىغان ھېچكىم يوق.

ئابىدە چاققانلىقى ھەم چېۋەرلىكى بىلەن بىردەمدىلا نىياسەم يۇغۇرۇپ قويغان خېمىرنى نوغۇچ بىلەن نېپىز قىلىپ يېيىپ، كېسىپ چۆچۈرىنىڭ جىلتىسىنى تەييار قىلدى ھەم تۈگۈشكە باشلىدى. نىياسەممۇ ئۆپكە ـ ھېسىپنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى. ئابىدە مېھرىبان، دىلكەش قىز بولۇپ، بىر تەرەپتىن چۆچۈرە تۈگكەچ، بىر تەرەپتىن نىياسەمگە ئائىلىسى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى.

— بابا ئائىلەمدىكىلەرنى سورىدىلا … دادام كىچىك

ۋاقتىمدىلا ئۆلۈپ كېتىپتىكەن . ئۇنىڭ چىرايىنىمۇ بىلمەيمەن . ئۆيىمىزدە دادامنىڭ بىرەر پارچە سۈرىتىمۇ يوق . ئانام مېنى بەكمۇ جاپادا بېقىپ چوڭ قىلدى . ئەمدى خىزمەتكە چىقىپ ئانامنى راھەتكە چىقىراي دېگەندە كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى . ئانامنىڭ ياش ـ قۇرامىمۇ سىلە دېمەت بار . لېكىن ، جاپا ھەم كېسەلنىڭ دەستىدىن تېز قېرىپ كەتتى .

— ھەر نېمە بولسا سىزگە ئوخشاش ئوبدان قىزى باركەن . مەندەك بولۇپ قېلىشتىن خۇدايىم ساقلىسۇن .

— قانداق دەيلا… سىلىنىڭ بالىلىرى يوقمۇ ؟

— مېنىڭ مۇشۇ بىر تۇغقان ئاكامدىن باشقا ھېچنەرسەم يوق . بۇرۇن توي قىلغان ، ئۈچ يىلدەك ئۆي تۇتۇپ تۇغماس بولغانلىقىمدىن يولدىشىم تاشلاپ كەتكەن . شۇ چاغدا قوشدۆڭ يېزىسىدا تۇراتتىم . ئۇ يەردە تۇرىۋېرىپ دېھقانچىلىق قىلسامىمۇ بوپتىكەن . ئاكامنى پاناھ تارتىپ شەھەرگە كېلىپ ، ئەمدى بۇ ئۆينىڭ چاكىرى بولۇپ قالدىم .

ئابىدە ئەسلىي نىياسەمنى ئۆي خىزمەتچىسى دەپ ئويلىغاندى . لېكىن ، ئۇنىڭ جاپپارنىڭ سىڭلىسى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى . توۋا ، ئۇرۇق ـ تۇغقانىنىمۇ چاكارنىڭ ئورنىدا كۆرىدىكىنە…

— سىلەر بۇرۇن قوشدۆڭ يېزىسىدا تۇرغانمۇ ؟— دېدى ئابىدە قوشدۆڭ يېزىسى يادىغا كېلىپ .

— ھەئە ، ھازىرمۇ شۇ يەردە قورۇ ـ جايىم بار ، ئادەم يوق تاشلىنىپ قالدى . جاپپار ئاكاممۇ ئۇ يەردە خېلى ئۇزۇن ئىشلىگەن . ئاتا ـ ئانىمىز قوشدۆڭلۈك ئىدى . بەزىدە ئۇ يەرگە شۇنداق بېرىپ كەلگۈم كېلىدۇ . سەھرا بولسىمۇ ، ياشلىقىمىز ئۆتكەن ، دادام ، ئانام تۇرغان يەر ، لېكىن بۇ ئۆيدە ئىشنىڭ كۆپلۈكىدە بىر سائەتمۇ بىكار بولالمايمەن .

— مەنمۇ ئاز كۈندىن كېيىن قوشدۆڭ يېزىسىغا بېرىپ

ئىشلەيدىغان ئوخشايمەن ، — دېدى ئابىدە .

— ۋاي ، ئوبدان بوپتۇغۇ ؟ يول جاپاسىنى دېمىسىغۇ يېزىدا ئىشلىگەنمۇ ياخشى . ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرىمۇ ياۋاش ، ياخشى ئادەملەر . شەھەرنىڭ قىيقاس - سۈرەنلىرىدىن زېرىكىپمۇ قالىدۇ كىشى...

نىياسەم ئابىدەنى بارغانچە ياقتۇرۇپ قېلىۋاتاتتى . ئابىدە چاققانلىق بىلەن چۆچۈرىلەرنى تۈگۈپ بولۇپ نىياسەمگە ياردەملەشتى . نىياسەم سىزغۇچتا ئۆلچەپ تىزغاندەك رەتلىك تىزىلغان چۆچۈرىلەرگە قاراپ ئابىدەگە ھەۋەسى كەلدى ھەم چۆچۈرىلەر ئىچىدىكى چىرايلىق گۈل شەكلىدە تۈگۈلگەن بىر چۆچۈرىنى كۆرۈپ قالدى .

— ۋۇي ، بۇنداق گۈل چۆچۈرىسىنى سىزمۇ تۈگەلەمسىز ؟

ئابىدە كۈلۈپ كەتتى :

— بۇنى ئانامدىن ئۆگىنىۋالغان ، بىز ئۆيدە ھەر قېتىم چۆچۈرە ئەتسەك ئاشۇنداق گۈل چۆچۈرىدىن بىرنى تۈگۈپ قويىمىز . بۇ چۆچۈرە كىمنىڭ قاچىسىغا چىقسا ئۇنىڭغا تەلەي كېلىدۇ دەيتتۇق . ھەر قېتىم تەلەي چۆچۈرىسى ماڭا چىقاتتى .

بۇ گەپلەرنى نىياسەم قاچان ئاڭلىغان بولغىيتى ... بۇنداق گۈل چۆچۈرە تۈگۈپ قويۇش نىياسەمنىڭمۇ ئادىتى . بىراق ، بۇنى كىمدىن ئۆگەنگەن...

نىياسەمنىڭ خىيالى يىراق - يىراقلارغا كەتتى . ئۇ چاندۇرماي ئابىدەگە دەممۇدەم قارايتتى . ئېگىز ، ئىنچىكە ، زىلۋا قامەت ، سۈزۈك ئاق يۈز ، قىرلىق ئىنچىكە بۇرۇن ، نېمانچە تونۇش چىراي بۇ ، خۇددى كۈندە كۆرۈپ تۇرغاندەك... بولۇپمۇ كۈلكىسى شۇنچە يېقىملىق .

ئابىدە خېلى كۆپ ئىشلارنى قىلىشىپ بەرگەندىن كېيىن كەتمەكچى بولدى . نىياسەمنىڭ ئۇنى تۇتۇپ قالغۇسى بولسىمۇ ، ئىشقا تۇتىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئارتۇقچە زورلىمىدى .

— كېلىپ تۇرۇڭ قىزىم ، سىزنى كۆرسەم تۇغقىنىمنى كۆرگەندەك بولۇپ قالىدىكەنمەن ،— دېدى نىياسەم كۆزى قىيمى-غان ھالدا .

ئۇلار خوشلىشىۋاتقاندا ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلىپ نۇرخاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى ھەم ئۆيگە ئەر - ئايال ئىككىيلەن كىرىپ كەلدى . ئابدەنىڭ مېھرايىنىڭ دادىسىنى تۇنجى كۆرۈشى بولغاچقا ھودۇقۇپ ، تەمتىرىگەن ھالدا سالام قىلدى . جاپپار ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بۇ قىزغا ھەيرانلىق بىلەن قارىدى :

— بۇ قىزچاق كىم بولىدۇ ؟ بۇرۇن ئەجەب كۆرمەپتىمەن...

— بۇ قىز مېھرايىنىڭ دوستىكەن ،— دېدى نىيا-سەم ،— شۇنداق ئوچۇق - يورۇق چىقىشقاق قىزكەن .

— كومپيۇتېردا تىزىدىغان ماقالەم بار ئىدى ،— دېدى ئابدە ئۆزىنىڭ مېھراي يوق يالغۇز تۇرغانلىقىنى چۈشەندۇرۇپ ، — ئۇنى تىزىپ بېسىۋالدىم . ھازىر قايتاي دەپ تۇراتتىم . سىلەرنى ئاۋارە قىلدىم...

يۈرىكىنىڭ سېلىشى ، جىددىيلىشىش نۇرخاننى يەنە ئۆز ئىل-كىگە ئالدى . بۇ كىچىككىنە قىز ئۇنى نېمىشقا بۇنداق ساراسىمى-گە سالىدۇ ؟ جاپپارنىڭمۇ قىزغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قېلىشى-دىن نۇرخانغا بوش تىترەك ئولاشتى ھەم ئۆزىنى تېزلا ئوڭشاپ نىياسەمگە :

— مەن دېگەن ئىشلارنى قىلىپ بولدىڭىزمۇ ؟— دەپ سورىدى .

— ھەئە ، ھېلىمۇ ئابدە باركەن ، ئۇ ماڭا ياردەملىشىپ خېلى كۆپ ئىشلارنى قىلىشىپ بەردى .

— مېھراي قېنى ؟ — دېدى نۇرخان ئەتراپقا قاراپ .

— گۈزەلنۇر بىلەن بازارغا چىقىپ كەتتى .

— ماۋۇ بالىنى ، — دېدى باياتىن بېرى جىم تۇرغان

جاپپار ،— ئۆيگە مېھمان كەلسە بازارغا چىقىپ كەتكىنى نېمىسى؟
— سىلەرنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇم. مەن قايتاي، خوش ئەمىسە.
ئابىدە خوشلىشىپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا نىياسەم بىردىنلا جاپپارغا قاراپ قالدى-دە، چۈشىنىكسىز تەرزدە تۇرۇپ قالدى. «ۋاي خۇدايىم، ئەتىگەندىن بېرى كىمگە ئوخشاتقىنىمنى بىلەلمەي يۈرۈپتىمەن، جاپپار ئاكامغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەنغۇ بۇ قىز. توغرا، توغرا، بويىنىڭ ئېگىزلىكى، تەن قۇرۇلۇشى نېمە-دېگەن ئوخشىغان. توۋا، يات ئادەملەرمۇ بىر-بىرىگە ئەجەبمۇ ئوخشايدىكەن، شۇڭا بۇ قىز كۆزۈمگە باشقىچە كۆرۈنۈپتى-كەن-دە.»
جاپپار بىلەن نۇرخان ئابىدە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بىر هازاغىچە جىمىپ كەتتى. نىياسەم ئويلىغاننى نۇرخانمۇ ئويلاپ ئۈلگۈرگەنىدى. ئۇ كۆڭلى پاراكەندە ھالەتتە ساپاغا كېلىپ ئول-تۇرۇپ تاماكا تۇتاشتۇرۇۋاتقان ئېرىگە قاراپ قويۇپ كېيىم يۆت-كەش ئۈچۈن كىرىپ كەتتى. جاپپارمۇ بۇ قىزنى قاچان، قەيەردە ئۇچراتقانلىقىنى ئەسلىيەلمەيتتى. لېكىن، قىز شۇ قەدەر تو-نۇش، يېقىشلىق ئىدى. جاپپار يىراققا كەتكەن خىيالىنى يىغىپ كەچتە كېلىدىغان مېھمانلارنى ئېسىگە ئالدى-دە، شوپۇرىغا بازاردىن ئەكېلىدىغان تۈرلۈك كاۋاپ، ھاراقلارنى بۇيرۇشقا باش-لىدى. كىيىم يەڭگۈشلەپ ئاشخانىغا كىرگەن نۇرخان رەتلىك تۈگۈلگەن چۆچۈرىلەرگە، قايناپ پىشىۋاتقان گۆش، ئۆپكە-ھېسىپلەرگە قاراپ خاتىرجەم بولدى.
— باياتىنقى قىز سىزگە نېمە دېدى؟ — دەپ سورىدى نۇرخان گۇمانلىنىپ.
— باشقا گەپ قىلمىدى، ئانىسى كېسەلكەن، ئانا-بالا ئىككىسى يالغۇزلا تۇرىدىكەن، ئانىسى قىزنى بەكلا جاپادا چوڭ قىپتۇ، شۇ گەپلەرنى قىلىپ بەردى.

— ئانىسى كىمكەن ؟
— ۋاي ئىسىم قۇرۇسۇن ، ئانىسىنىڭ ئىسمىنى سورىماپتىمەن ، تىككۈچىلىك قىلىدۇ دېدىغۇ دەيمەن ،— دېدى نىياسەم .
بۇ گەپلەر تاشقىرىقى ئۆيدىكى جاپپارغىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى . نېمىشقىدۇر ئۇ قىزنىڭ ئائىلىسى ھەققىدىكى پاراڭ جاپپارنىڭ بەكرەك دىققىتىنى تارتقانىدى .
كەچتە مېھمان كېلىدىغان بولغاچقا ھەممەيلەن ئالدىراش تەييارلىقلارغا چۈشۈپ كەتتى . مېھمانلارنىڭ سانى كۆپ ئەمەس ، ئۈچ جۈپ ئەر - ئايال ئىدى . دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى ئابباس ئايالى ئامىنەم بىلەن ئەڭ ئاۋۋال يېتىپ كەلگەن ، ئامىنەم بىلەن نۇرخان بۇگۈن بىر - بىرىگە بۆلەكچىلا قىزغىن يېقىنچىلىق قىلىشاتتى .
تاماقلار بىرەر قۇر يېيىلىپ ، ئەرلەرمۇ ، ئايالللارمۇ ئۆز پاراڭلىرىغا چۈشتى . بىردەمدە ئامىنەمنىڭ كۆزى بۇلۇڭدىكى تېلېفون ئۈستىلى ئۈستىگە قويۇلغان مېھراينىڭ ئالىي مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا چۈشكەن رامكىلىق سۈرىتىگە چۈشتى . سۈرەت رەڭدار نۇرلار ، يۇقىرى تېخنىكىلىق سەنئەت بىلەن تارتىلغاچقا ، مېھراي شۇنچىلىك ئوماق ، گۈزەل ، غۇبارسىز چۈشكەنىدى .
— بۇ مېھرايقىز ئوخشىمامدۇ ،— دەپ سورىدى ئامىنەم .
— ھەئە شۇ ، ھازىر يېتىلىپ بۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتتى ،— دېدى نۇرخان پەخىرلىنىش ھېسسىياتى بىلەن .
ئامىنەم سۈرەتنى يولدىشى ئابباسقا كۆرسەتتى :
— قاراڭ ، مېھرايقىزنىڭ چىرايلىقلىقىنى ، بىزنىڭ ئەنسەر بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان قىز شۇ .
ئابباسمۇ سۈرەتكە قاراپ مېھراينىڭ گۈزەللىكىنى بىرەر قۇر ماختاپ قويدى .
نۇرخاننىڭ كۆڭلىدە بىرلان كۆپ ئىدى . ئۇ قاتار چايدا

ئامىنەملەرنىڭكىگە بارغاندا ئەنسەرنى كۆرگەن ھەم ئۇنىڭ سوتتا ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلىپ ، بۇ كېلىشكەن ، ئىستىقباللىق يىگىت- نى ئۆزىگە كۇيئوغۇل قىلىۋالغۇسى كەلگەندى . بۇنى ئامىنەمگە- مۇ پۇراتقان . ھاكاۋۇر ، شۆھرەتپەرەس ئامىنەممۇ باشلىق بىلەن قۇدا بولۇشقا قىزىپ «سەۋزىدىن خەۋەر يوق ، گۇرۇچ دەم يەپتۇ» دېگەندەك ئىككى ئانا ئۆزلىرىچە بۇ تويىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنىڭ تەييارلىقىغا چۈشكەندى . گۇزەلنۇر بىلەن بىللە چىقىپ كەتكەن مېھراي ئويۇنى تۇگىمەي تېخىچە كەلمەيۋاتاتتى . نۇرخان ئۇنى «كەچ كۇرستا ئوقۇۋاتىدۇ» دەپ چۈشەندۇرۇپ قويدى .

# ئالتىنچى باب

# ۋىسال تاپقان سۆيگۈ

يەكشەنبە ئەنسەر ئويغاق بولسىمۇ كۆزىنى يۇمۇپ بەختلىك خىياللار قوينىغا غەرق بولغان ھالدا ياتاتتى. «خۇدايىم ئابدەنى مەن ئۈچۈنلا ياراتقان بولغىيتىمىكىن؟ مىجەز - خۇلقىمىز، غايە - ئېتىقادىمىز ھەتتا مەقسەت، پىلانىمىزمۇ بىر يەردىن چىقىدۇ. ئۆزى مۇلايىم، نازاكەتلىك، تىرىشچان، ئەخلاق - پەزىلىتىگە گەپ كەتمەيدۇ، بۇنداق قىزلار كەم ئۇچرايدۇ. ئابدە ھەقىقەتەنمۇ پۈتۈن سۆيگۈ - مېھرىڭنى بېغىشلىساڭ ئەرزىگۈدەك قىز. خىزمەتكە چىققاندىن بېرى ھېچكىممۇ يۈرىكىمدە مۇھەببەت ئويغىتالمىغانىدى. ئەسلى يۈرىكىم ئابدەگىلا تەئەللۇقكەن. بۈگۈن قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن ئابدەنى تېپىپ قەلبىمنى چۈشەندۈرەي ... كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ. مېنىڭچە ئۇمۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ.»

ئەنسەر يەنە نەچچە ۋاقىتلارغا ئوخشاشلا شېرىن خىياللىرىنى سۈرۈشكە باشلىدى. ئاللىبۇرۇن ئېلىپ قويغان بىر يۈرۈش بىنا ئۆيىنى ئابدە بىلەن بىللە مەسلىھەتلىشىپ زىننەتلىدى. ئىككىسى بىللە ئۆيلەرنى تازىلىدى. تامغا بىللە چۈشكەن تويلۇق سۈرەتلىرىنى ئاستى. پەردە ئوڭشاۋاتقان ئابدە تەكچىدىن چۈشەلمەي ئەنسەرنى چاقىردى. ئەنسەر ئابدەنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ پەسكە ئېلىپ چۈشتى. ئابدە خىجىل بولۇپ ئۇنىڭ قۇچىقىدىن بوشىنىش ئۈچۈن ناز بىلەن تىركەشتى. ئەنسەر قويۇپ بەرمەي،

ئابدەننىڭ ئۇتتەك قىزىق لېۋىگە چىڭگىدە سۆيۈۋالدى. توساتتىن ئانىسىنىڭ ئۈنى چاقىرغان ئاۋازى شېرىن خىيالىنى بۇزۇۋەتتى:

— ئەنسەر، قوپۇپ چېيىڭنى ئىچ بالام، بىر ۋاخ بولدى.

ئەنسەر سائەتكە بىر قارىۋېتىپ ئالدىراش تۇرۇپ كەتتى ھەم كىيىمىنى تېز - تېز كىيىپ تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ باش - كۆزىنى يۇيۇپ چىقتى. ئۇ تاماق يەيدىغان ئۇستەلدە دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئۆزىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيدى. «ئاپام ماڭا لايىق تاپقان ئوخشايدۇ، ئاۋارە بولما ئاپا، ئوغلۇڭ بەختىنى تېپىش ئالدىدا» ئەنسەر شۇلارنى ئويلاپ تاماق ئۇستىلىگە كەلدى ھەم گەپ قىلمايلا ئانىسى تەييارلاپ قويغان ناشتىلىقنى ئېغىز تەگدى. دېگەندەك ھاياجانلىنىپ ئولتۇرغان ئامىنەم ۋاقىتنى سوزمايلا گەپ باشلىدى:

— نەچچە ۋاقىتلاردىن بېرى شۇنچە لايىقلارنى تاپسام، يېقىن يولاتماي يۈرگىنىڭمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بوپتىكەن بالام. خۇدايىم بەختىڭنى بېرىپتۇ، يېشىڭمۇ بىر يەرگە بارغان، بۇ ساڭا ئەڭ ئاخىرقى، شۇنداقلا ئۆمۈرلۈك لايىق تېپىشىم. ئەمدىغۇ گېپىمنى يىرماسسەن.

— نېمە بولغانسەن ئاپا، ئەجەبمۇ مېنى ئۆيدىن ھەيدىيەلمەي كەتتىڭ. سىلەر مەندىن زېرىككەن ئوخشىمامسىلەر، ماقۇل، ئاز قالدى، يەنە ئازراق ۋاقىت تەخىر قىلساڭلار چىقىپ كېتىمەن.

— ئۆزۈڭ چىقىپ كەتمەيسەن، سېنى چىقىرىش بىزنىڭ بۇرچىمىز، — دېدى ئاباس ئوغلىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ.

— بۇ قېتىم تاپقان لايىق بوش يەردىن ئەمەس جۇمۇ، ماۋۇ شەھەردە قۇداڭ بارمۇ دېسە بار دېگۈچىلىكى بار يەر بىلەن تۇتۇشۇپ قالدۇق. ئەگەر، بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشمىسا بىزگىمۇ، ساڭىمۇ ياخشى ئەمەس، شۇڭا بۇ ئىشقا ئەستايىدىل بول.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئەنسەر سەگەكلەشتى. ئۇ ئانىسىنىڭ جىددىي تۇرقىغا قاراپ بۇ قېتىمقى لايىق تېپىشنىڭ باشقا

چاغلاردىكىدەك «بولسا بولار، بولمىسا يېپىق قازان» ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى ھەم شۇئان جۇدۇنى تۇتتى:

— ئاپا، مەن ساڭا مېنىڭ تۇرمۇش، نىكاھ ئىشىمغا ئارىلاشماڭلار دەپ نەچچە رەت دېدىم. مەن يا كىچىك بالا بولمىسام. داۋاملىق ماڭا مەسلىھەت سالماي، خەق بىلەن ئۆز ئالدىڭغا بىر ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈيدىكەنسەن، بۇنداق قىلىۋەرسەڭ ماڭىمۇ سەت ئەمەسمۇ…

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئامىنەمنىڭمۇ ئاچچىقى كەلدى:

— ئارىلاشمىساق ئۆزۈڭ خىيالىڭدا يوق يۈرسەڭ. ئىككى قوشكېزەك سىڭلىڭمۇ تەڭلا چوڭ بولۇپ قالدى. بىرىڭلارنىمۇ چىقارماي يۈرسەك خەلقئالەم ئالدىدا بىزگىمۇ سەت. ئاۋۋال چېچىلماي گېپىمنى ئاڭلاپ باقمامسەن. ئۆزۈڭ تاپساڭمۇ شۇنچىلىكنى يا تاپىسەن، يا تاپالمايسەن…

ئەنسەرنىڭ كۆڭلى ھېچنەرسىنى تارتماي قاچىسىنى نېرى سۈرۈپ قويدى. ئامىنەم خىيالچان ئولتۇرغان ئېرىگە: «گەپ قىلمامسىز» دەپ ئىشارەت قىلدى. ئېرى زۇۋانسىز ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويۇپ، چىرايىغا ياسىما كۈلكە يۈگۈرتۈپ ئەنسەرگە قارىدى:

— قارا ئوغلۇم، تۈنۈگۈن جاپپارنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدۇق. ئۇلارنىڭ يالغۇز قىزى سەن بىلەن بىر ئىدارىدە ئىشلەيدىكەنغۇ؟ شۇنداق ئوماق، چىرايلىق قىزكەن. گەپتىن – گەپ چىقىپ نۇرخان بىلەن ئوبدانلا كېلىشىپ قالدۇق. قارىساق، ئۇلارنىڭمۇ بىز بىلەن قۇدا بولغۇسى بار تۇرىدۇ، ئۇلار شەھەردە نامى بار، ئېسىل ئادەملەر، ئىككىڭلارمۇ بىر ئىدارىدە ئىشلەيدىكەنسىلەر، ھەقىقەتەن گۈل – گۈلگە، خىل – خىلىغا كەلگۈدەك، ئۇ قىز ساڭىمۇ يارايدىغاندۇ؟

ئەنسەر داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئانىسى تاپقان لايىقنىڭ مېھراي ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

بىردىنلا ئۇنى ئۆزىچىلا كۆلكە قىستاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى .
— جېنىم ئاپا ،— دېدى ئۇ كۈلكىسىنى توختىتىپ ،— شۇنداق دېيىشكەن بولساڭلار گەپ دېيىشكەن يەردە قالسۇن . بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىش .
— نېمىشقا مۇمكىن بولمايدىكەن ، بىز نۇرخان بىلەن دېيىشىپ بولغان تۇرساق ، ئەمدى مەن خەققە نېمە دەيمەن ، ئۇلار ئادەتتىكى ئادەم بولمىسا .
— نېمە دېسەڭ دەۋەرگىن ، ئىشقىلىپ بۇ ئىشلار پەقەتلا قاملاشماپتۇ . بىر ئاخشام مېھماندارچىلىقتا بېرىپ ئىككىڭلار مەسلىھەتلىشىپلا تەقدىرىمنى بەلگىلىمىسىلەر ؟
— بىز ساڭا يامان يەرنى سايە قىلمىدۇققۇ ؟ بىلسەڭ بۇ ساڭا كەلگەن ئامەت . مېنى تەتۈر قىينىما بالام . ئەمدى مەن نۇرخانغا نېمە دەيمەن ؟
— بۇنىڭ يولى ئاسان ، مېھراي بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىمەن . مېھرايلا قوشۇلمىسا بۇ ئىشمۇ بېسىقىپ قالىدۇ . بولدى ، ئەمدى ماڭا بۇ گەپنى قىلماڭلار . ئەسكەرتىپ قوياي ، نىكاھ ئىشىمدا ئۆزۈمنىڭ ئويلىغىنىم بار . مەنمۇ بۇنداق كېتىۋەرمەسمەن ، ئەمدى ماڭا لايىق تاپمەن دېمەڭلار .
ئەنسەر شۇنداق دەپلا كەيپى ئۇچقان هالدا هۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى . ئانىنىم ئېرىگە چېچىلىشقا باشلىدى :
— دادا بولغاندىكىن ئىككى ئېغىز گېپىڭىزنى ئۆتكۈزسىڭىز بولمامدۇ ، تاڭگا چىشلىۋالغاندەك ئولتۇرغۇچە ، مېنىڭ گېپىمنى يا ئاڭلىمىسا ، ئەمدى قانداق قىلىمىز…
— نىكاھ ئىشىدا زورلىغىلى بولمايدۇ خوتۇن . ئۆزۈڭلار كەم ئەقىللىق قىلدىڭلار ، بۇنداق ئىشتا ئالدىراپ بىر نەرسە دېمەسلىك كېرەك . بالاڭلارنىڭ مىجەزىنى بىلگەندىكىن ، ئاخشام ئۇنداق مەيدىگە ئۇرمايدىغان گەپ ئىدى .
— مېنىڭ بۇ تويىنى ۋۇجۇدقا چىقارغىنىم چىقارغان . بۇ

پۇرسەتنى قولدىن بەرگۇم يوق . ئەنسەرگە شۇنداق ئىسىل ئائىلىـ
ـنىڭ قىزىنى ئېلىپ بەرمەي كىمنى ئېلىپ بېرەتتۇق . تېخى
نۇرخان ئۆزى ئالدى بىلەن گەپ ئېچىپ قالدى .
— شۇنداقتىمۇ ، ئەھۋالغا قاراپ باقايلى...
— سىلىگە قارىسىغۇ ، شۇ ئېغىزلىرىدىن «قاراپ باقايلى ،
ئالدىرىمايلى »دىن باشقا گەپ چىقمايدۇ .
ئەنسەرنىڭ ئەتىگەنكى خۇش كەيپىياتى بۇزۇلغانىدى . شۇنـ
ـداقتىمۇ ئۇ بۈگۈن ئابىدە بىلەن نېمىلا بولمىسۇن كۆرۈشۈش
قارارىغا كەلدى . ئىدارىدە ئالدىراش خىزمەت ، ماراقچى كۆزلەر
ئاستىدا ئۇلارغا تۈزۈك سۆزلەشكۈدەك پۇرسەتمۇ يوق ئىدى .
ئەنسەر ئىشكاپنى ئېچىپ ئالدىنقى ھەپتە داڭلىق تاۋارلار
ماگىزىنىدىن ئالغان ، تېخى ماركىسىنىمۇ سويىمىغان بىر قۇر
كىيىمنى ئېلىپ كىيدى ، ئېسىل كىيىم تەنھەرىكەتچىلەردەك
قامەتلىك بەستىگە بەكمۇ ياراشتى . چېچىنى قاتۇرۇپ تاراپ ،
ئايىغىنى مايلاپ پارقىراتتى . ئۇ كىيىم ئىشكاپىنىڭ ئەينىكىگە
قاراپ ئۆزىدىن رازى بولغان ھالدا ، خۇددى ئابىدەنى تانسىغا
تارتقاندەك بىر ھەرىكەت قىلىپ قويۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى .
ئۇنىڭ ئەتىگەندىلا قېتىپ ياسىنىپ چىقىپ كەتكىنىگە ھەيـ
ـران بولغان ئانىنەم ئارقىسىدىن چىقىپ قارىسى يىتكۈچە قاراپ
تۇرۇپ قالدى .
كوچىغا چىقىپلا ئەنسەرنىڭ بېشى قاتتى . ئابىدە بىلەن دېيىـ
ـشىپ قويمىغان تۇرسا قانداق كۆرۈشەر ؟ ئابىدەنىڭ يانفونى يوق ،
ئۆيدە تېلېفون بار ـ يوقلۇقىمۇ نامەلۇم . پەقەت ئۆتكەندە ئىدارىـ
ـدىن بىر يەشلىك تۆڭلۈق ماي تارقاتقاندا ماشىنا بىلەن ئاپىرىپ
بەرگەچ ئۆيىنى كۆرۈۋالغانىدى . لېكىن ، ئۆيىگە ئۇسۇپلا بېرىشقا
خىجىل بولۇپ قالدى . ئۇ بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ ئاخىر
ئابىدەنىڭ ئۆيى بار كوچىغا كەلـدى . كوچا توپا ـ تۇمان ،
رەتسىز ، كىشىلەر قۇرۇلۇشقا توغرا كېلىپ چېقىلىپ قالسا ،

پۇلنى جىقراق ئېلىش ئۈچۈن يەرلىرىگە ئالا قويماي ، سانجاق ـ سانجاق ئۆيلەرنى سېلىۋالغانىدى . پەقەت ئابىدەنىڭ قورۇسىدىلا خېلى يوغان يەر ئاق قالغان ، تال باراڭلىرى قۇرۇپ قالغان ، ئىككى ئېغىز كونا ئۆي غېرىبسىنىپ تۇراتتى . ئەنسەر نېمە قىلارىنى بىلەلمەي كوچا دوقمۇشىدا تۇرۇپ قالدى .

— ۋۇي ، ئەنسەرغۇسىز ؟

ئەنسەر تونۇش ئاۋازدىن چۆچۈپ ئارقىسىغا قارىدى . قولىدا بىر قۇچاق كۆكتات ، لازىمەتلىكلەرنى كۆتۈرگەن ئابىدە كۈلۈمسىرەپ ئالدىدا تۇراتتى .

— بۇ يەرگە تويغا كەلدىڭىزمۇ قانداق ؟ ياسىنىپ قالتىس بولۇپ كېتىپسىز ، تونۇمىغىلى تاس قاپتىمەن .

— ئەجەب ياخشى ئۇچرىدىڭىز ، قانداق كۆرۈشەرمەن دەپ بېشىم قېتىپ تۇراتتى . خۇدايىم مۇشكۇلۇمنى ئاسان قىلدى .

— قانداق ، مېنى بىرەر كاتتا مۇراسىمغا ئاپىراي دېگەنمۇ ؟

— ئاپارساق ئاپاردۇق ، بۇگۈن ۋاقتىڭىز بارمۇ ؟ ئايلىنىپ كەلگەچ پاراڭلاشساق بولاتتى...

ئابىدە ئەنسەرنى باشقا ئىش بىلەن بۇ يەردە تۇرغان چېغى دەپ ئويلىغانىدى . ئۆزى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ «ھۇپپىدە» قىزاردى .

— ماقۇل... مەن بۇ نەرسىلەرنى ...

— ئەكىرىۋېتىپ چىقىڭ ، ساقلاپ تۇرىمەن .

ئابىدە ئىشىك ئالدىدا ئانىسىنىڭ ئۆزلىرىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھودۇقۇپ كەتتى ھەم ئۆيىگە قاراپ ماڭدى .

— قىزىم ، بايىقى يىگىت كىم بولىدۇ ؟ — دېدى ئايىمخان قىزى كىرىشىگە ،— ئەجەبمۇ قاملاشقان بالىكەن .

— بىزنىڭ ئىدارىدە ئىشلەيدۇ ، ئىدارىدە ئىش چىقىپ قاپتىكەن ، مېنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ ، ھەي ، شۇ تېلېفوننىڭ يوقلۇقى...

يالغان گەپ ئابىدەنى تېخىمۇ قىزارتىۋەتتى . ئۇ ياتاق ئۆيىگە

كىرىپ ، چىچىنى باشقىدىن تارىدى ، سۇس قىلىپ لەۋ گىرىمى سۈردى ، پادىچىلار كىيىمى كىيسە ئەنسەرىنىڭ يېنىدا پەقەتلا قامـ-
لاشمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ، ئۇرۇمچىلىك دوستى خالىدە تۇغۇلغان كۈنىگە ئاتاپ ئەۋەتكەن بىر كۆڭلەكنى ئېلىپ كىيدى . خىزمەتتە سوت فورمىسى كىيگەچكە بۇ كىيىمنى كىيىش پۇرسىـ-
تى كەلمىگەنىدى . كۆڭلەك ئۇنىڭ خۇش پىچىم بەستىگە بەكمۇ ياراشتى . ئاندىن ئۇ سومكىسىنى ئېلىپ ئانىسىغا :
— ئانا ، مەن ئىدارىگە بېرىپ كېلەي… جىددىي ئىش بولسا چۈشتە كەلمەيمەن . تاماق قىلماي ئىككى پارچە گۆش سېلىپ يەپ تۇرۇڭ ، — دېدى ـ دە ، ئامال بار ئانىسىنىڭ كۆزىگە قارىماي چىقىپ كەتتى .
قىزى يالغان سۆزلىگەن بولسىمۇ ، ئايىمخان خاپا بولمىدى . چۈنكى ، قىزى چوڭ بولۇپ قالغان ، كۆزىنىڭ ئوچۇقىدا غېمىنى قىلمىسا بولمايتتى . كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتقان ئايىمـ-
خاننىڭ بىردىن ـ بىر غېمى قىزىنىڭ تۇرمۇش ئىشى ئىدى .
بايا ئۇ ئېسىل سۈپەت ، قارىماققىلا ئېغىر ـ بېسىق ، سالـ-
ماقلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان قاملاشقان يىگىتنىڭ قىزىغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن گەپ قىلغانلىقىنى ، قىزىنىڭ ئاناردەك قىزىرىپ ھودۇقۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندىلا ھەممىنى چۈشەنگەنىدى . ئۇ كېيىنەكتەك ياسىنىپ چىقىپ كەتكەن ئابىدەنىڭ ئارقىسىدىن ھەۋەس بىلەن قاراپ ئويلىدى : «خۇدايىم بەختىڭنى بېرەر قىـ-
زىم . بەختسىزلىك ئاپاڭ بىلەنلا كەتسۇن» .
ئانىنىڭ كۆزىگە «مۆللىدە» ياش كەلدى . ئۇلارنى كۆرۈپ ئايىمخان ئىختىيارسىز دەرد ـ ھەسرەتلىك كەچۈرمىشلىرىگە تولـ-
غان ياشلىقىنى ئەسلەپ قالدى . ئۇمۇ ياش ، گۈزەل چاغلىرىدا بايىقى يىگىتتەك قاملاشقان ، بىلىملىك يىگىتنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولغان ، لېكىن بۇ مۇھەببەت ئۇنىڭغا ئۇزۇن نېسىپ بولـ-
مىغانىدى . قارا قول ئۇنىڭ بەختىنى تارتىپ كەتتى . تۇزۇك ئوقۇمىغان ، نامرات ئايىمخان ئۆز بەختىنى قوغداشقا ئامالسىز

قىلىپ ، بىر ئۆمۈرلۈك ئازاب ـ ئوقۇبەت ، دەرد ـ ئەلەمگە مۇپتىلا بولدى . شۇڭا ، ئۇ قىزىنى بار كۈچى بىلەن تەربىيلەپ نېنى پۈتۈن كادىر قىلدى . ئۇنىڭچە بولغاندا قىزى چوقۇم بەخت-لىك بولىدۇ ، شۇنداق بولۇشقا ھەقلىق .

ئەنسەرمۇ ، ئابىدەمۇ جىددىيلىشىپ قولاشمىغان ھەرىكەتلەر بىلەن بىللە كېتىۋاتاتتى . كوچىدا ھەممەيلەن ئۆزلىرىگە قاراۋات-قاندەكلا بىلىنىپ ، بىرەر تونۇش ئۇچراپ قالسىلا باشقا ياققا قارىشىۋالاتتى . چۈش بولۇپ قالغاچقا ئەنسەر ئابىدەنى شەھەردىكى ئەڭ ياخشى ئاشپۇزۇلغا باشلاپ ئاپىرىپ مېھمان قىلدى . ئاندىن ، ئىككىسى باغچىغا كىرىپ ئايلىنىپ چىقتى ـ دە ، كەچتە بىر مۇزىكىلىق چايخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇشتى . چايخانا ئادەم ئەيمەن-گۈدەك ھەشەمەتلىك بېزەلگەن ، كىشىگە ناھايىتىمۇ رومانتىك تۇيغۇ بېغىشلايتتى . پەردە بىلەن ئايرىلغان بۆلۈمچىلەردىن قىز ـ يىگىتلەرنىڭ شىۋىرلاشلىرى ، ئەركىلەشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

— ئاپىڭىز خېلى ياخشى بولۇپ قالدىمۇ ؟— دېدى ئەنسەر .

— تېخى بەك ياخشىلىنىپ كېتەلمىدى ، بالنىستتا ياتقىن دېسەم پەقەتلا ئۇنىمايۋاتىدۇ .

— ئۆيۈڭلارنى چاقىدىغان ئوخشىمامدۇ ؟ بەلگە سېلىپ قويۇپتۇ .

— ھەئە ، يىل ئاخىرىغىچە چاقىقۇدەك ، چاقسا نەگە كۆچەرمىز كىن ؟

— ئورنىغا بىنادىن ئۆي بېرىدىغاندۇ ؟

— ھەئە ، لېكىن ئۇستىدىن پۇل تۆلەيدىغان گەپكەن ، ئۆي ئورنىمىز كىچىك ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەر كىشى بولمىغاندىكىن باشقا ئۆي ، باغ ـ ۋاران قىلمىدۇق ، ھېچقانچە پۇل كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ .

— غەم قىلماڭ ، ۋاقتى كەلگەندە ئانىڭىزغىمۇ بىنادىن ئۆي ئېلىپ بېرىمىز .

ئابىدە ئەنسەرگە قارىدى ، گەپنى قىلىپ قويۇپ ئەنسەر ئۆزى

ھودۇقۇپ كەتتى . گەپ ئۆي ئۈستىدە كېتىۋاتسىمۇ ، لېكىن تېما مەقسىتىگە يېقىنلاشقانىدى . ئابىدە ئالدىغا قويۇلغان قۇتىدىكى بۆلجۈرگەن شىرنىسىگە قاراپ جىمىدە ئولتۇراتتى . ئەنسەرنىڭ ھامان بىر كۈنى ئۆزىگە گەپ ئاچىدىغانلىقى ئابىدەگە ئايان بولسىمۇ ، لېكىن شۇ سائەت يېتىپ كەلگەندە يەنە يۈرىكى دۈپۈلدەپ يۈزى قىزاردى . ئەنسەر بۈگۈن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ چىققاچقا ئابىدەنىڭ ئاغزىدىن ئۆزى زارىقىپ كۈتكەن جاۋابنى ئاڭلىمىغۇچە بۇ يەردىن كەتمەيدىغاندەك تۇراتتى . ئابىدەنىڭ كاللىسىنى خىلمۇ خىل زىددىيەتلىك پىكىرلەر چىرمىۋالغانىدى . ئەنسەرنىڭ ئوتلۇق سۆيگۈگە تولغان كۆزىگە قارىغىنىدا : «مەن نېمىشقا مۇھەببىتىمدىن ۋاز كەچكۈدەكمەن ؟ مېنىڭ مۇھەببەتكە ئېرىشىشكە ھەققىم يوقمۇ ؟ مەنمۇ ئۇنى شۇنچە يىللاردىن بېرى چىن يۈرىكىمدىن سۆيۈپ كېلىۋاتىمەن ، پەقەت نامرات بولغانلىقىم ئۈچۈنلا چىن سۆيگۈدىن مەھرۇم قېلىپ ، ئۆزۈمنى - ئۆزۈم ئازاب دېڭىزىغا ئىتتىرىمەنمۇ ؟ » دەپ ئويلىسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەنسەرنىڭ تېخى ئۆزى كۆرمىگەن ھوقۇقدار دادىسى ، ھاكاۋۇر ئانىسىنى ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئانىسىنىڭ خىجالەت بىلەن بېشىنى سىلىپ تۇرغان بىچارە قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ : «ياق ! ھەرقانچە ئازاب چەكسەممۇ ئانامنى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا بويۇن قىستۇرمايمەن ! » دەپ ئويلايتتى . ئابىدەنىڭ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ جىمىپ كەتكىنىنى كۆرگەن ئەنسەرمۇ ئويلىنىپ قالدى : «مېنى ياخشى كۆرمەمدۇ ياكى باشقا بىرى بىلەن … » ئابىدەنى باشقا بىرى بىلەن … دەپ خىيال قىلىشى ئەنسەرنىڭ يۈرىكىنى لازا قويغاندەك ئېچىشتۇرۇۋەتتى .

ئارىنى ئېغىر سۈكۈت باستى . پەقەت شىۋىرلىغاندەك پەس ئاۋازدا ئېيتىلىۋاتقان چەت ئەللىك ئايالنىڭ ئىزگۈ ناخشىسىلا جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى . چايخانىغا خېلى كۆپ ئادەملەر كىرگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ قەيەردە ئولتۇرغانلىقىنى

كۆرگىلى بولمايتتى. باشقىلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىنىمۇ ئاڭلىغىلى بولمايتتى. پەقەت ئۇلار ئولتۇرغان بۆلۈمچىگە ياندالغان يان بۆلۈمچىدىنلا بىر قىزنىڭ نازلىق ئەركىلىشى بىلەن سۆيۈشكەن ئاۋازلار ئاڭلىنىپ ئىككىسىنى تېخىمۇ ئوڭايسىزلاندۇراتتى. ئىككىسى بىر تۇرۇپ ھېچنېمە دېيىشمىگەندەك، بىر تۇرۇپ ھەممە گەپنى دېيىشىپ بولغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ يۈرىكى سۆزلىشىۋاتاتتى. بۇنداق ئولتۇرۇۋەرگىلىمۇ بولمايتتى. ئەنسەر ئاخىر ئېغىز ئاچتى:

— ئابىدە، مەن دېمىسەممۇ سىز بەلكىم ھېس قىلغانسىز. مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن. بۇ يېقىندىن بۇيانقى گەپ ئەمەس. سىزنى يۈرىكىمدە ساقلاپ كېلىۋاتقىلى ئۇزۇن يىللار بولدى. بەلكىم، سىز بىلەن تۇنجى قېتىم سەھنىدە كۆرۈشكەن شۇ سائەتتىن باشلانغان بولسا كېرەك. بىز بەختلىك ئىكەنمىز ئابىدە، تەقدىر قىسمەتكە رەھمەت. تەقدىر بىزنى بىر مەكتەپتە ئوقۇتتى. ئاخىر يەنە بىر ئىدارىگە جەم قىلدى. بۇ بەلكىم، تەقدىرنىڭ بىزنى ئۆمۈرلۈك جەم قىلىش ئۈچۈن قىلغان ئورۇنلاشتۇرۇشى بولسا كېرەك. پەقەت سىزلا ماقۇل بولسىڭىز بىز بەختلىك بىر جۈپلەردىن بولۇپ قالاتتۇق. كەچۈرۈڭ، گەپ - سۆزلىرىم قوپال، ئاددىي بولۇپ قالدى. قانۇن سۆزلەپ سوت ئېچىپ ئۆگىنىپ قالغان ئېغىز بۇنداق گەپلەرگە ئىتتىك كەلمەيدىكەن.

بۇ گەپلەردىن ئابىدە پىسسىڭىدە كۈلۈۋەتتى. ئۇمۇ چاقچاققا يۆلەپ:

— ھەر ئىككىمىز سوت كادىرى، قۇرۇق گەپكە ئەمەس پاكىتقا ھۆرمەت قىلىمىز، گېپىڭىز راست بولسا دەلىل - ئىسپات كۆرسەتمەمسىز؟ — دېدى.

ئەنسەر كۈلۈۋەتتى. ئۇ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— بولىدۇ، ئەمىسە ئىسپات كۆرسىتەي، — دەپلا ئىچ مەيدە يانچۇقىدىن بىر نەپىس پورتمالنى چىقاردى. ئابىدە ئۇنىڭ نېمە

قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدى .
ئەنسەر پورتمالدىن بىر پارچە سۈرەتنى چىقاردى . سۈرەت ئابىدەگە تونۇش ، بۇ ئۇلارنىڭ تۇنجى قېتىم ئىلغار ئوقۇغۇچىلارنى مۇكا- پاتلاش چوڭ يىغىنىدا سەھنىدە يانمۇ يان تۇرۇپ چۈشكەن ھېلىقى سۈرىتى ئىدى .
— مېنىڭ مۇھەببىتىم مۇشۇ سۈرەتكە چۈشكەن كۈندىن باشلانغان ، — دېدى ئەنسەر خۇددى رەسمىي سوتتا ئىسپات كۆر- سىتىۋاتقان دەۋاگەردەك ئەستايىدىل ھالدا ، — شۇڭا بۇ سۈرەت قولۇمغا تەگكەن چاغدىن باشلاپ بىر كۈنمۇ يېنىمدىن ئايرىماي ساقلاپ كېلىۋاتىمەن .
ئابىدە «مەنمۇ شۇنداق» دەۋەتكىلى قىل قالدى . ئەنسەر پورتمالنى يەنە ئاختۇرۇپ بىر يەرگە قىسىپ قويۇلغان بىر چاچ قىسقۇچنى ئالدى . بۇ بىر يۇەنگە ئون تال بېرىدىغان قارا رەڭلىك ئادەتتىكى چاچ قىسقۇچلاردىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدىغان كىچىك چاچ قىسقۇچ ئىدى . ئابىدە ئۇنى كۆرۈپ ھەيران بولدى :
— بۇ بىر قېتىملىق كۆڭۈللۈك سەپەرنىڭ خاتىرىسى ،— دېدى ئەنسەر ،— ئېسىڭىزدىمىكىن ، بىز بىر قېتىم تەتىل قويۇپ بەرگەندە پويىزدا بىللە كەلگەن ، سىز شۇ چاغدا ئۇخلاپ قېلىپ مۈرەمگە بېشىڭىزنى قويۇۋالغانىدىڭىز . شۇ چاغدا ، مەن ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلغان . ئۆيگە قايتىپ چاپىنىمنى سالسام ئىچىدىن مۇشۇ چاچ قىسقۇچ چىقتى . سىزنىڭ چېچىڭىزدىن چۈشۈپ قالغانىكەن . شۇڭا ، ساقلاپ قويدۇم . ھەر قېتىم بۇ چاچ قىسقۇچقا قارىسام ، ئاشۇ كۆڭۈللۈك سەپەر ، چاچلىرىڭىزنىڭ يۈزۈمگە تەگكەنلىرى ئېسىمگە كېلىدۇ .
ئابىدە ھەم خىجىل بولغان ، ھەم كۈلگىسى كەلگەن ھالدا بېشىنى چايقاپ كەتتى :
— ساراڭ… ئەسكى … راستىنىلا ساراڭكەنسىز…
— دەلىل ـ ئىسپاتىم يېتەرلىك بولمىدى ئابىدە … ئەڭ

چوڭ دەلىل ـ ئىسپاتىم يۈرىكىم ··· كۆزۈمگە قاراڭ ئابدە، كۆزلىرىمدىن يالقۇنجاۋاتقان يۈرىكىمنى كۆرەلەيسىز···

سەل جۈرئەتلىنىپ قالغان ئەنسەر ئۆزىنىڭ قانداقلارچە قارشى ئورۇندۇقتىن قوزغىلىپ ئابدەنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمىدى. يۈرەكلەر خۇددى بىر ـ بىرىگە ئاڭلانغۇدەك دۈپۈلدەپ سوقماقتا ئىدى. ئەنسەر دەسلەپ ئابدەنىڭ ئاپئاق، سۈزۈك قولىنى تۇتتى. ئەنسەرنىڭ كۈچلۈك قوللىرىدىن ئاجرىماقچى بولۇپ تارتىشاتتىيۇ، لېكىن ئاجرىيالمايتتى. قولدىن تارقالغان بىر خىل لەززەتلىك سېزىم ئەنسەرنىڭ ھاياجانلىق تۇيغۇلىرىنى ئۇرغۇتۇپ ئۇنى بىردىنلا جۈرئەتلىك، قورقماس، باتۇر قىلمىۋەتتى. ئۇ تىترەپ تۇرغان ئابدەنى چىڭگىدە قۇچاقلىدى ـ دە، ئالۇچىدەك لەۋلىرىگە لەۋلىرىنى باستى. ئابدە تېپچەكلەپ كەتتى. ئىزا تارتتىمۇ، ھاياجانلاندىمۇ ياكى ئەنسەرنىڭ تېخى ئەتىگەنلا پاكىز قىرغان بولسىمۇ، لېكىن ساقال ـ بۇرۇتىنىڭ يىرىك ئىزلىرى قالغان ئېڭەكلىرى نازۇك يۈزىنى ئاغرىتىۋەتتىمۇ، ئەيناۋۇر كۆزىدىن تاراملاپ ياشلار قۇيۇلدى. بايا يان بۆلۈمىدىن سۆيۈشكەن ئاۋازنى ئاڭلاپ ئابدە ئىزا تارتقىنىدىن قىچىپ چىقىپ كەتكىلى قىل قالغانىدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ بۆلۈمىدىنمۇ ئىنتايىن كۈچلۈك، ھەقىقىي چىن مېھىر ـ مۇھەببەتكە تولغان يېقىملىق سۆيۈشۈش ئاۋازى ئاڭلاندى. لېكىن، ئۇنىڭغا ھېچكىم دىققەت قىلمايتتى.

— مۇشۇنداق كۈننىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋاتقىلى نەچچە يىل بولدى بىلەمسىز؟— دېدى سەل پەسكويغا چۈشكەندىن كېيىن ئەنسەر قولىنى ئابدەنىڭ مۈرىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ ئۇنىڭ قوڭۇررەڭ يۇمران چاچلىرىنى ئوينىغاچ، — خۇدايىم سىزنىڭ ئىشقىڭىزنى يۈرىكىمگە ئەجەبمۇ ساپتىكەن، سىزنى پەقەتلا ئۇنتۇيالمىدىم.

— بىزنىڭ ئىشىمىزنى ئائىلىمىزدىكىلەر بىلسە

قوشۇلارمۇ؟ — ئابىدە ئەگىشىپ ئولتۇرمايلا كۆڭلىدىكى ئەندىشىسىنى ئېيتتى.

— ئىشىمىزنى دىمەي مۇھەببىتىمىزنى دەڭ. بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز ئۆزىمىزگە تەئەللۇق. بىر سوتچى تۇرۇپ ئۆزۈمنىڭ مۇھەببىتىمنىمۇ قوغدىيالمىسام قانۇننىڭ ئادىللىقىنى قانداق قوغدايمەن؟

ھەر ئىككىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

ئەنسەر مەيدىسىگە ئۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بۇ ئىشقا جان ـ جەھلى بىلەن قارشى تۇرىدىغانلىقى، بولۇپمۇ ساپلا يۇقىرى قاتلامدىكى ئاياللار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىدىغان ھاكاۋۇر ئانىسىنىڭ مىجەزى ئۆزىگە ئايان ئىدى. لېكىن، ئەنسەر چىڭلا تۇرسا ئۇلار نېمە قىلالايتتى؟ ئابىدەدىن ئايرىۋېتەلەمتى؟ مېھرايىنى زورلاپ ئېلىپ بېرەلەمتى؟ ئەنسەر ئابىدەنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشسىلا بولدى بەس. قالغان ئىشلارنى ئۆزى يولىدا بىر تەرەپ قىلالايتتى.

ئۇلار قايتىشقا تەرەددۇتلاندى. كۈندۈزدىكى قايناپ كەتكەن بازار ئەمدى گۈزەل كېچىلىك مەنزىرىگە ئالماشقانىدى. كورلىنىڭ كېچە مەنزىرىسى ھەقىقەتەن ئادەمنى مەھلىيا قىلاتتى. ئۇلار باغچىلاشقان كۆنچى دەريا يولى بىلەن ماڭدى. كۆنچى دەريا بويى قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا سەيلە قىلغۇچىلار بىلەن توشاتتى.

ئىلگىرى كۆنچى دەريا ئەتراپى بۇكىدە دەرەخلىك، ئوتلاقلىق بىلەن ئورالغان، قىرغاقلىرىمۇ سۇۋالمىغان ئادەتتىكىلا دەريا ئىدى. ئۇنىڭ مەلۇم قىسمى دەل شەھەرنىڭ مەركىزىدىن كېسىپ ئۆتەتتى. بۇنداق كەم تېپىلىدىغان ئالاھىدىلىكنى بايقىغان ھۆكۈمەت نۇرغۇن كۈچ ھەم مەبلەغ ئاجرىتىپ كۆنچى دەرياسى ئەتراپىنى باغچىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ باردى. نەتىجىدە، نەچچە يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا كۆنچى دەرياسى تېگىدىن باشلاپ قايتىدىن ياسىلىپ، قىرغاقلىرىغا چاق ـ چۇق پەلەمپەي ئورنىتىلدى. چىملىق، گۈللۈك، فونتانلار ياسىلىپ،

رەڭگارەڭ چىراغلار يالتىراپ ئاجايىپ گۈزەل ، مەپتۇن قىلارلىق مەنزىرە شەكىللەندى . شۇنىڭ بىلەن ، باغچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا سوغۇق ئىچىملىك دۇكانلىرى ، ئاشخانىلار ، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانىلار كۆپىيىپ دەريا بويى كورلىلىقلارنىڭ ئەڭ مۇھىم كېچىلىك ساياھەت ئورنى بولۇپ قالدى . ئۇلار كۆۋرۈك يېنىغا كەلدى . كۆۋرۈك سالاسۇنلىرىنىڭ ھەممىلا يېرىگە چىراغ ئورنىتىلغان بولۇپ ، يىراقتىن قارىغان ئادەمگە كۆۋرۈك ساپلا چىراغدىن ياسالغاندەك كۆرۈنەتتى . تېخى ، بۇ چىراغلارنىڭ دەريادىكى ئەكسى قوشۇلۇپ ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇراتتى . ئۇلار بۇ مەنزىرىلەرگە بىر دەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئەنسەر ئابىدەگە خېلى يېقىنلا يەردە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئېگىز بىر بىنانى كۆرسەتتى :

— يورۇق ، ئاۋۇ بىناغا كىرىپ چىقايلى ،— دېدى ئەنسەر .

— ئۇ بىناغا نېمىشقا كىرىمىز ؟— ئابىدە شۇنداق دېدىيۇ بىردىنلا ھودۇقۇپ كەتتى ،— ۋاي خۇدايىم ، مېنى مۇشۇ پېتىم ئاتا - ئانىڭىزنىڭ ئالدىغا باشلاپ بارمايدىغانسىز ؟

— ياق ، ئۇ كېيىنچە ... ئۆيىمىزنى كۆرۈپ بېقىڭ .

— نېمە ، ئۆيىمىز ؟

— ھەئە ، ئىككىمىزنىڭ تۇتىدىغان ئۆيىمىز . ئۇ ئۆينى مەن خىزمەتكە چىققان يىلىم ئۆيدىكىلەر ئېلىپ بەرگەن . توي مۇقىملاشقاندىن كېيىن ئاندىن بېزەيمىز دېگەن . مەن نەچچە رەت ئۇ ئۆينى بېزىمەكچى بولۇپ سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىزنى ساقلاپ تۇرغان .

— ئەسكىلىكىنى ، ئادەمنى قورقۇتۇپ ئەتىلا توي خېتى ئالىمىز دەمسىز نېمە ؟ ئەتىگەنلا خىيالىي يۈرەتتىم ، بىر كۈندىلا مېنى باشقىچە ئادەم قىلىپ قويدىڭىز ، بىردەمدىلا لايىقى بار قىز بولۇپ قالدىم . ئەمدى تۇتىدىغان ئۆيىمىز دەيسىز ، ياللا ئاجايىپ خىياللارنى قىلىدىكەنسىز ؟

— كاللامدا ھازىر قانداق خىيالارنى قىلىۋاتقىنىمنى

بىلەمسىز؟ — دېدى ئەنسەر شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ.
— ئىشقىلىپ، چوقۇم ياخشى خىيال ئەمەس.
ئەنسەر ئۇنىڭغا ئالدى تەرەپتە كېتىۋاتقان ياش ئەر - ئايالنى كۆرسەتتى. بىر جۈپ ئەر - ئايال بىر ياشلاردىكى ئوماققىنە بالىسىنى قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ ئەركىلىتىپ ناھايىتى خۇشال كېتىۋاتاتتى.
— بىزمۇ كېلەر يىلى ئاشۇلاردەك ماڭساق دەپ خىيال قىلىۋاتىمەن...
— ئەسكىلىكىنى... دېمىدىممۇ، ياخشى خىيال ئەمەس دەپ، ئادەمنى خىجىل قىلىپ، يەنە شۇنداق دەيدىغان بولسىڭىز، بولدى، مەن كەتتىم.
ئابىدە راستتىنلا قاپاقنى تۈرۈپ مېڭىۋىدى. ئەنسەر ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ توختىتىۋالدى. ئابىدە «ئەسكى» دېگىنىچە ئەنسەرنى بوشقىنە نەچچىنى مۇشتلاپ قويدى. ئۇلار بەخت پەيزىگە چۆمگەچكە ھېچكىمگە دىققەت قىلمايتتى. ئۇلار سەل نېرىدىكى سوغۇق ئىچىملىك يايمىسىنىڭ قاتار شىرەلىرىنىڭ بىرىدە تۇنىياز بىلەن ئولتۇرۇپ پىۋا ئىچىۋاتقان گۈزەلنۇرنى كۆرمەي ئۆتۈپ كەتتى. گۈزەلنۇر بۇ تاسادىپىيلىقتىن ھەيران قالغان ھالدا ئۇلار تاكى ئېگىز بىر بىنانىڭ ئىشىكىدىن قول تۇتۇشۇپ كىرىپ كەتكەنگە قەدەر قاراپ تۇردى.
ئۇلار لىفت بىلەن بىنانىڭ ئونىنچى قەۋىتىگە چىقتى. ئەنسەر ئۇنى باشلاپ چەتتىكى بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچقۇچ سېلىپ ئېچىپ، ئاۋۋال ئۆزى كىرىپ ئۆينىڭ ھەممە چىراغلىرىنى ياندۇردى، ئاندىن ئابىدەنى باشلاپ كىردى:
— ۋاھ، نېمىدېگەن چوڭ ئۆي بۇ، — ئابىدە خۇشاللىق بىلەن توۋلىۋەتتى، — ئەجەب سېلىنىشى ئوڭ ئۆيكەن. تېخى مېھمانخانا دېرىزىسىدىن دەريا بويى كۆرۈنۈپلا تۇرىدىكەن.
— ماۋۇ ئۆيلەرنى كۆرۈڭ، — دېدى ئەنسەر ئابىدەنى

باشلاپ ،— مانا بۇ ئاشخانا ، ماۋۇ ياقتا تازىلىق ئۆيى بار ، ماۋۇ بىزنىڭ ھۇجرىمىز ، ئاۋۇ ئوغلىمىزنىڭ ئۆيى ، ماۋۇ قىزىمىزنىڭ ئۆيى...

— بولدى قىلىڭە ، ساراڭ !

ئۆي ئابىدەگە بەكمۇ ياقتى ، ئەنسەر ھاياجانلانغان ھالدا ئۇنىڭغا نەگە نېمە قويۇش ، نەگە كىتاب ئىشكاپى ياساش ، كومپ-يۇتېرنى نەگە ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدىكى لايىھىسىنى سۆزلەشكە باشلىدى . كەمبەغەل ، ئاددىي - ساددا چوڭ بولغان ئابىدە ئەنسەر-نىڭ گەپلىرىنى خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ئاڭلاۋاتاتتى . مۇ-شۇنداق كاتتا ئۆيگە ئۆزى خوجايىن بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى . ئۇلار پاراڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ ۋاقىتنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغىنىنى سەزمەي قېلىشتى . ئابىدە : «ئانام ئەنسى-رەيدۇ» دەپ ئالدىرىمىغان بولسا ، ئۇلارنىڭ گېپى تۈگىمەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى . ئابىدە ئىشىكتىن چىقىۋاتقاندا ئەنسەر يەنە شوخلۇق بىلەن قۇلاق تۈۋىگە بىرنى سۆيۈۋالدى . ئابىدە تېرىككەندەك قى-لىپ شاپىلاق بىلەن خېلىلا كۈچەپ ئۇرغان بولسىمۇ ، لېكىن خۇشاللىقى چېكىگە يەتكەن ئەنسەرگە بۇ شاپىلاق خۇددى ئەركى-لەتكەندەك يېقىملىق تەگدى .

## يەتتىنچى باب

# جۇدۇن شەپىسى

مېھراي كەيپى ئۇچقان ھالدا سوتخانىدا يالغۇز ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلگەن ، كۆزى تورۇستىكى بىر نۇقتىغا قادالغىنىچە ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ ئەتىگەندىن باشلاپ كەيپىياتى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى . بايا تېخى سوتتا خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ كېتىپ سوتچى سورىغان سوئالنى ئاڭقىرالماي قالدى ھەم تولۇق خاتىرىلىيەلمىدى . ئاچچىقى كەلگەن سوتچى دەۋاگەرلەرنىڭ ئالدىدىلا يۈز ـ خاتىر قىلماستىن :

— كاللىڭىز سوتخانىدا بولسۇن جۇمۇ !— دەپ قاتتىق تەگدى .

ئاران تۇرغان مېھرايىغا بۇ گەپ بەكمۇ ھار كەلدى . سوت تۈگىگىچە ئاران چىداپ خاتىرىنى يېزىپ تۈگەتتى ـ دە ، خاتىرىنى سوتچىغا ئېتىپ دېگۈدەك بېرىپ ئۈستەلدە دۈم يېتىۋالدى . سوت-چىمۇ ، دەۋاگەر ، جاۋابكارمۇ ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قويۇپ چىد-قىپ كەتتى . مېھرايىغا ھەممىدىن بەك ئېغىر كەلگىنى سوتچىنىڭ گېپى ئەمەس ، قاق سەھەردە ئىشقا كېلىپلا گۈزەلنۇر يەتكۈزگەن شۇم خەۋەر ئىدى . ئۇ گۈزەلنۇردىن ئاخشام ئەنسەر بىلەن ئابىدە-نىڭ كەچ بازاردا بىر ـبىرىنى قوغلىشىپ ، ئۇرۇشۇپ ، ئاندىن قول تۇتۇشۇپ بىر بىنانىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى . ئۇ گۈزەلنۇردىن :«خاتا كۆرۈپ قالمىغانسەن ؟ » دەپ سورىغاندا ، ئاۋازى يىغلىغاندەك چىقىپ كەتتى .

— يىنىمدىنلا ئۆتۈپ كەتتى . ھەتتا ، ئابىدەنىڭ : « ئەسكى ، ساراڭ » دېگىنىنىمۇ ئاڭلىدىم . ھەرقانچە كەچ بولسىمۇ ، ئەنسەر بىلەن ئابىدەنىمۇ خاتا تونۇپ قالىمەنمۇ ؟

— ئۇلار قانداقلارچە··· ئەجەب تېز ھە ؟

— مەن بۇرۇنلا گۇمان قىلغان ، ئىشقىلىپ ئەنسەر ئابىدەگە بەكلا قىزغىن ئىدى .

مېھراي گەپمۇ قىلماستىن سوتخانىغا قاراپ ماڭدى . گۈزەلنۇر بېشىنى چايقاپ قويدى . كۆڭلىدە : «باشلىقنىڭ قىزى بولغانلىقىڭ ئۈچۈنلا ھەممىنى بېسىپ چۈشىمەن دەيسەن ، قارا تۇرقۇڭغا ، سوقا سەندەلدەك تۇرقۇڭنى ئەنسەر يارىتارمۇ » دەپ ئويلىدى . گەرچە كۆن بويى مېھراي بىلەن ئاپاق - چاپاق يۈرسىمۇ ، لېكىن گۈزەلنۇرنىڭ قەلبىدىن ساپ دوستلۇقنىڭ ئىزناسىنىمۇ تاپقىلى بولمايتتى . پەقەت مېھراينى قولى ئوچۇق ، مەرد بولغانلىقى ئۈچۈنلا ۋاي دەيتتى . پات - پات ئۇنىڭدىن قەرز سوراپ ئالاتتى . ۋاقتىدا قايتۇرالمىسىمۇ مېھراي سۆيلىمەيتتى . بەزىدە ئۆزىگە يارىغان كىيىملەردىن دوستۇم دەپ گۈزەلنۇرغىمۇ ئېلىپ بېرەتتى .

مۇئەللىم ئالىي مەكتەپ تەربىيىسى كۆرمىگەن ، كەسپىي ئىقتىدارى تۆۋەن ، ئويۇن قېپى بۇ قىزنىڭ كۆڭلىرى ئىدارىدە ئۇنىڭ گېپىنى بۇنىڭغا توشۇش ، ئۇنىڭ بىلەن بۇنى زىددىيەتكە سېلىش بىلەن ئۆتەتتى ھەم شۇ ئىشلاردىن خۇشاللىق تاپاتتى .

سوت تۈگىگەندىكىنى كۆرۈپ گۈزەلنۇر ئاستا مېھراينىڭ يېنىغا كەلدى . ئۇ مېھراينىڭ چاناقلىرىدا يالتىراپ قالغان ياشنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئازراق ئىچى ئاغرىغاندەك بولدى .

— بولدى ، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما··· ساڭا يىگىت كەممۇ ؟ ناھايىتى شۇ بىر ئەنسەرغۇ ؟ ئالدىڭدا تېخى نى يىگىتلەر ئۇچرايدۇ ؟ نېمانچە قىلىسەن ؟

— مېنى ئازابلاۋاتقىنى يالغۇز ئەنسەر ئەمەس گۈزەلنۇر ،

خىزمەتكە چىققاندىن بىرى زادى ھېچقانداق ئىشىم يوروشمىدى . تەڭ كەلگەندىكىن ھەممىسى كەچكىچە ئابىدە ئىككىمىزنى سىلىش- تۇرۇپ ئاۋارە . كەسپىي جەھەتتە ئۇنىڭغا يېتەلمەيدىغىنىم راست . لېكىن ، ئىداردە قېنى ئۇنىڭغا كىم يېتەلەيدۇ ؟ نېمىشقا ھەممە ئادەم ئۆزىنى ئويلاشماي مېنىلا چۆكۈرىدۇ ؟

— ھازىر يېڭى بولغاچقا ئىككىڭلار ئەلۋەتتە كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغايسىلەر ، ۋاقىت ئۆتكەنچە ئوڭشىلىدۇ ، — دېدى گۈزەلنۇر تەسەللى بېرىپ .

— ياق ئوڭشالمايدۇ ، ئەھۋال بارغانسېرى يامانلاشماقتا . دەسلەپ ئابىدەنى قوشدۆك يېزىسىغا بۆلگەن ، رازاقكام ئۆگىنىشتە بولغانلىقى ئۈچۈن ئابىدە ئەنسەرنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن ئىدارى- دە قالغان . ئەمدى رازاقكام جەنۇبتىكى ئېكسكۇرسىيىسىنى تو- گىتىپ ئىشقا چۈشكۈدەك ، قارىسام مەنسۇركامۇ ئابىدەنى بەكلا ۋاي دەيدىغان بولۇپ كېتىپتۇ . شۇنىڭ ئورنىغا مېنى ئەۋەتەرمۇ دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن .

— راست ، بۇ گەپمۇ بار ،— دېدى گۈزەلنۇر غەم قىلىپ ،— داداڭغىلا دېسەڭ بىر تېلېفون بىلەن ئوڭشىۋېتە .

— ھەممىلا ئىشنى دادىغا دەپ ئولتۇرغىلى بولمايدىكەن ، داداممۇ بەزەن چاغدا قىزىل ئاكتىپ .

گۈزەلنۇر مېھرايىغا ئانچە - مۇنچە تەسەللى بېرىپ ئولتۇرغان بولسىمۇ ، لېكىن كالللىسىدا چۈشتىن كېيىن ئېچىلىدىغان سوتنى ئويلاۋاتاتتى . يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ لايىقى تۇنىيازنىڭ ئىشى دېگەندەك ئىلگىرى باسمايۋاتاتتى . ئۇ يەر ، بۇ يەردىن قەرز ئىگى- لىرى پەيدا بولۇپ تۇنىيازنى تولا ئەرز قىلىپ سوت مەھكىمىسى- نىڭ دائىملىق مېھمىنى قىلىپ قويدى . يېقىندا ، بىرى ئۇنى يەنە ئىككى يۈز مىڭ يۈەننى قايتۇرۇپ بەرسۇن دەپ ئەرز قىلغان بولۇپ ، شۇ سوت چۈشتىن كېيىن ئېچىلماقچىدى . ئىككى يۈز مىڭ يۈەن دېگەن ئاز پۇل ئەمەس - دە . تۇنىيازدا بۇ پۇلنى

قايتۇرغۇدەك مادارمۇ قالمىغان . قايتۇرغان تەقدىردىمۇ پۈتۈن مال ـ مۈلۈك ، ئۆيۋاقتىن ئايرىلىپ قاق ـ سەنەم بولۇپ قالاتتى . بەزىدە گۈزەلنۇر پېشىنى قېقىپلا ئايرىلىپ كەتمەكچى بولاتتىيۇ ، ئۇنداق قىلالمايتتى . ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئاللىقاچان مۇھەببەتلىشىشتىن ھالقىپ ئەر ـ ئاياللىققا بېرىپ بولغان ، گۈزەلنۇرنىڭ يېقىندا بويىدا قېلىپ بالا ئالدۇرغانىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈزەلنۇرمۇ تۇنىيازنىڭ پۇلىنى ئاز خەجلىمىگەن ، يېگەن ئېغىز ئۇيۇلار دېگەندەك ئۇنىڭمۇ تىلى تۇتۇق يەرلىرى بار ئىدى . ئەگەر ، ئايرىلىپ كېتىمەن دېسە ئادەمنى پىچاقسىز سويۇپ ئادەتلەنگەن بۇ قاغدالما سودىگەر ئۇنى بوش قويمايتتى . شۇڭا ، گۈزەلنۇرغا بۇ كۆرۈمسىز ، بىر پۇتى ئاقساق سودىگەرگە ئەگىشىپ يۈرۈشتىن باشقا ئامال قالمىغانىدى . تۇنىياز بۇ قېتىم ئۇنىڭغا ئېنىق قىلىپ :

— چىرايلىق قىزلارنىڭ كۆپلۈكىدە سوت مەھكىمىسىدىن لايىق تۇتۇپ بېشىم ئىششىپ قالمىدى مېنىڭ . ئامال بار دېلو كىمدە بولسا ئىزدەپ تېپىپ ئاۋۇ ھەمدۇل دېگەن قويمىچىغا يېزىپ بەرگەن ھۆججىتىمنى يوقىتىۋەت . ھۆججەتلا يوقالسا مەنمۇ تېنىۋالىمەن . ئىسپات بولمىسىلا قانۇندىمۇ ھېچنېمە قىلالمايدۇ .

— بۇ ئىش ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس تۇنىياز . دېلودىكى دەلىل ـ ئىسپاتلار بەك چىڭ تۇتۇلىدۇ . بىر ـ بىرلەپ خاتىرىگە ئېلىنىدۇ . ئەگەر ، ئۇنى يوقىتىۋېتىپ سېزىلىپ قالسام...

— تولا بىلجىرلىما ، سوتچى دېگەن هارامتاماقلار دېلونى قوچاقلاپلا ياتمايدىغاندۇ ؟ ئۇ يەر ، بۇ يەرگىمۇ قويماسمۇ ؟ چاندۇرماي بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىۋېلىش شۇنچە تەسمۇ ؟ ئەگەر مۇشۇ ئىشنى قاملاشتۇرالىساڭ ، مانا ماۋۇ پورتمالدىكى ئون مىڭ يۈەن سېنىڭكى !

گۈزەلنۇر قانۇن ـ تەرتىپتىن ئەسلا خەۋىرى يوق ، چالا ساۋات تۇنىيازنىڭ تاقا ـ تۇقا گەپلىرىدىن سەسكىنىپ تۇرسىمۇ ،

لېكىن «پورتمالدىكى ئون مىڭ يۈەن سېنىڭكى» دېگەننى ئاڭلىغاندا كۆزى پارقىراپ كەتتى . لېكىن ، سوت مەھكىمىسىدە دېلودىكى ئىسپاتنى يوقىتىۋېتىش ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپقانلىق ، ئەگەر سېزىپلا قالسا نېمە سەتچىلىك !

گۈزەلنۇر كاللىسىدا مۇشۇ غەم بىلەن ئىدى . ئۇ ئەتىگەندىن تىڭ ـ تىڭلاپ يۈرۈپ دېلونى ھۆرىيەت خانىم سوت ئاچىدىغانلىقىنى ، ئابىدە خاتىرە يازىدىغانلىقىنى بىلدى . خىيال قىلىۋېرىپ گۈزەلنۇرنىڭ كاللىسىدا ئىنتايىن قەبىھ سۇيىقەست ئارىلاشقان بىر رەزىل پىلان ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى . ئۇ دەسلەپ بۇ خىيالدىن قورقتى . كېيىنچە ئويلاپ ، بۇ پىلان شۇنداق پۇختا ، قىل سىغمايدىغان ھەم مېھرايغىمۇ ، گۈزەلنۇرغىمۇ ، تۇنىيازغىمۇ پايدىلىق بولۇپ تۇيۇلۇشقا باشلىدى . بۇ پىلاندىن مېھرايغا دەيمۇ ـ دېمەيمۇ دەپ كۆپ ئىككىلەندى . بۇ ئىشتىن ئۆزىگە تېگىشلىك ئون مىڭ يۈەن كۆز ئالدىدا لەيلەپلا تۇراتتى ، ئاخىر ئەگىتىپ سۆز ئاچتى :

— ئەھۋالنى ئۇقۇشماق ئۇنچىۋالا تەسمۇ ئەمەس .

— قانداقسىگە ؟ — دېدى مېھراي .

— ئابىدە خىزمەتتە بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزسە ، دەرھال يېزىغا ھەيدىلىدۇ . سېنىڭ كۆزۈڭگىمۇ مىخ بولۇپ قادالمايدۇ . ساڭىمۇ ئەنسەرنى كەلتۈرۈشكە پۇرسەت بولىدۇ .

— ئاقمايدىغان گەپ ، ئابىدە قاچان سەۋەنلىك ئۆتكۈزەر دەپ ساقلاپ تۇرىمىزمۇ ؟ ئۇ ئاسانلىقچە سەۋەنلىك ئۆتكۈزىدىغانلاردىن ئەمەس .

— ئۇمۇ سەۋەنلىك ئۆتكۈزسۇن ، ئىدارىدە بار دەشنامنى مەنلا ئاڭلىماي ، باشقىلارمۇ ئاڭلاپ باقسۇن ، مەسىلەن : دېلودىكى دەلىل ـ ئىسپاتلارنى يىتتۈرۈپ قويۇش دېگەندەك .

مېھراي چۈشىنەلمەي گۈزەلنۇرغا قارىدى . گۈزەلنۇرنىڭ لەگمەن چۆپى پىشىپ چىققان چۆپ سۈيىنى ئەسلىتىدىغان خۇنۇك

كۆزى سەل قىسىلغان ، ئازراق جىددىيلەشكەندى . ئۇ سەل ئېڭىشىپ مېھراينىڭ قۇلىقىغا ئۇزاق پىچىرلىدى . مېھراينىڭ كۆزى جىددىيلىكتىن كېرىلدى .

— ياق ، ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ ، چېنىپ قالسا قانداق قىلىمىز ؟ ئابىدەگە بەكلا ئۇۋال بولار ؟

— ئۇۋال بولار دېسەڭ بايىقىدەك يىغلاپ ئولتۇرسەن . ھۆرىيەت خانىممۇ سوت ئېچىپ بولۇپلا دېلونى پۈتۈكچىگە تاشلاپ بېرىدۇ . دېلو ئابىدەنىڭ قولىدىكى چاغدا بىر ئامال قىلىپ چاۋدۇرماي ئىسپاتنى ئېلىۋالىمىز ، ئابىدە تۇيمايلا قالسۇن ، ئاندىن بارلىق مەسئۇلىيەتنى ئابىدەگە دۆڭگەپ قويىمىز .

— ئىسپاتنى قانداق ئالىسەن ؟

— مەن شۇنى ئويلىشىۋاتىمەن . سەن ماڭا ماسلىشىپ بەرسەڭلا بولدى .

مېھراي يېڭى خىزمەتكە چىققان بولغاچقا ئارخىپتىكى دەلىل - ئىسپاتنى يوقىتىۋېتىشنىڭ ئۇنچىلىك مەسئۇلىيىتى ئېغىرلىقىنى بىلمەيتتى . ئۇ تۇنىيازنىڭ دېلوسىدىن خەۋەرسىز ، گۈزەلنۇر دوست بولغاچقا غېمىمنى يەۋاتىدۇ ، دەپلا چۈشىنەتتى ھەم دېلودىكى بىرەر ۋاراقنىڭ يوقىلىپ كېتىشى بىلەن چوڭ ئىش بولۇپ كەتمەيدۇ دەپ بىلەتتى . ئىككىسىنىڭ باش قوشۇپ مۇڭدىشىشى چۈشلۈك ئارامغىچە داۋاملاشتى .

چۈشتىن كېيىن ھۆرىيەت سۇرلۇك قىياپەت بىلەن سوتخانىغا كىرىپ كەلدى . ئېگىز بويلۇق بۇ خانىمغا سوت ئاچقاندا كىيىدىغان قارا ئۇزۇن پىلاش بەكمۇ يارىشاتتى . تۇرقىدىن ئادەمنى ئەيمەندۈرىدىغان سۈرى بار ئىدى . سوت باشلاندى . تۇنىيازغا بېرىپ تۇرغان ئىككى يۈز مىڭ يۈەننى نەچچە يىلدىن بېرى ئالالماي يۈرگەن ھەمدۇل دەۋاگەر ئورنىدا غەزەپ بىلەن ئولتۇراتتى . ئابىدە جاۋابكار ئورنىدىكى تۇنىيازنى كۆردى - دە ، قاپاقلىرى تۈرۈلدى . يېقىندىن بۇياندىلا ئۇ تۇندىيازنى ئەرز قىلغان

ئۈچ ـ تۆت سوتتا خاتىرە يازغاندى . شۇڭا ، تۇنىيازنىڭ ئاقساق پۇتى ، گۆشلۈك قوش ئېڭەكلىك كۆرۈمسىز يۈزى ، ھەتتا ئاۋازى ـ غىچە ئابىدەگە تونۇش بولۇپ كەتكەنىدى .

سوت نورمال تەرتىپتە كېتىپ باراتتى . ھۆرىيەت خانىم سوت تەرتىپى بويىچە :

— ئالدىدا دەلىل ـ ئىسپات كۆرسىتىپ يۈزلەشتۈرىمىز ، ئالدى بىلەن دەۋاگەر ئىسپات كۆرسەتسە بولىدۇ ،— دەپ ئۇقتۇردى .

— مانا دەلىل ـ ئىسپات ،— دېدى ھەمدۇل بىر پارچە قەرز ھۆججىتىنى سوتچىغا سۇنۇپ ، — ئۆتكەن يىلى ئۆز قولى بىلەن يېزىپ بەرگەن قەرز ھۆججىتى مۇشۇ .

ھۆرىيەت قەرز ھۆججىتىنى بىر قۇر ئوقۇغاندىن كېيىن تۇنىيازغا كۆرسەتتى :

— ھۆججەتنى راست سىز يازغانمۇ ؟

— ياق ، مەن ھېچقاچان بۇنىڭغا ھۆججەت يېزىپ بەرمىدىم . ئارىمىزدىكى مۇئامىلە ئاللىقاچان ئۈزۈلۈپ تۈگىگەن . مېنىڭ بۇنىڭغا بېرىدىغان قەرزىم يوق .

— ھەي قىزىل كۆز ، داپ يۈز ! — ھەمدۇل سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى ، — ئۇستىمىزدە خۇدا بار ، خۇدادىن قورق ، جان چىقىدىغان ئىش بولسىمۇ ، ئوغۇل بالىدەك راست گەپ قىلە ! ماۋۇ ھۆججەتنى سەن يازمىدىڭمۇ ؟

— ياق ، ھۆججەتنى سەن ئويدۇرۇپ چىقىرىپسەن ، پوچېركا مېنىڭ ئەمەس .

— ھۇ يۈزى قېلىن قويمىچى ، خەق تۇنىياز داپ دەپ بىكارغا دېمەپتىكەن ، — ھەمدۇل ئاچچىقىدا تىلى گەپكە كەلمەي قالغانىدى .

— تولا بىكارغا ئادەم تىللىما ،— تۇنىياز نېمىشقىدۇر بۇگۇن باشقا چاغلارنىڭ ئەكسىچە ئېغىر ـ بېسىق بولۇۋال ـ

غانىدى ،— راست مېنىڭ پوچېركاممۇ ، ئەمەسمۇ سوتتىن تەك-شۈرۈپ باقسا بولىدۇ ،— تۇنىياز پوچېركا تەكشۈرۈشتە چىڭ تۇرۇۋالدى .

پوچېركا باھالىتىدىغان ، باھالاش نەتىجىسى ئېلان قىلىنغان-دىن كېيىن سوت داۋاملىشىدىغان بولدى .

— مەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا پوچېركا باھالىتىش ئىل-تىماسى يازاي ،— دېدى ھۆرىيەت ،— ئاڭغىچە دېلو سىزدە تۇ-رۇپ تۇرسۇن ، بۇ ھۆججەت يىتۇپ كەتمىسۇن ، ئوبدان ساقلاڭ .

— بولىدۇ ،— دېدى ئابىدە ،— مەن تۇنىياز يازغان ھۆججەت-نى كۆرگەن . خەت ئوپمۇ ئوخشاش تۇرىدۇ ، تۇنىياز ئۆكتەملىك قىلىۋاتقاندەك قىلىدۇ .

— مېنىڭچىمۇ شۇنداق ،— دېدى ھۆرىيەت ،— سىڭلىم ، مەن سىزگە قايىل ، ئەقىللىق ، زېرەك قىزكەنسىز ، ماڭا بۇ يىللاردىن باشلاپ قېرىلىق يەتكىلى تۇردى . زېھنىم تازا جايىدا ئەمەس ، ھازىردىن باشلاپ سوت ئېچىلغان دېلولارنىڭ ھۆكۈمىنى ئەھۋالغا قاراپ سىز يېزىۋەتسىڭىز بولىدۇ . بۇ ئەلۋەتتە كاتىپلارغا قويۇلىدىغان ۋەزىپە ئەمەس ، لېكىن مەن سىزگە ئىشىنىمەن .

— رەھـمەت ،— دېـدى ئابىـدە خۇشال بولۇپ ،— چوقۇم تىرىشىمەن .

ھۆرىيەت دېلو ئارخىپىنى ئابىدەگە بېرىپ چىقىپ كەتتى . ئابىدە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھەۋەسلىنىپ قاراپ : «مەن قاچانمۇ سوتچى بولارمەن؟ ئىمتىھاندىن ئۆتەلەرمەنمۇ؟ ئامال بار ئۆتۈپ سوتچىلىقنى قولغا كەلتۈرمىسەم» ئابىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇ-رۇۋىدى ، ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئەنسەر ئىشىكتىن بېشىنى كىرگۈ-زۈپ ، قولىنى ئاغزىغا تەگكۈزۈپ ئابىدەگە بىر سۆيۈش يوللىۋەت-كەندىن كېيىن ، قانداق تېز كۆرۈنگەن بولسا شۇنداق تېز يوقال-دى . ئابىدەنىڭ قەلبى شېرىن تۇيغۇغا چۆمۈلـدى . شۇنـداق جىددىي خىزمـەت ئارىسىدىـمۇ ئـەنسەر ئابىدەگـە چاقـچاق

قىلىدىغان ، گەپلىشىدىغان پۇرسەت تاپاتتى . ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئىدارىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى خەۋەر تېپىشقان بولۇپ ، كۆز قارىشىمۇ ھەرخىل ئىدى .

— ھەي ، قانداق بولار ، — دېگەنىدى ھۆرىيەت ئاياللار كېلىپ غەيۋەت قىلغان كۈنى ، — ئامىنەمنى مەن ئوبدان بىلىمەن ، مىجەزى ئوسال ، ھاكاۋۇر خوتۇن ، سورۇنلاردا ئوغلىنى داڭلاپ ئۇچۇرۇپ : «خۇدايىم بۇيرۇسا تىرناقتا توختىغىدەك قىز ئېلىپ بېرىمەن» دەپ مەيدىسىگە ئۇراتتى . ئاڭلىسام ئابدەنىڭ ئائىلىسى بەكلا كەمبەغەلمىش ، دادىسى يوقكەن ، ئانىسى كىشىلەرنىڭ كىر - قېتىنى يۇيۇپ ، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىنى قىلىپ قىزىنى ئاران ئوقۇتقان دەيدۇ . ئامىنەم بىلسە ئۆكتە قوپارمىكىن .

— قارىسام ، ئەنسەر ئابدەنى بەكلا ياخشى كۆرىدىغاندەك ، سائەتتە بىر ئابدەنى يوقلاپ ئۆتمىسە چىدىمايدۇ .

— بىچارە ، ئائىلىسىنىڭ كەمبەغەللىكىنى دېمىسە ، بولىدىغان قىزكەنتۇق .

— بۇ ئىشتا ئەنسەر چىڭ تۇرمىسا ، ئۇلارنىڭ ئىشىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى تەس .

ھەر كىم ھەر نېمە دەيتتى ، لېكىن بۇ بىر جۈپلەرنىڭ پەرۋايى پەلەك ، پۇرسەت تاپسىلا بىر يەردە پاراڭلىشىپ تۇراتتى . خىزمەت ئېھتىياجى بولمىسا ئۇلارنىڭ پارىڭى مەڭگۈ تۈگىمەيدىغاندەك قىزغىن ئىدى . ئېگىز بويلىرى ، ئوخشاش سوت فورمىسى بىر - بىرىگە بەك ماسلاشقانىدى .

ئەنسەرنىڭ ئوتتەك مۇھەببىتى ، ئىشەنچلىك ، سەممىي گەپلىرى ئابدەنىڭ يۈرىكىدىكى ئەندىشىنى تۈگەتكەن . بۇرۇنقىدەك كەمبەغەل ئائىلىسى ، بىچارە ئانىسى ئۈچۈن مۇھەببىتىنى قۇربان قىلىدىغان ئەخمىقانە خىيالى يوق ئىدى . كەمبەغەل بولسا نېمە بوپتۇ ؟ ئانىسى ئۇلۇغلاشقا ئەرزىگۈدەك ئانا . ئۇ ئانىسىنىڭ

جاسارىتىدىن سۆيۈنىدۇ . شۇنچە قىيىنچىلىقلار ئىچىدە ئۆزىنى بېقىپ مۇشۇنچىلىك قاتارغا قوشقانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ . ئەنسەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ ئوقۇغان ، ئىلمىي ئادەملەر بولغاندىكىن ئۇنچىلىك قاتماللىق قىلىپ تۇرۇۋالماس .

ئەنسەر پەيتىنى تېپىپ بۇ ئىشنى ئاتا ـ ئانىسىغا دېمەكچى بولۇپ تۇراتتى . ئويلىمىغان يەردىن ھۆرىيەت بىلەن بىر سورۇندا ئۇلتۇرۇپ قالغان ئاممەنەم ھۆرىيەتدىن بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ قۇيقا چېچى تىك بولدى . بولۇپمۇ بۇ گەپلەرنى شۇنچە خوتۇنلار ئارىسىدا ئاڭلاش ئاممەنەمنى بەكمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى . شۇنداق بولسىمۇ ئۆزەڭگىدىن چۈشمەي :

— خەق دېگەن ھەر نېمە دەيدۇ ، توي قىلىپ ئالغاندا ھېساب . مېنىڭ ئوغلۇمنىڭمۇ كۆزى بار . قاراپ تۇرۇپ كىرچى خوتۇننىڭ قىزىنى ئالمايدۇ ، — دەپ بويۇن قېقىپ قويدى .

كەچتە ئاممەنەم تويدىن قايتىپ كەلگەندە ئەنسەر تېخى ئۇخلىمىغان بولۇپ ، تېلېۋىزوردىن توپ مۇسابىقىسىنى كۆرۈۋاتاتتى . ئۇ ئانىسىنىڭ ئۆمسە چىرايىغا ، قەھرلىك كۆزىگە دىققەت قىلماي مۇسابىقە كۆرۈشكە باشچىلاپ كىرىپ كەتتى . بۇنىڭ پەرۋاسىزلىقى ئاممەنەمنىڭ تېخىمۇ ئوغىسىنى قاينىتىۋەتتى . ئۇ بارغان پېتى تېلېۋىزورنى تاققىدە ئۆچۈردى ـ دە ، ئەنسەرنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى .

— ئوغلۇم بولساڭ راست گېپىڭنى دە ؟ ئاباس ، سىزمۇ بۇياققا چىقىڭ ! — دېدى .

ئىچكىرىكى ئۆيدىن ئۇخلاش كىيىمى كىيگەن ئاباس ئالاقزادىلىك بىلەن چىقىپ كەلدى . دادا ـ بالا ھەيرانلىق بىلەن غەزەپتىن كۆكىرىپ كەتكەن ئاممەنەمگە قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى . ئاممەنەم بايىقى سوئالنى غەزەپ بىلەن تەكرارلىدى :

— ئوغلۇم بولساڭ راست گېپىڭنى دە ؟

— نېمىنى دەيمەن ، قاچان مەن سىزگە راست گەپ قىلمىغان ؟

— خۇپسەنلىك قىلما ! ئىدارەڭدىكى ئابىدە ئىسىملىك بىر قىز بىلەن يۈرگىنىڭ راستمۇ ؟

— بۇنىڭغا خۇپسەنلىك كېتەمدۇ ؟ مەن ھامىنى بۇ ئىش توغرۇلۇق سىلەر بىلەن سۆزلەشمەكچىدىم . مەن بۇرۇنلا سىلەرگە توي قىلىدىغان لايىقنى ئۆزۈم تاپىمەن دېگەن ، مەن لايىق تاپتىم ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن .

— كىم بىلەن ؟ ئاشۇ تىككۈچىنىڭ قىزى بىلەنمۇ ؟

— تىككۈچىنىڭ قىزى بولسا نېمە بوپتۇ ؟ ئابىدە دېگەن كەم تېپىلىدىغان ئېسىل قىز ، ئۇنىڭ قانداق قىز ئىكەنلىكىنى كې-يىنچە بىلىپ قالىسەن .

— مېنىڭ كېيىنچە ئۇنى كۆرگۈممۇ يوق . خەقنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى يەر قىلما ، نى - نى قىزلارنى نەزىرىڭگە ئىلمىدىڭ ، بىزمۇ ماۋۇ شەھەردە خېلى ئېسىل ئۆتكەن ئادەملەر . قاراپ تۇرۇپ قانداقمۇ بىر تىككۈچى خوتۇن بىلەن قۇدا بولىمىز .

ئەنسەرنىڭ بىردىنلا ئاچچىقى كەلدى :

— ئاپا ، نېمانداق ساپاسى تۆۋەن ئادەملەردەك گەپ قىلى-سىز ؟ سىزچە بولغاندا ئادەملەرنىڭ قەدىر - قىممىتى ئۇلارنىڭ ئەمەل ، مەنسىپىدىمۇ ؟ ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ئابىدەنىڭ ئانىسىنى شۇنداق ھۆرمەتلىگۈم كېلىدۇ . ئۇ ئۆزى كېسەلچان ، ئاجىز ئايال كىشى تۇرۇپ جاپاغا باش ئەگمەي يالغۇز قىزىنى ئالىي مەكتەپكى-چە ئوقۇتتى . ئائىلىسىنىڭ كەمبەغەللىكى ئۇلارنىڭ گۇناھىمۇ ؟ راستىنى ئېيتسام ، نەچچە يىلدىن بېرى مەن ئابىدەنى ساقلى-غان . بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئابىدەدىن باشقا ھېچكىمنى ياخشى كۆر-مەيمەن . مەن ھازىر ئىنتايىن بەختلىك ! مەن ئۇچۇن خۇشال بولۇشۇڭلار كېرەك .

ئانىسى بىر ھازا گەپ قىلماي ئولتۇرۇپ كەتتى . ئاندىن ، تۇيۇقسىز ھۆ تارتىپ ئۇنلۇك يىغلىۋەتتى :

— ئۇنى ئالىمەن دېسەڭ مېنى ئانام دېمە ، تويۇڭنىمۇ ئۆزۈڭ

قىل ، ئانام يوق دەپ تۇرۇپ توي قىل ! نېمە كەلگۈلۈك بۇ ؟ خەلقئالەم ئالدىدا نېمە سەتچىلىك ؟
ئاباس جىددىيلىشىپ كەتتى :
— ۋاي خوتۇن ، بوشراق ۋارقىراڭلار ... قولۇم ـ قوشنىلار نېمدەپ قالىدۇ ؟ ئۇنچىلىك ئىشقا بولدى يىغلىماڭلار...
— سىزنىڭ قولىڭىزدىن پوق كەلمەيدۇ ، ئۆزىڭىز ئوغلىـ ڭىزغا گەپ يېگۈزەلمەيسىز ، مانا ئەمدى خوپ بولدىمۇ ؟
— ئەنسەر ئۆزى ياقتۇرغان بولسا مەيلى ئەمەسمۇ ؟ ئەنسەر ـ نىڭمۇ ئەقلى بار ، بەلكىم بىرەر ئويلىغان يېرى باردۇ .
بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئامىنەمنىڭ ئوغىسى تېخىمۇ قايناپ كەتتى . ئۇ دادا ـ بالا ئىككىسىگە قولىنى بىردىن چەنلەپ تۇرۇپ سەنلەپلا چۇشتى :
— ھەر ئىككىڭ مېنىڭ مىجەزىمنى ئوبدان بىلىشىسەن . جېنىم تېنىمدە بولىدىكەن ، سېنىڭ ئۇ توينى قىلغىنىڭنى كۆرەي .
ئامىنەم خۇددى ھازىرلا توينى بۇزۇشقا ئاتلانغاندەك بىر خىل ھەرىكەتلەرنى قىلىپ يان ئۆيگە كىرىپ كەتتى . ئەنسەر ئاچچىقىدا گەپمۇ قىلماي قېتىپ ئولتۇراتتى . ئۇ چاچراپ تۇرۇپ ھۇجرىسىغا كېتىپ بارغاندا دادىسى ئۇنىڭ كۆزىدىكى لىغىلداپ قالغان ياشنى كۆرۈپ قالدى . ئوغلىنىڭ غەمكىن چىرايىنى كۆرۈپ دادىسىنىڭ يۈرىكى ئېزىلدى . ئاباس ئوغلىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگەندە ئەنسەر كىيىمى بىلەنلا كارىۋاتقا ئوڭدىسىغا تاشلىنىپ تورۇسقا قاراپ ياتاتتى . ئۇ دادىسىنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئازراق ئۆرە بولۇپ ئوڭشالدى .
— خاپا بولما بالام ، ئاپاڭنىڭ مىجەزى ئاشۇنداق ، لېكىن مەن ھالىڭغا يېتىمەن ، ئاشۇ قىزنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغانلا بولساڭ چوقۇم توي قىل . مەن قوللايمەن . ئاپاڭمۇ سۆزلەپ ـ سۆزلەپ ھېرىپ قالىدۇ .

دادىسىنىڭ سۆزلىرىدىن ئەنسەرنىڭ دىلى يورۇپ قالدى.

— دادا، سىزلا مېنى چۈشىنىسىز جۇمۇ. ھەممە ئاتا ـ ئانىلار سىزدەك بولسا نېمىدېگەن ياخشى.

— ھەقىقىي مۇھەببەتكە ئېرىشمەك ئوڭاي ئەمەس، — مەن سېنىڭ بىر ئۆمۈر ئازابلىنىشىڭنى خالىمايمەن. بەختىڭنى تاپقان بولساڭ قولدىن چىقىرىپ قويما.

دادىسىنىڭ سۆزلىرىدىن قانداقتۇر ئىچكى ئازاب، ئۇزاق ئۇنتۇلغان ئۆتمۈشكە تەئەللۇق بىر خىل سېغىنىش ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇراتتى. كۆزى ئۇدۇلدىكى تامدىن نېمىنىدۇر ئىزدەۋات- قاندەك تىكىلىپ قالغانىدى.

— نېمىنى ئويلاۋاتىسىز دادا، — دېدى ئەنسەر، — خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپلا كەتتىڭىزغۇ؟

ئاغزىدىن دورا بىلەن كېسەلنىڭ گېپى چۈشمەيدىغان دادى- سىدىن مۇھەببەت، تۇرمۇش ھەققىدە گەپ ئاڭلاش ئەنسەرگە يېڭىلىق تۇيۇلدى.

— ئىككىمىزنىڭ تەقدىر ـ قىسمىتىمىزنىڭ ئوخشاپ قالغان- لىقىغا ھەيران قېلىۋاتىمەن.

— قانداقلارچە؟ دادا سۆزلەپ بېرىڭچۇ؟ سورىماقچى ئەمەس- تىم، ئۆزىڭىز ئېغىز ئېچىپ قىزىقتۇرۇپ قويدىڭىز، ئىككىمىز ئولتۇرۇپ پاراڭلاشمىغىلىمۇ نى ئالەم. بىردەم پاراڭلىشايلى...

— ھەي، سۆزلىسەم گەپ جىق، — دېدى ئابباس، — ئۆتمۈشكە تەۋە ئىشلار، لېكىن ئادەمنىڭ ئاسانلىقچە ئېسىدىن چىقمايدىكەن، تۇرۇپ ئەسلەپ قالىمەن. بۇ جاھاننى قالايمىقانچى- لىق باسقان بىر يىللىرى ئىدى. شۇ بىر يىلى مەن جاپپار بىلەن قايتا تەربىيىگە قوشدۆڭ يېزىسىغا چۈشتۇق.

— سىز قوشدۆڭدىمۇ تۇرغانمۇ؟

— ھەئە، شۇ چاغدا جاپپار بىلەن ئىككىمىز يېقىن ئاغىنە ئىدۇق. جاپپار قوشدۆڭلۈك بولۇپ، دېھقاننىڭ بالىسى ئىدى.

مەن شەھەردىكى باينىڭ بالىسى ئىدىم. بوۋاڭ رەھمەتلىك جىق يەرلەردە ئوقەت قىلغان كونا تىجارەتچى، تەقۋادار ئۆلىما ئىدى. ئاشۇ ئىنقىلاب يىللىرىدىمۇ ئىشقىلىپ كۇنىمىز باشقىلاردىن كۆپ ياخشى ئىدى. جاپپار بىلەن ئىككىمىز قوشدۆڭگە بېرىپ قايتا تەربىيە ئېلىۋاتقاندا بىزنىڭ ئەترەتتە گۇلئايىم دەيدىغان بىر چىد-رايلىق قىز بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسى تارتىپ چىقىرىلغاندىن كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلۇپ كېتىپتىكەن. ئۆزى تىكەندەك يالغۇز يېتىم قىز ئىدى. ئۇ شۇنداق مۇلايىم، چېچەن، يېقىشلىق بو-لۇپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنى ياخشى كۆرۇپ قالدىم. لېكىن، كېيىنچە جاپپارنىڭمۇ گۇلئايىمغا كۆيۈپ ـ پىشىپ يۈر-گىنىنى سېزىپ قېلىپ، ئارىسالدى بولدۇم. مەن ئارىلىقتا شە-ھەرگە قايتىپ ئۆيگە كەلگەندە ئۆيدىكىلەرگە بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىۋىدىم، ئويلىمىغان يەردىن ئانامنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدىم. بايا بىزنىڭ ئۆيدە يۈز بەرگەن ئەھۋال شۇ چاغدىمۇ بەئەينى ئوخشاش يۈز بەرگەن. ئوخشاشمىغان يېرى داداممۇ، ئانامنىڭ تەرەپدارى بولۇپ مېنىڭ يېزىدىن ئۆيلىنىشىمگە قەتئىي قوشۇلمىدى. شۇنىڭ بىلەن يا گۇلئايىمغا مۇھەببىتىمنى ئىزھار قىلالماي، يا بۇ مۇھەببەتنى ئۆچۈرەلمەي خېلى ۋاقىت ئۆتتى. مەن ئاجىز كېلىپ قالدىم. كېيىنچە ئانام: «دوستۇمنىڭ قىزى، ئوقۇغان، بىلىملىك قىز» دەپ ئاپاڭ بىلەن تويىمىزنى قىلىپ قويدى.

— گۇلئايىم قانداق بولدى؟ — دېدى ئەنسەر قىزىقىپ.

— ئۇ جاپپار بىلەن توي قىلدى، لېكىن بەختلىك بولالمى-دى. توي قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا جاپپارنىڭ ھازىرقى ئايالى نۇر-خان ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كېلىپ، قوشدۆڭنىڭ تەشۋىقات ئەترىتىگە ئىشقا چۈشتى ھەم جاپپارنى ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇ جاپپارنىڭ ئايالى بارلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ھەرخىل ئاماللار بىلەن جاپپارغا يېقىنلىشىشنىڭ كويىدا يۈرەتتى. نۇرخان كېيىنچە بەكلا

ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى . بىچارە گۈلئايىم ئاز ياش تۆكمىدى . بىر چاغلاردا نۇرخان : «قورسىقىمدىكى جاپپارنىڭ بالىسى ، ئىگە بولمايدىكەن سولىتىۋېتىمەن » دەپ يۈردى . جاپپار ئىزا ـ نومۇسقا چىدىماي گۈلئايىم بىلەن ئاجراشتى . شۇ چاغدا گۈلئايىمنىڭ ئېغىر ئاياغ ئىدى . بىچارىنىڭ قورسىقىنى كۆتۈرۈپ نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ . يوقاپلا كەتتى . مەن يوشۇرۇنچە ئىز ـ دېرىكىنى قىلىپ باققان بولسامۇ ، زادىلا خەۋىرىنى ئالالمىدىم . بەزىلەر ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋاپتۇ دېيىشتى . بەزىلەر باشقا يەرگە كۆچۈپ كېتىپتۇ ، بالىسىنى تۇغۇپتۇ دېيىشتى . ئىشقىلىپ ئېنىق خەۋەر يوق .

— جاپپار ئاكامنىڭمۇ قالتىس مۇھەببەت تارىخى باركەن ـ دە ؟— دېدى ئەنسەر .

— شۇنداق ، ئاشۇ بىشەم خوتۇن بىلەن ھازىرغىچە ئۆي تۇتۇپ كېلىۋاتىدۇ . بەزىدە مۇڭدىشىپ قالغىنىمىزدا ياش چاغلىرىمىزدىكى ئىشلارنى ئانچە ـ مۇنچە دېيىشىمىز . جاپپارمۇ شۇ چاغلارنى ئەسلەشكە ئامراق .

دادا ـ بالا قىزغىن مۇڭدىشىش بىلەن بولۇپ ئامىنەمنىڭ ئىشىك سىرتىدا گەپ تىڭشاۋاتقانلىقىنى سەزمىگەنىدى . ئامىنەم تازىلىق ئۆيىدىن چىقىۋېتىپ ئېرىنىڭ ئوغلىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ھەم غەلىتىلىك ھېس قىلىپ گەپ تىڭشاپ تۇرغانىدى .

«ۋۇ ، نومۇس قىلمايدىغان قېرى ئەبلەخنىڭ قىلغان گېپىنى قارا ،— ئامىنەم غەزەپتىن تىترىگىنىچە ئويلايتتى ،— سەن قېرىنىڭمۇ تېخىچە بېسىلمايۋاتقان ئارمانلىرىڭ باركەن ـ دە ؟ تېخى ئۆزۈڭنىڭ يېتەلمىگەن ئارمانلىرىڭغا ئوغلۇڭنى يەتكۈزمەكچى ؟ ياخشى ··· مەنمۇ بوشاڭ ئامىنەم ئەمەس . »

ياۋاش ئېرىنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئامىنەمنىڭ ئىچى زەھەرگە توشتى .

ئېرىنىڭ ئوتتۇز يىل بۇرۇنقى ياخشى كۆرگەن قىزىنىمۇ ئاغزىنى بۇزۇپ ھەر قىسما تىللىۋەتتى .
ئۇ سۆزلەش ، ئۇرۇشۇش ، يىغلاشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكى-نى ھېس قىلىپ قانداق قىلىش ھەققىدە پىلان تۈزۈشكە باشلى-دى . ئوغلى قارىغاندا ئۇ گادايىنىڭ قىزىدىن ھەرگىز ۋاز كەچمە-گۈدەك ، ئەمدىكى گەپ شۇ قىزنى ۋاز كەچتۈرۈشتە ، بۇ ئۆيگە كېلىن بولۇپ كىرىشكە پېتىنالمايدىغان قىلىشتا ، بۇنىڭ يولى ئاسان ، ئامىنەم ئەتىلا ھەممە ئىشنى جايلايدۇ . ئېرىنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىدىن خورلۇق ھېس قىلغان ئامىنەم ئېرى بىلەن تىغمۇ تىغ ئېلىشىشقا تەييارلىق قىلدى . «شۇ توينى قى-لىشقىنىڭنى بىر كۆرەي» دەپ خىيالىنىڭ خۇلاسىسىنى چىقىرىپ ئۇخلاشقا ياتتى .

## سەككىزىنچى باب

# تونۇش بىمار

خېلىلا تېتىكلىشىپ قالغان ئايىمخان قولىدىكى ئوتقاشتەك
جۇلالىنىپ تۇرغان بىر كىيىملىك ئەتلەسكە ھەۋەس بىلەن قاراۋا-
تاتتى . ئەتىگەن ئۇ بۇ ئەتلەسنى ئالايىتەن ئابىدەنى دەپ سېتىۋال-
دى . چوڭ بولۇپ قالغان قىز ئەمەسمۇ ، ھېلىمۇ ئابىدە ھازىرغا
قەدەر بىر قېتىممۇ كىيىمىنىڭ جېدىلىنى قىلىپ باقمىدى . ئايىم-
خان كوچىلاردا مودا ، ئېسىل كىيىنىشكەن قىزلارنى كۆرگىنىدە
ئابىدەنىمۇ شۇنداق ياسىغۇسى كېلىپ كېتەتتى . بىراق ، قولىنىڭ
قىسقىلىقىدا نېمە ئامال ؟ بولمىسا قىزىنىڭ كىمدىن قالغۇچىلىكى
بار ؟ ئابىدەدە بار زىبا بوي ، گۈزەل چىراي ، بىلىم - سەۋىيە
مانا مەن دېگەنلەردە يوق . يېقىندىن بۇيان ئابىدە سىرتلارغا تولا
چىقىدىغان بولۇپ قالغانىدى . ھەر قېتىم ئۇ ئاددىيلا كىيىم بىلەن
سىرتقا ماڭغاندا ئايىمخاننىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالاتتى .
شۇڭا ، ئەتىگەندە قەتئىي نىيەتكە كېلىپ بازارغا چىقىپلا ئابىدەنىڭ
دورا ئال دەپ بەرگەن پۇللىرىدىن يىغىپ قويغان پۇلغا بۇ ئەتلەس-
نى ئالدى . ئەتلەسنى بىر زامانلاردا ھېچكىم كىيمەس بولۇپ
كەتكەن ، مانا ئەمدى مودا بولۇپ قىز - چوكانلار بەس - بەستە
كىيىشمەكتە . ئايىمخان تىكىدىغان پاسونىمۇ كۆڭلىدە مۇقىم-
لاشتۇرۇپ قىزىنىڭ ئۆزىگە ياد بولۇپ كەتكەن ئۆلچىمى بويىچە
كېسىشكە باشلىدى . ئابىدە بىلەن ئېنىق سۆزلەشمىگەن بولسى-
مۇ ، لېكىن قىزىنىڭ ھېلىقى يىگىت بىلەن ۋەدىلەشكەنلىكىنى

ئايىمخان ئانىلارغا خاس تۇيغۇ بىلەن سېزىپ قالغانىدى . «ئەجەبەمۇ ئېسىل سۇپەت ، قىزىمغا لايىقلا بالىكەن» دەپ ئويلايتتى ئايىمخان . قىزىغا ئۇنداق ـ بۇنداق ئادەملەرنى لايىق كۆرمەيتتى . ئۇ قىزىنىڭ ئۆزىدەك بەختسىز بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن پۈتۈن تىرىشچانلىقى بىلەن قىزىنى تەربىيىلەشكە ئاتىغانىدى . مانا قىزى شۇنداق ئېسىل چوڭ بولدى . ياخشى يەردىن لايىقمۇ تاپتى . ئەمدى توينىلا قىلىۋالسا ئايىمخان «ئۇھ» دەيتتى .

ئايىمخان رەختنى بۇزۇپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ خىيالدىن كاللىسىنى يىغىپ ئەمدىلا كېسەي دەپ تۇرۇۋىدى ، ھويلا ئىشىكىنىڭ شاراقشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . ئايىمخان ئىشىنى قويۇپ ئۆيدىن چىقتى . يېرىم ئوچۇق ھويلا ئىشىكىدىن سىرتتىكى ئېسىل كىچىك ماشىنا كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئايىمخان ھەيران بولۇپ تالاغا چىقتى . ھويلا ئالدىدا ئۆمرىدە كۆرمىگەن سەتەڭ ئايالنى كۆرۈپ ئايىمخان ھودۇقىنىچە ئۆيگە باشلىدى . ئايال قىرىق بەش ياشلارغا كىرگىنىگە قارىماي تۈجۈپىلەپ گىرىم قىلغان ، ساپسېرىق بويالغان چېچىنى ئېگىز تۈرمەكلىۋالغان بولۇپ ، پۇزۇر كىيىنگەنىدى .

— سىز ئابىدەنىڭ ئانىسىمۇ ؟ — دېدى يوچۇن ئايال .

— شۇنداق ، — دەپ مۇلايىم جاۋاب بەردى ئايىمخان ھەر قىسما ئوي ـ خىيالدىن كېچىپ .

ئايال ئۆينىڭ كونىرىغان تاملىرىغا ، رەڭگىنى يوقاتقان ئىشىك ـ دېرىزىلىرىگە ، ھويلا ـ ئاراملارغا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ ئۆيگە ماڭدى . ئوقۇرمەنلەر قىياس قىلىپ بولدى بولغاي ، بۇ ئامىنەم ئىدى . ئايىمخان ئۇنى ئۇستىگە گىلەم ـ كۆرپىلەر سېلىنغان سۇپا ـ كاتقا باشلىدى . ئايال ئولتۇرۇپ بولۇپ ئۆيگە سەپسالدى . ئابىدەنىڭ ئۆيى ھەشەمەتلىك جابدۇقلاردىن خالىي بولسىمۇ ، لېكىن كىرگەن ئادەم زوقلانماي چىقمايتتى . چۈنكى ، ئۆي ئۇيغۇر كەشتىچىلىكىنىڭ يۇقىرى ماھارىتىنى نامايان قىلىپ

تۇراتتى . چامادان ـ ساندۇق ياپقۇچلىرىدىن تارتىپ كارىۋات ئاياغلىرى ، ياستۇقلار ، كىيىم ـ ياپقۇچلار ئايىمخاننىڭ ئىشچان قوللىرى بىلەن ئاجايىپ نەپىس ، كۆركەم كەشتىلىنىپ چاقناپ تۇراتتى . بۇ هازىرقى زامانىۋى ئۆيلەرنىڭ ياسىلىشىغا پەقەتلا ئوخشاشمىغاچقا ئادەمگە بىر خىل ئۆزگىچە زوق بېغىشلايتتى . ئايىمخان داستىخان سالماقچى بولۇۋىدى ، ئايال كەسكىن رەت قىلدى هەم گېلىنى قوپاللا قىرىپ :

— بولدى ، ئاۋارە بولماڭ ، مەن ئىككى ئېغىز گېپىمنى قىلىۋېلىپلا كېتىمەن . سىز مېنى تونۇمايسىز ، مەن ئەنسەرنىڭ ئانىسى ، ئاڭلىسام قىزلىرى ئوغلۇمنى ئازدۇرۇپ يۈرگەن ئوخشايدۇ .

— توختىسىلا ، — ئايىمخان ئاچچىقىدا تىترەپ كەتتى ، — نېمە ئىشىكتىن كىرە ـ كىرمەي قىزىمنى هاقارەت قىلىسىز ؟ قىزىم كىمنى ئازدۇرۇپتۇ ؟

ئايال يېقىمسىز كۈلۈپ قويدى :

— هە ئازدۇرماپتۇ ، ئىككىسى يۈرۈۋاپتۇمۇ دەيلى ، بىز بۇ تويغا قوشۇلمايمىز . سەۋەبى ، قىزىڭىز ئوغلۇمغا لايىق ئەمەس . بىز دېگەن ماۋۇ شەهەردە تۇتسا سېپى ، چاقىرسا ئېتى بار راۋۇرۇس ئادەملەر . ئوغلىمىزغا ئاسماندىكى ئاينى ئۈزۈپ بەرگۈچىلىكىمىز بار . قىزلىرىغا دەپ قويسىلا ئوغلۇمدىن ئۈمىدىنى ئۈزسۇن .

هاقارەت ، خورلۇق ئايىمخاننىڭ مېڭىسىگە تەپتى :

— كاللىڭىز جايىدىمۇ سىزنىڭ ؟ مېنىڭمۇچۇ سىزدەك ئازازۇل ، بېشەم خوتۇننىڭ ئوغلىغا بېرىدىغان قىزىم يوق .

— ئۇنداقتا تېخى ياخشى ، قىزلىرىنى ئوبدان باشقۇرسىلا ، يەنە ئوغلۇمغا يېپىشىپ يۈرمىسۇن ، بۇنداق ئارقا كوچىدا چوڭ بولغان قىزلارنىڭ قولىدىن هەر بالا كېلىدۇ .

— مېنى كۆك نامرات دەمسىز ، گاداي دەمسىز دەڭ ، لېكىن

ئابدەگە تىل تەگكۈزگۈچى بولماڭ ، ئاۋۇ چاپلاندى ئوغلىڭىزغىمۇ دەڭ ، ئەمدى ئىشىك ئالدىدا كۆرۈپلا قالسام يۈزىگە تۈكۈرىمەن . ئۆيدىن چىقىڭ . قانداق قاملاشمىغان خوتۇن بۇ ، ئوغۇللىرىمچۇ قىزىم تەگسە ئالالايدۇ . سىزدەك ئانىسىلا بولسا ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتە بولسىمۇ ، قىزىمنى بەرمەسمەنا ! كۆزۈمدىن يوقىلىڭ !

ئايىمخان غەزەپلىك توۋلىماقچى بولدىيۇ ، توۋلىيالمىدى . يۈرىكىنىڭ تۇيۇقسىز «چىممىدە» ئاغرىشى بىلەن پۈكلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى . ئايال ئۇنىڭ ئاغرىقتىن تاتارغان چىرايىغا ، قولى بىلەن يۈرىكىنى قاماللىۋېلىشىغا قاراپ ئازراق ھودۇقۇپ قالدى . دوختۇر بولغاچقا كەسپىي سەزگۈرلۈكى بىلەن ئايىمخاننىڭ كېسىلى تۇتۇپ قالغانلىقىنى پەملىگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئېرەن قىلماي چىقىپ كەتتى .

ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كىرگەن ئابدە ئانىسىنىڭ ھوشسىز ياتقان ھالىتىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى .

— ئانا … ئانا … نېمە بولدىڭىز… كۆزىڭىزنى ئېچىڭە … ئانا…

ئايىمخان ئابدەنىڭ ئاۋازىدىن ئېسىگە كېلىپ كۆزىنى ئاچتى .

— يۈرىكىم ، يۈرىكىم سانجىلىپ ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ . ۋايجان … ۋاي ، مەن بولالمىدىم .

جىددىيلەشكەن ئابدە دەرھال كىچىك يانفوننى چىقىرىپ (بۇ يانفوننى ئالدىنقى ھەپتە ئەنسەر سوۋغا قىلغانىدى ) ئەنسەرگە تېلېفون قىلدى :

— چاققان كېلىڭ ، ئاپام بولالمىدى . تاكسىدىن بىرنى تۇتۇپ كېلىڭ . دوختۇرخانىغا تېزرەك ئاپىرايلى . ئەھۋالى بەك ئېغىر ،— دېدى يىغلامسىراپ .

— ئانا ، ئازراق چىداپ تۇرۇڭ ، ھازىرلا ماشىنا كەلسە دوختۇرخانىغا بارايلى .

ئابىدە بىر تەرەپتىن ئانىسىغا تەسەللى بەرگەچ ، يەنە بىر تەرەپتىن ئانىسىنىڭ ياغلىقىنى ئوڭشاپ چىگىپ ، ئاياغ - چاپانلىرىنى كىيدۈردى . ئاڭغىچە تاكسى بىلەن ئەنسەرمۇ كەلدى .

— نېمە ئىش بولىدى ؟ — دېدى ئەنسەر يۈگۈرگەندەك كىرىپ .

— ئىشتىن چۈشسەم مۈشۈنداق يېتىپتۇ ، يۈرىكىم ئاغرىۋاتىدۇ دەيدۇ...

— تېزدىن دادامنىڭ يېنىغا ئاپىرايلى ، دادام دەل يۈرەك كېسەللىكى مۇتەخەسسىسى ، هازىر ئىشخانىسىدا بار .

ئۇلار ئايىمخاننى يۆلەشتۈرۈپ تاكسىغا چىقاردى ، ئاندىن دوختۇرخانىغا يۈرۈپ كەتتى . ئەنسەر يولدا كەلگۈچە تېلېفون قىلىۋەتكەچكە ئابباس ساقلاپ تۇرغانىدى . ئابباس ئاغرىق ئازابىدىن كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالغان ئايىمخانغا قارىغىنىچە نېمىنىدۇر خىيال قىلىپ بىر هازا تۇرۇپ كەتتى هەم ئەتراپتا ئادەم كۆپ بولغاچقا باشقا گەپ قىلمايلا تەكشۈرۈشكە كىرىشتى . ئايىمخان بۇرۇن نەپەس يولى كېسەللىكى بىلەنلا ئاغرىغان بولۇپ ، بىرەر قېتىممۇ يۈرىكى بۇنداق سانجىپ ئاغرىپ باقمىغانىدى . ئايىمخاننىڭ ئەهۋالى جىددىي بولغاچقا ئابباس ئۆزى بىر قوللۇق ئورۇنلاشتۇرۇپ كۆزىتىش ئۆيىگە ياتقۇزدى هەم تەكشۈرۈش ، داۋالاش ئىشلىرىنى باشلىۋەتتى . ئابىدە بىردە تەكشۈرۈش ئۆيىنىڭ ئالدىغا بارسا ، بىردە دوختۇر ئىشخانىسىغا كىرەتتى . جىددىيلىشىپ بىر ئورۇندا ئولتۇرالمايۋاتاتتى . ئابباس ئۇنىڭ سوت فورمىسى بەكمۇ ياراشقان زىبا قامىتىگە ، سەل تاتارغان ، لېكىن تېگى - تېگىدىن سۈزۈك چىرايلىق يۈزىگە قارىغانچە هەيرانلىقى ئېشىپ كاللىسىدا هەرخىل خىياللار كېزەتتى .

— ئانىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە قىزىم ؟ — دەپ سورىدى ئابباس ئابىدەدىن مۇلايىملىق بىلەن .

— ئايىمخان ،— ئەنسەرنىڭ دادىسىدىن تارتىنغان ئابىدە

يەرگە قاراپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى ،— ئالدىراش ۋاقىتلىرىدا ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلدۇق .

— ئايىمخان ،— دەپ تەكرارلىدى ئاباس خىيالچان هالدا ،— ئايىمخان دەڭ ، ئانىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ ؟

دوختۇرخانا قائىدىسىدە كېسەللەرنىڭ ئەھۋالى تەپسىلىي سۈرۈشتۈرۈلىدىغان بولغاچقا ، ئابىدەگە بۇ سوئاللار ئانچە غەلىتە تۇيۇلمىدى ھەم ئۇدۇللۇق جاۋاب بەردى :

— ئائىلىدە بۇرۇن تىككۈچىلىك قىلغان . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سالامەتلىكى تازا ياخشى ئەمەس . هازىر باشقا ئىش قىلمايدۇ .

ئابىدەگە قارىغانچە ئاباسقا ئابىدەنىڭ چىرايى ، ھەتتا ئولتۇرۇپ قوپۇش ھەرىكەتلىرىگىچە شۇنداق تونۇش بىلىنمەكتە ئىدى . بايا ئۇ ئايىمخاننى كۆرگەندىلا تونۇغان ، لېكىن بۇ تاسادىپىيلىقتىن گاڭگىراپ قالغانىدى .

— ئائىلىڭىزدە سىزدىن باشقا بالا بارمۇ ؟

— ياق ، مەن تۇغۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا دادام ئۆلۈپ كېتىپتىكەن ، كىچىكىمدىن ئاپام بىلەنلا بىللە ئۆتۈپ كەلدىم . باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىزمۇ يوق .

ئاباس جىمىپ كەتتى . ئۇنىڭغا ھەممە ئىش ئايان بولغانىدى . شۇنچە يىللاردىن بېرى ئاباسمۇ ، جاپپارمۇ ، بۇرنىنىڭ ئاستىدىكى ئادەمنىڭ خەۋىرىنى ئالالماي كەلگەنىدى . ئاباس ئابىدەگە قاراپ ، ئەينى چاغلاردىكى گۈلئايىمنى يادىغا ئالدى . ئۇ بۇغداي ئۆڭ ، قاش - كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ، غۇنچە بوي قىز ئىدى . ئابىدە بولسا بويى ئالاھىدە ئېگىز ، چىرايى ئاق سېرىق ، قاش - كىرپىكلىرىمۇ بەك قويۇق ئەمەس ، سىداملىقىنە ئىدى . بۇ قىياپىتى بىلەن جاپپارغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى .

«تەقدىرنىڭ مۇنداقمۇ چاقچىقى بولىدىكەن ،— دەپ خىيال قىلدى ئاباس ئازابلانغان هالدا ،— بىچارە قىز ، شۇنچە يىللاردىن

بېرى ئانىسى بىلەن نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى چېكىپ چوڭ بوپتۇ . ئەگەر ، ئۇ ئۆزىنىڭ شەھەردىكى ھوقۇقدار بىر ئەربابنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى بىلسە… ئابباس خىيالىنىڭ داۋامىدىن چۆ-چۈپ كەتتى . بۇ ئىش ئاشكارىلانسا نېمە بولۇپ كېتەر ؟ جاپپار قانداق ھالەتكە چۈشۈپ قالار ؟ ئەڭ ياخشىسى ، ھازىرچە ئاغزىمنى چىڭ قىلاي… »

ئابباس خىيالىنى ئايىمخاننىڭ كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراتتى .

— بۈگۈن ئائىلىدە بىرەر ئىش يۈز بەرگەنمۇ ؟ مەسىلەن ، ئانىڭىز قاتتىق ھاياجانلانمىدىغان ، قورقىدىغان ياكى زىيادە ئاچ-چىقلىنىدىغان ؟

— ياق ، ھېچقانداق ئىش بولمىغان ، چۈشلۈك ئارامدا بىر ئۇبدان قالغان . كەچتە كەلسەم مۇشۇنداق يېتىپتۇ .

— ئەنسىرىمەڭ ، بەك خەتەرلىك ئەمەس ، مۇھىمى ئانىڭىز-نىڭ كەيپىياتى تۇراقلىق بولسۇن ، ئاچچىقلىنىشتىن ، ھاياجانلى-نىدىغان ئىشلاردىن نېرى بولسۇن .

— ماقۇل ، — دېدى ئابىدە .

تەكشۈرۈشكە مەسئۇل دوختۇر كىردى . ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراشتى .

— بىمار بالنىستتا ياتمىسا خەتەرلىك ، — دېدى دوخ-تۇر ، — ئىككى ـ ئۈچ كۈن كۆزىتىش ئۈيىدە كۆزىتىمىز . يېنىغا تولا ئادەم كىرمىسۇن ، قارىغاندا بىمار بۈگۈن توساتتىن قاتتىق قورققان ياكى ئاچچىقلانغان ، شۇڭا يوشۇرۇن ھالەتتىكى يۈرەك سانجىقى كېسىلى تۇيۇقسىز قوزغالغان .

ئابىدە ساپاغا ئولتۇرۇپ قالدى . ئانىسىنىڭ مۇنداق كېسەل-مۇ بارلىقىنى ئۇ ئەزەلدىن بىلمەيتتى . ئۇ ئازاب بىلەن لېۋىنى چىشلەپ كۆزىنى يۇمدى . يۇمۇلغان كۆزلەردىن تارام ـ تارام ياشلار سىرغىپ چۈشمەكتە ئىدى .

— بولدى ، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ ئابىدە ، دادام ئەڭ ياخشى دوختۇرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئانىڭىزنى ئوبدان داۋالايدۇ . ئانىڭىز چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىدۇ ،— دېدى ئەنسەر ئابىدەگە تەسەللى بېرىپ .

— شۇنداق ، بىز چوقۇم ياخشى داۋالايمىز ، — دېدى ئاباس .

— رەھمەت ، — دېدى ئابىدە ئاباسقا رازىمەنلىك بىلەن قاراپ ، — ئاباسنىڭ دوختۇرخانىنىڭ بىرىنچى قول باشلىقى تۇرۇپ ئۆزى بىۋاستە ئوتتۇرىغا چۈشۈپ پايپېتەك بولۇشى ئابىدەنى بەكمۇ تەسىرلەندۇرگەنىدى .

— تېخى تاماق يېمىدىڭىز ئابىدە ،— دېدى ئەنسەر ،— يۈرۈڭ ، تاماق يەپ كېلەيلى .

— ياق ، تاماق يېگۈم يوق ، بابا ئالدىراشچىلىقتا ئانامنى يېلىڭلا كىيدۈرۈپ ئەكەپتىمەن ، كەچقۇرۇن سوغۇقكەن ، مەن دەرھال ئۆيگە بېرىپ ئانامنىڭ قېلىنراق كىيىملىرىنى ھەم باللىستتا ياتسا لازىمەتلىك نەرسىلىرىنى ئەكېلەي ، كەچتە مەنمۇ مۇشۇ يەردە قونارمەن .

— شوپۇرۇمغا تېلېفون قىلاي ،— دېدى ئاباس ، — ماشىنىدا ئاپىرىپ - ئەكەلسۇن ، ئەنسەر ، سەنمۇ بىللە بارغىن .

ئەنسەر دادىسىغا سۆيۈنۈش ھەم رازىمەنلىك بىلەن قارىدى . دادىسى مۇرەككەپ ھېسلار ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى .

— رەھمەت دادا ، — دېدى ئەنسەر ، — مېنى چۈشەنگىنىڭىزگە رەھمەت .

— داداڭنى شۇنداق ئەسكى ئويلامتىڭ ؟— دېدى ئاباس ،— بارغىن ، ئابىدەگە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلگىن ، ئەر كىشى يوق ئۆيدە قىيىنچىلىق تارتىپ قالمىسۇن ، نېمە قىيىنچىلىق بولسا تارتىنماي دېسۇن .

ئەنسەر بىلەن ئابىدە چىقىپ كەتتى .

— بىمار قانداقراق ؟— دەپ سورىدى ئاbباس دوختۇردىن .
— ئەھۋالى خەتەرلىك تۇرىدۇ ، هازىر ئۇخلاپ قالدى ، — دېدى دوختۇر .
ئاbباس ئاستا مېڭىپ تەكشۇرۇش ئۆيىگە كىردى . ئايىمخان بەدىنىگە ئورنىتىلغان ھەرخىل تەكشۇرۇش ئەسۋابلىرىنىڭ ئاردىسىدا كۆزىنى يۇمۇپ ياتاتتى . ئاbباس ئۇنىڭ چېكىلىرىدىكى مەزگىلسىز ئاقارغان چاچلىرىغا ، جاپا ـ مۇشەققەتلىك ، دەرد ـ ئەلەملىك رەھىمسىز يىللارنىڭ يادنامىسى بولغان مىسكىن يۈزىگە قارىغىنىچە ئازابلىق پىچىرلىدى :
— بىچارە گۈلئايىم .

* * *

ئەنسەر بىلەن ئابىدە پەسكە چۈشكەندە دادىسىنىڭ شوپۇرى ساقلاپ تۇرغانىدى . ئۇلار ماشىنىغا چىقىپ كۆڭلى پاراكەندە بولغاچقا جىملا ئولتۇردى . شوپۇر ماشىنىنى تېز ـ تېز ھەيدەپ بىردەمدىلا ئابىدەنىڭ ئۆيىگە كەلدى . ئابىدە : «سىز ماشىنىدا ساقلاپ تۇرۇڭ» دەپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى . شۇ چاغدىلا ئەنسەر شوپۇرغا ئابىدەنىڭ ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى دەپ بەرمىگەنلىكى يادىغا يېتىپ سورىدى :
— ئالىمجان ئۇكام ، ئابىدەنىڭ ئۆيىنى بىزدىن سورىمايلا بىلىدىغاندەكلا ئەكېلىۋەتتىڭغۇ ؟
— مەن بۇ ئۆيگە چۈشتىن كېيىن بىر كەلگەن .
— نېمىشقا ؟ — ئەنسەر ھەيران بولدى .
— ئامىنەم ھەدەم چۈشتىن كېيىن ئىشىم بار ، دەرھال كەل دەپ تېلېفون قىلغان ، بارسام : «بىر يەرگە بارىمىز» دېدى . ئاندىن ، بۇ مەھەللىگە كېلىپ ئۇچرىغانلا ئادەمدىن : «سوتتا ئىشلەيدىغان ئابىدە دېگەن قىزنىڭ ئۆيى قايسى ؟» دەپ سوراپ بەك

ئىزدەپ كەتتۇق . ئاخىر تېپىپ كەلگەن .
— نېمىشقا كەلدىڭلار ؟ — ئەنسەرنىڭ يۈركى بىر شۇملۇق-
نى سېزىپ ئەنسىز دۈپۈلدەپ كەتتى .
— بىلمەيمەن ، مەن ئۆيگە كىرمىدىم . ئاممەم ھەدەم كى-
رىپ كەتكەن ، قارىغاندا ئۇلار ئۇرۇشۇپ قالغان چېغى ئۇزايدىغان
چاغدا ، بۇ ئۆيدىكى ئايالنىڭ «كۆزۈمدىن يوقىلىڭ» دېگەن ئاۋازى-
نىلا ئاڭلىدىم . ئاندىن ، ئاممەم ھەدەم قايتىپ چىقىپ ئۆيگە
كەتتۇق . ماڭا باشقا گەپ قىلمىدى .
ئەنسەر غەزەپلەنگىنىدىن چىشلىرى كىرىشكەن ھالدا ئولتۇ-
رۇپ قالدى . ئۇ ھېچقاچان ئانىسىغا بۇگۈنكىدەك ئاچچىقلانمىغانى-
دى . ئانىسىنىڭ ئاچچىقى كەلسە ئاغزىنى قويۇپلىۋېتىدىغان يامان
ئادىتى بار ئىدى . مانا ئايىمخاننىڭ تۇيۇقسىز قوزغالغان كېسىلى-
نىڭ سەۋەبىمۇ ئاشكارا بولدى . نېمىدېگەن سەتچىلىك ! ئەمدى
ئايىمخان ئانىنىڭ يۈزىگە قانداقمۇ قارار ؟ ئابىدە بۇ ئىشلارنى
بىلسە نېمە بولۇپ كېتەر ؟
ئەنسەر زەردىگۈش بولۇپ ئولتۇرغاندا ئابىدە چوڭ سومكىدا
نەرسە - كېرەكلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقتى . ئۇلار گەپ - سۆز
قىلىشماي دوختۇرخانىغا يۈرۈپ كەتتى . دوختۇرخانىغا كەلگەندىن
كېيىن ئابىدە ئەنسەرگە :
— بولدى ، كەچ بولۇپ كەتتى ، سىزمۇ ئارام ئېلىڭ ، ئەتە
ئىدارىگە ئەھۋالنى دەپ قويارسىز ، ئاپام مۇنداق ئەھۋالدا ئىشقا
كەتسەم بولماس .
— بولىدۇ ، مەن ئىدارىگە دەپ قوياي ، بۈگۈن سىزگە
ھەمراھ بولۇپ دوختۇرخانىدا قوناي .
— ياق بولدى ، ھېلىمۇ كۆپ ئاۋارە بولدىڭىز ، بولدى
قايتىپ ئارام ئېلىڭ ، مەن ئانامنىڭ يېنىغا كىرىپ كېتەي .
ئابىدە ئەنسەر بىلەن خوشلىشىپ كىرىپ كەتتى . ئەنسەر
دوختۇرخانا سەيناسىدا مەقسەتسىز چۆرگىلەپ ئاخىر بىر تاش

ئورۇنۇدۇقتا ئولتۇردى . ئۇ ئانىسىنىڭ بۇگۇنكى قىلىقىنى ھەر-گىز كەچۈرەلمەيتتى . ئادەتتە شۇنداق مېھرىبان ، كۆيۈمچان كۆ-رۈنىدىغان ئانىنىڭ ئاشۇنداق بىشەملىك قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان . ئۇ بۇ ئىشلارنى ئانىسىغا قانداق دېيىش ، قانداق تەدبىر قوللىنىش ھەققىدە ئۇزاق ئويلاندى .

كەچ كۆزنىڭ كەچكى سوغۇقى ئەنسەرنى خىيالدىن سەگىت-تى . خىيال بىلەن بولۇپ ئاللىقاچان گۇگۇم چۈشكەنىدى . توسات-تىن دادىسى يېنىدا پەيدا بولدى :

— بۇ يەردە نېمىشقا ئولتۇرىسەن بالام . ئىشخانىدىكىلەر سېنىڭ بۇ يەردە بىر سائەتتىن ئارتۇق ئولتۇرغىنىڭنى دېدى . شۇڭا ، چۈشتۈم .

— دادا ، ئايىمخان ھەدەمنىڭ كېسىلىنىڭ سەۋەبىنى بىلدىم .

— ۋاھ ، سېنى سوتچىمىكىن دېسەم دوختۇرلۇقنىمۇ بىلەم-سەنمۇ نېمە ؟

— دادا ، ئاپام چۈشتىن كېيىن ئابىدەلەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ .

— نېمىشقا بېرىپتۇ ؟

— بىلمىدىم ، ئىشقىلىپ ئايىمخان ھەدەمگە قاتتىق گەپ قىلغان ئوخشايدۇ . ئايىمخان ھەدەم : «كۆزۈمدىن يوقىلىڭ» دەپ ھويلىدىلا يۈرىكىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قاپتىكەن .

— كىم شۇنداق دەيدۇ ؟

— شوپۇر ئالىمجان ، ئاپام شۇ ماشىنىدا بېرىپتىكەن .

— ماۋۇ خوتۇننىڭ قىلغان ئىشىنى ، — ئاباس جىددىيلە-شىپ قوللىرىنى ئۇۋۇلىدى ، — ئابىدەنىڭ ئالدىدا دېمىدىم ، ئانىسىنىڭ كېسىلى ھەقىقەتەن خەتەرلىك ، ئەگەر تاسادىپىي بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولۇپ قالسا ئۇنىڭغا بىز سەۋەبچىلىك بولۇپ قالغۇدەكمىز .

— شۇنداقلا بولسا ئاپامنى كەچۈرمەيمەن ، دادا .

— ئىككىمىز بۇ يەردە ئۇزاق ئولتۇرمايلى ، خىزمەتداشلار كۆرۈپ هەيران قالمىسۇن ، سەن ئۆيگە قايتىپ كەت . ساڭا دەيدىغان يەنە نۇرغۇن گەپ بار . ئىش ئۇنچە ئاددىي ئەمەس ، ئاپاڭمۇ جەزمەن پۇشايمان قىلىدۇ . بۇ كېسەلنى داۋالاشقا خېلى كۆپ خىراجەت كېتىدۇ . ئابىدە ئۇنچىلىك پۇلنى هەرگىز تاپالمايدۇ . ئازراق پۇلنىڭ غېمىنى قىلىپ قويغىن ، مەنمۇ ئامالىنى قىلاي .

— رەهمەت دادا ،— دېدى ئەنسەر .

ئاتا - بالا ئۇنىسىز خوشلاشتى . ئەنسەرنىڭ ئۆيدىن رايى يېنىپلا كەتتى . ئۆيگە بارغۇسى ، ئانىسىنىڭ چىرايىغا قارىغۇسىمۇ يوق ئىدى . ئۇ بىر تاكسىنى توستى ، «سوت مەهكىمىسىگە» دېدى شوپۇرغا . ئۇ ئىشخانىدىكى ئۇزۇن ساپادا يېتىپ تاڭ ئاتقۇزماقچى بولدى .

# توققۇزىنچى باب

# نۇرخاننىڭ ھۈنىرى

ياسىداق مېھمانخانىدا بىر جۈپ ئەر ـ ئايال ئىززەت ـ
ئېكرام بىلەن ئەيمىنىپ ئولتۇراتتى . نىياسەم داستىخان راسلاپ
چاي قۇيدى . ئۇدۇلدىكى يالغۇز ساپاغا نۇرخاننىڭ لىغىرلاپ تۇر-
غان گەۋدىسى ئاران پېتىپ ئولتۇراتتى . ئۇ بىر تەرەپتىن مېھمان-
لارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاچ ئانچە ـ مۇنچە خوجايىنلارچە تەكەب-
بۇرلۇق بىلەن سۆز قىستۇرۇپ قوياتتى :

— سىلەرگە نەچچە رەت دېدىم ، بۇ ئىش ئۇنداق بىر ئىلتى-
ماس بىلەنلا ھەل بولمايدۇ . سىلەرمۇ بىر ئىشنى بەك ئاسان
چاغلايسىلەر . بىزمۇ يۇقىرىغا يېلىنىدىغان گەپ ، بىزگىمۇ تەس .

نۇرخاننىڭ تەلەپپۇزىدىن ئىلتىماسقا تەستىق سالىدىغان
رەھبەرلەرگە خاس تەكەببۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى .

— شۇنىداق بولسىمۇ جاپىپاركام بىر كۆچەپ باقسا
بوپتىكەن ،— دېدى ئايال ، ئاندىن ئەر ـ ئايال كۆز بېقىشىۋالغان-
دىن كېيىن ئايال سومكىسىدىن قېلىن بىر توقماق يۈز يۈەنلىك
پۇلنى ئۇستەلگە قويدى . چەينەك كۆتۈرۈپ كىرگەن نىياسەم
نۇرخاننىڭ قاتتىق بىر ئالىيىشى بىلەن كەينىگە يېنىپ چىقىپ
كەتتى .

— بولىدۇ ، مەن جاپپارغا دەي ، بۇنچىلىك پۇل بىلەن بۇ
ئىشلارنى ھەل قىلغىلى بولامدۇ ، يوق . قېنى ، قاراپ باقايلى…

— بىزمۇ بۇنىڭلىق بىلەن قاراپ تۇرمايمىز ، — دېدى ئەر
بېشىنى سىلىپ .
مېھمانلار ئۇزىدى . ئۇلارنىڭ كىم ھەم قانداق ھاجەت بىلەن
كەلگەنلىكى ئوقۇرمەنلەر ئۇچۇن ئانچە مۇھىم ئەمەس . مۇھىمى ،
نۇرخاننىڭ ھازىر جەمئىيەتتە «نۇرخان يۈەنجاڭ» دەپ نامى بار
ئىدى . بىرەر ھاجەت بىلەن كەلگەنلەرنى جاپپار كۆپ ھاللاردا
ئۆيدە بولمىغاچقا ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ كۇتۇۋالاتتى . ئەكەلگەن
سوۋغا ـ سالاملارنى تۇزۇت قىلمايلا قوبۇل قىلاتتى .
نۇرخان دەسلەپكى چاغلاردا ئەرگە تېگىپ ھېچقانداق راھەت
كۆرمىگەندەك ھېس قىلغانىدى . مېھىر ـ مۇھەببەتسىز ئائىلە ،
كۆيۈپ ـ پىشىپ تەگكەن ئېرىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى ئۇنى
مەيۇسلەندۇرەتتى . ھەتتا ، بەزىدە شۇنچە يامان ئاتاقلارنى ئېلىپ
جاپپارغا تەگكەنلىكىگە پۇشايمان قىلىپمۇ قالاتتى . لېكىن ، كې-
يىنچە نۇرخاننىڭ تۇرمۇشىدا چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەردى . ئېرىد-
نىڭ ئەملى ئۆسكەنچە ئۇنىڭمۇ ئىززەت ـ ئابرۇي ، راھەت ـ
پاراغىتى ئېشىپ باردى . شەھەردىكى مەنمەنچى خوتۇنلار ئارىسى-
دىن ئورۇن ئالدى . نۇرخاننىڭ ھەممىدىن سۆيۈنىدىغىنى بالىسى
قانداقتۇر جىنايەت بىلەن تۇرمىگە كىرىپ قالغان ئاتا ـ ئانىلار-
نىڭ ھەم ئاللىقانداق دەۋا ـ دەستۇرغا چۇشۇپ قالغان ھاجەتمەن-
لەرنىڭ يىراق ـ يىراقلاردىن ، ناھىيە ـ ناھىيىلەردىن ئۆيگە
كېلىپ كۆڭۈل ئېيتىشى ئىدى . جاپپار ئۆيدە بولسا پۇل ،
سوۋغا ـ سالام تۇگۇل بىرەر يەشىك نەشپۇتنىمۇ ئېلىشنى رەت
قىلاتتى . ياخشى يېرى ، ئېرى دائىم ئۆيدە بولمايتتى . بارا ـ بارا
نۇرخاننىڭ يۈرىكى قاپتەك يوغىنىدى . ئۇ ئالدىغا قويغاننى ئاز
كۆرىدىغان ، تېخى تەلەپ قىلىپ ئەكەلدۈرىدىغان بولدى . جاپپار
بىلمەيدىغان يەرگە تىقىپ قويغان پۇل ، چەك ، ئالتۇن بۇيۇملار
كۆپەيگەنسېرى نۇرخان شۇ قەدەر ئاچ كۆزلىشىپ كەتتىكى ، تەمە-
خورلۇقنىڭ دەستىدە دېلولارغىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغان ، ئۇجۇر ـ

بۇجۇرىگىچە سورايدىغان ، بولسا بىجىرلىشۋاتقان ھەر بىر دېلودىن ئۆزىگە مەنپەئەت تېگىشنى ئارزۇلايدىغان بولۇپ قالدى . بارا ـ بارا كىشىلەرمۇ چۈشىنىپ ھاجىتى بولسا نۇرخانىنىلا ئىزدەيدىغان بولدى . كېيىن ، نۇرخان ھاجەتمەنلەرنىڭ ئىشىنى جاپپارغا ئانچە ـ مۇنچە پۈرىتىپ قوياتتى . ھەل بولۇشىغا تېگىشلىكلىرى ھەل بولاتتى . چوڭراق نەرسە سوغۇتكەنلەرنى نۇرخان ئالاھىدە «مېنىڭ مۇنداق تۇغقىنىم ئىدى» دەپ يالۋۇرۇپ ئىشلىرىنى بىجىرگۈزەتتى .

ھاجەتمەنلەر بىر ھازا ئولتۇرۇپ ھال ـ دەردىنى ئېيتقاندىن كېيىن ئۆزاپ ماڭدى . نۇرخان ئۇلارنى ئىشىك ئالدىغىچە سالقىنىلا ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن ئۆيگە يېنىپ كىرىپ ، چاي ئۈستىلى ئۈستىدە تۇرغان قېلىن بىر توقماق پۇلنى ئالدىراش ئېلىپ ھۇجرىغا كىرىپ كەتتى . ئۇ ھۇجرا ئىشىكىنىڭ ئىچىدىن قۇلۇپنى بېسىۋەتكەندىن كېيىن ، ئېسىل كارىۋات ياپقۇچلار بىلەن بېزەلـ گەن لۆم ـ لۆم كارىۋاتقا ئېغىر گەۋدىسى بىلەن چۆكۈپ ئولتۇ ـ رۇپ پۇلنى ساناشقا باشلىدى . ئېزىپ قالماسلىق ئۈچۈن پۇلنى مىڭ يۈەندىن ئايرىم ـ ئايرىم قىلىپ تىزدى . پۇل جەمئىي ئون مىڭ يۈەن ئىدى . دەل شۇ چاغدا مېھمانخانىدىن جاپپارنىڭ يۆتەلگەن ، گەپ قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ ، نۇرخان پۇللارنى ئالدىراش يىغىشتۇرۇپ ، بىر يەرگە تىقىۋەتتى ـ دە ، مېھمانخانىغا چىقتى .

جاپپار چارچىغان ھالدا ساپاغا تاشلىنىپ بېشىنى ساپا يۆلەنـ چۈكىگە تىرەپ كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇراتتى . تۇرقىدىن ناھايىتى چارچىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى .

— قايتىپ كەلدىڭىزمۇ ؟— دېدى نۇرخان جاپپارنىڭ ئۇدۇ ـ لىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ .

جاپپار بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا ھارغىن قاراپ قويدى .

— ھەئە ، سوت ھەيئىتى يىغىنى ئاچقان ، تېخى ھېلى تۈگىدى .

— قورسىقىڭىز ئاچقاندۇ؟ نېمە يەيسىز؟
— كەچتە نېمە ئەتكەنتىڭلار؟
— سۈيۈقئاش قىلغان، بىز تېخى سىزنى سىرتتا مېھمان بولغىلى كەتكەن ئوخشايدۇ دەپتۇق، ئاشنىڭ تېگى قاپتىكەن، تەييار توڭلىتىلغان چۆچۈرە بار، نىياسەم غاچچىدە پىشۇرۇپ بەرسۇن.

نىياسەم بايا جاپپار كىرگەندىلا تاماقنا تۇتۇش قىلغانىدى. بىردەمدىلا چۆچۈرىنى تەييار قىلىپ ئاچچىقسۇ، قىزىلمۇچلار بىلەن بىرگە ئېلىپ كىردى.

جاپپار چارچىغانىدى. چۈشتىن بۇرۇن قوشدۆڭ يېزىسىغا بېرىپ كەلدى. چۈشتىن كېيىن مەھكىمىدىكى رەھبەرلەر جىددىي ئىش تۇپەيلىدىن يىغىن ئېچىپ تېخى ھېلىلا تارقىدى. ماشىنىدا ئوڭغۇل — دوڭغۇل يېزا يوللىرىدا تاسقىلىپ مېڭىش، جىددىي يىغىن جاپپارنى روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن قاتتىق چارچاتقانىدى. شۇ تاپتىمۇ ئۇنىڭ بەدىنى سىرقىراپ ئاغرىۋاتاتتى. مېڭىسىمۇ ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك لوقۇلدايتتى. ئىللىق ئائىلە مۇھىتىمۇ ئۇنى ھېچ راھەتلەندۈرگەندەك ئەمەس. ئۇنى بىر خىل بىئاراملىق، ناخۇشلۇق قاپساپ كەلمەكتە. خىزمەتتىن سىرتقى چاغلاردا ئۇ ھەمىشە مۇشۇنداق بولۇپ قالاتتى. سوت مەھكىمىسىدىكى ئالدىراش خىزمەت، ئادەمنى ئويلاندۇرۇپ مېڭىسىنى ئوچاق ئېتىۋېتىدىغان مۇرەككەپ دېلولار ئۇنى بۇ خىل بىئاراملىقتىن خالىي قىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈرەش بىلەن ئۆتكەن ئاشۇ خىزمەت ھاياتىدىن باشقا تۇرمۇشىنىڭ ھېچبىر خۇشاللىقىنى ھېس قىلمايتتى. ئۆزىنى خىزمەت قىلىش ئۈچۈن يارالغاندەك، ئويۇن — تاماشا، كۆڭۈل ئېچىشلارنىڭ ئۆزى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقتەك سېزەتتى. ئۇنى مېھماندارچىلىقتا، ئويۇن — تاماشىغا تەكلىپ قىلغۇچىلارمۇ مەلۇم مەنپەئەت، مەقسەتىنى كۆزلەپ تەكلىپ قىلاتتى. ئۇلاردىكى ياسالما

يېقىنلىق ، يېقىنلىقتىن كېيىنلا ئوتتۇرىغا چىقىدىغان تەلەپ ـ ئىلتىجالار ئۇنىڭ جەھلىنى قاتۇراتتى . ئەتىگەن ئۇ قوشدۆڭگە باردى . ھەر قېتىم ئۇ قوشدۆڭگە بارغاندا ئۆزى تۇغۇلغان ، بالىـ لىقى ، ياشلىقى ئۆتكەن قورۇسىـنى يوقــلاپ ئۆتــەتتى . ئۇ قورۇ ئاتا ـ ئانىسىدىن ئاۋۋال ئۇنىڭغا ، ئۇنىڭدىن كېيىن نىياسەمگە قالغانىدى . ئەمدى بولسا ئىگە ـ چاقىسىز غېرىبانە ھالەتتە جاپـ پارغا دومسايغاندەك تۇراتتى . جاپپار شەھەرگە كۆچۈپ كەتكەندىن بېرى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ روھىنى قورۇندۇرماسلىق ئۈچۈن ئۆيىنى تاشلىۋەتمىدى . قورۇ ئەتراپىدىكى باغنى ئوبدان ئاسرىدى . قۇ- رۇپ قالغان مېۋە دەرەخلىرىنى كېسىۋېتىپ يېڭى سورتلۇقلىرىنى تىكتى . تال باراڭلىرىنى تۆمۈر رېشاتكىلىق باراڭ قىلىپ ، ئۈ- زۈملەرنىڭ تۈرلىرىنىمۇ كېڭەيتتى . بىر چەتكە خىش بىلەن يوغان بەش ئېغىزلىق ئۆي سالغان بولسىمۇ ، لېكىن بەرىبىر ئۇ يەردە ئولتۇرغۇدەك ھېچكىم يوق ئىدى . دادىسى ئۆز قولى بىلەن سال- غان بۇ كونا قورۇ جاپپار سالغان خىش بىلەن سېلىنغان يېڭى ئۆيلەرنىڭ ئالدىدا كونىلىقى چېنىپلا تۇرسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئۆي ئۇنىڭغا ئاتا ـ ئانىسىنى ، سەبىي بالىلىقىنى ، بەختلىك ياشلىقىنى ئەسلىتىپ تۇراتتى . ئۇ مۇشۇ ئۆيدە تۇغۇلدى ، چوڭ بولدى ، ئۆيلەندى . شۇڭا ، ئۇنىڭ بۇ كونا قورۇغا باشقىچە مېھرى بار ئىدى . ئەگەر ، خىزمەتداشلىرى بولمىغان بولسا ئۆيگە كىرىپ قانغۇچە ھىدلاپ چىققۇسى بار ئىدى . ئۇنىڭغا ئۆينىڭ بۇرۇنقى پاسون روجەكلىرىدىن كىملەرنىڭدۇر يېقىملىق ، تونۇش ، سۆ- يۈملۈك چىرايىنى كۆرگەندەك بولۇپ بىر ھازا قاراپ كېتەتتى .
بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى . ئۇ بارغاندا قورۇغا قارايدىغان تۇغقىنى بار بولۇپ ، باغدىكى ئۆسۈپ كەتكەن ياۋا ئوتلارنى يۇلۇ- ۋاتقانىكەن . ئۇلار قىزغىن سالاملاشقاندىن كېيىن جاپپار باغ ـ ۋارانلارغا سەپسالدى . نەشپۈتلەر پىشىپ ئۈزىدىغان ۋاقىت كېلىپ قالغانىدى . پىشىپ مەي باغلىغان سانجاق ـ سانجاق ئۈزۈملەر

باراڭلار ئارىسىدىن مارىشىپ تۇراتتى. قۇشلارنىڭ چۇرۇقلاپ
سايراشقان ئاۋازلىرى كىچىككىنە باغنى بىر ئالغانىدى. خىزمەت
بېسىمىدا ئېغىرلاشقان كاللىسىمۇ بىردىنلا يەڭگىللەپ قالغاندەك
بولۇپ، ئۆزىچىلا روھلىنىپ، تېتىكلىشىپ كەتتى. باغۋەنچىلىك
ئۇنىڭ خىزمەتتىن سىرت ئەڭ ھەۋەس قىلىدىغان ئىشى ئىدى.
بۇرۇن - بۇرۇندىن ئالىقاندەك بوش يەرنى كۆرسە شۇ يەرنى
كۆكەرتمىگۇچە بولدى قىلمايتتى. لېكىن، كېيىنكى كۈنلەردە
ئۇنىڭ بۇ ھەۋەس بىلەن شۇغۇللانغۇدەك ۋاقتى، شارائىتى بول-
مىدى. جىددىي خىزمەت ئۇنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە ھەۋەستىن
ئالىدىغان خۇشاللىقىنىمۇ ئەكەتتى. ئۇنىڭ بىلەن بارغان خىزمەت-
داشلىرىمۇ بېغىدىكى نەشپۈت، ئۈزۈملەرگە ئېغىز تېگىشتى.
قورۇدا ئادەم ئولتۇرمىغان بولسىمۇ، لېكىن باغنىڭ رەتلىكلىكى-
نى، پاكىز، چىرايلىقلىقىنى ماختاشتى. غېرىب قورۇدا ئادەم-
لەرنىڭ مېڭىپ يۇرۇشى، كۈلكە - چاقچاقلىرى جاپپارنىڭ خىيا-
لىنى يىراقلارغا ئەكەتتى.

خىزمەتداشلىرىنىڭ ئالدىرىشى ئۇنىڭ ساددىلارچە، سۆيۈم-
لۈك خىياللىرىنى يىراقلاردىن ياندۇرۇپ بۈگۈنگە يەنە شۇ كاللا
قېتىنچىلىق خىزمەتكە ئەكەلدى.

جاپپار تاكى كەچتە ئۆيىگە كېلىپ چۆچۈرە ئىچىپ ئولتۇ-
رۇپمۇ شۇ ھاياجانلىق تۇيغۇلارنىڭ ئىسكەنجىسىدە ئىدى. ئۇ يۈم-
غاقسۈتنىڭ پۇرىقى گۈپۈلدەپ تۇرغان چۆچۈرىگە سامساق، زەنجى-
ۋىل سېلىپ ياسىغان قىزىلمۇچ قىيامىدىن سېلىپ، تەرلەپ
ئولتۇرۇپ ئىككى چىنە ئىچىۋالدى. ھارغىنلىقى خېلى تارقىغان-
دەك بولدى.

— كىرىپ ئۇخلامسىز؟ — نۇرخاننىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ خىيا-
لىنى بۆلۈۋەتتى.

— سىز كىرىپ يېتىۋېرىڭ، — دېدى جاپپار، — مەن پەسكە
چۈشۈپ بېلىقلارنى كۆرۈپ چىقاي.

— چارچىغاندا بالدۇرراق ياتارسىز ، — نۇرخان شۇنداق دەپلا ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى . جاپپار ئۇنىڭ قىرىغانچە توغرىسىغا سەمرىپ ، توپتەك بولۇپ كەتكەن بەستىگە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى . يىگىرمە بەش يىلدىن بۇيان ئۇلار ئاشۇنداق بىر خىل بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ئۆتتى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يا مۇھەببەتلىك ئەر - ئاياللاردەك كۈلكە - چاقچاق ، كۆڭۈلنى ئاۋۇندۇرىدىغان سۆزلەر ، يا ئۇرۇش - تالاش بولمايتتى . نۇرخاننىڭ ياش چاغلىرىدىكى شوخلۇقى ، ئارزۇ - ھەۋەسلىرى ، تەلپۈنۈشلىرى ، جاپپارنىڭ ئاشۇنداق بىر خىللا تىكىلىدىغان ئىپادىسىز كۆزى ، ئىلمان مۇئامىلىسى ئالدىدا بارغانچە سۇسلاپ ئاخىر يوقالدى .

جاپپار ياش چاغلىرىدا مۇھەببەتسىز بۇ ئائىلىدىن رايى يېنىپ ، نەچچە قېتىم بۇ بەختسىز ئائىلىگە خاتىمە بەرمەكچىمۇ بولدى . بىراق ، بىر بالىغا دادا بولغاندا ئاجراشقان بىلەنمۇ ئۇنىڭ ئىزدەيدىغان مۇھەببەتلىك ئائىلىسى نەدە ؟ ئۇ كىمنى دەپ ئاجرىشىدۇ ؟ ئۇ يوقاتقان مۇھەببىتىنى ، بەختىنى ئەمدى ھەرگىز تاپالمايتتى . شۇڭا ، تىكەندەك يالغۇز قىزىنىڭ بەختى ئۈچۈن بۇ ئائىلىنى ساقلاپ قالدى . لېكىن ، قىزى ئۆز ئارزۇسىدەك چوڭ بولمىدى . جاپپارنىڭ خىزمىتى ئالدىراش بولغاچقا ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسكەن مېھراي ئانىسىنى كىيىپلا چۈشتى . مەيلى مەكتەپتىكى ئوقۇش نەتىجىسىدە بولسۇن ، مەيلى قىلغان خىزمىتىدە بولسۇن ، باشقىلار ئالدىدا جاپپارنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلالمىدى . ئۇنىڭغا ئائىلىسىدىن كېلىدىغان خۇشاللىق يوق دېيەرلىك ئىدى .

جاپپارنىڭ «بېلىقلارنى كۆرىمەن» دېگىنى ئەمەلىيەتتە بىر باھانە ئىدى . بېلىق باقىدىغان چوڭ كۆپ ئەسلىدە مېھمانخانا ئۆيدە ئىدى . كېيىن ، قىممەتلىك ئېسىل بېلىقلار ئۆلۈپ ئازلاپ ئەڭ چىرايلىق بىر جۈپ بېلىق قالغاندا جاپپار ئۇنى بىرىگە بېرىۋەتمەكچى بولغان ، لېكىن نىياسەم يالۋۇرۇپ ئېلىپ قېلىپ

ئۆز ئۆيىگە ئەكىرىۋالغانىدى . نىياسەمنىڭ ھۇجرىسى بېلىقلارغا يارىشىپ قالغاندەك ، جانلىنىپ ئوبدان چوڭ بولۇۋاتاتتى . بېلىق بېقىشقا ھېرىسمەن جاپپار ، ئېسىگە كەلگەندە سىڭلىسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ بېلىقلارنى تاماشا قىلىپ چىقىپ كېتەتتى .

بۈگۈنمۇ ئۇنىڭ شۇ بېلىقلارنى كۆرگۈسى كەلدى . نىياسەم ئاشخانىدا قازان ـ قومۇچ يۇيۇۋاتاتتى . جاپپار ئاشخانىغا يانداش نىياسەمنىڭ ئۆيىگە كىردى . ئۆي ئانچە چوڭ ئەمەس ، ئادەتتىكىچە جابدۇنغان بولسىمۇ ، لېكىن جاپپارغا ئۆزىنىڭ ئېسىل ھۇجرىسى ، مېھمانخانىسىدىنمۇ بەكرەك ئىللىق بىلىنەتتى . چۈنكى ، تامغا تارتىلغان گىلەم ئۈستىگە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتى ئېسىقلىق ئىدى . نىياسەم ئانىسىنىڭ قولىدىن چۈشۈرمەيدىغان تەسۋى ، قاما تۇمىقىنى ، دادىسىنىڭ نەقىشلىق ھاسىسىنى ھازىرغىچە يوقاتماي ساقلاپ كېلىۋاتقان بولۇپ ، كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى . يىغىقلىق ئورۇن ـ كۆرپىلەرگە يېپىلغان يۇڭ ئەدىيال ، سۇپا ـ كانتقا سېلىنغان كونا گىلەم جاپپارغا شۇنچە تونۇشلۇق ئىدى . جاپپار ئۇلارغا بىرەر قۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن ، پاكار تومپۇچكا ئۈستىدىكى نىياسەمنىڭ ئەينىكىنى قولىغا ئالدى . گىردە نانچىلىك چوڭلۇقتىكى بۇ تىكلىمە ئەينەكنىڭ ئارقىسىغا بىر سۇڭلۇق ، ئىككى سۇڭلۇق چوڭلۇقتىكى ئۈچ ـ تۆت پارچە كونا ، رەڭسىز سۈرەتلەر قىستۇرۇقلۇق ئىدى . بۇ نىياسەمنىڭ ياش چاغلىرىدا چۈشكەن سۈرەتلەر بولۇپ ، بىرىدە نىياسەمنىڭ يېنىدا ياندىشىپ چۈشكەن چىرايلىققىنە بىر قىزنىڭ سۈرىتى بار ئىدى . جاپپار بۇ سۈرەتنى تاسادىپىي بايقاپ قالدى ، شۇنىڭدىن باشلاپ پات ـ پاتلا بېلىقنى باھانە قىلىپ بۇ ئۆيگە كىرىپ سۈرەتكە ئۇزاققىچە قاراپ كېتەتتى . سۈرەتتىكى قاپقارا ئۆرۈمە چاچلىرىنى بادام دوپپىسى ئۈستىدىن باتنىلاپ تۇگۇۋالغان ، ئاق ـ قارا ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن ، قاش ـ كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان چىرايلىق قىز ئىدى .

«گۈلئايىم ، سەن بۇ دۇنيادا بارمۇ ؟» جاپپار ھەر قېتىم
سۈرەتكە قارىغاندا ئازابلىق خىياللارغا غەرق بولاتتى . ئۇ سۈرەتـ
تىكى قىزنىڭ يۈزىنى سىلىدى . بۇ سۈرەتنى بۇنىڭدىن باشقا يەردە
ساقلاشمۇ ئەپسىز ئىدى . ئەگەر ، نۇرخان كۆرۈپلا قالىدىغان
بولسا سۈرەتنى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى سورۇۋەتمىگىچە بولدى قىلـ
مايتتى . شۈكرى ، نۇرخان بۇ ئۆيگە ئېزىپ ـ تېزىپ كىرىپ
سالمايتتى . نىياسەم بۇ سۆيۈملۈك دوستى ھەم بەختسىز يەڭـ
گىسىنىڭ بىردىن ـ بىر سۈرىتىنى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان
مۇشۇ كىچىك تىكلىمە ئەينەكنىڭ ئارقىسىغا قىستۇرۇپ ساقلاپ
كەلگەنىدى .
— بولدى ، ئارام ئېلىڭ ئاكا ، — جاپپار نىياسەمنىڭ قاچاڭـ
لاردا كەينىگە كېلىپ تۇرغانلىقىنى بىلمەي چۆچۈپ كەتتى . ئۇ
ئۆز قىلىقىدىن خىجىل بولۇپ ، ھودۇققىنىدىن بېلىقلارنى مۇزـ
داقلا سورىغان بولۇپ چىقىپ كەتتى . ئۇ سىڭلىسىنىڭ ئالدىدا
خىياللىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى . سىڭلىـ
سىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئەيىبكار سېزەتتى ، شۇڭا سىڭلىسى بىلەنـ
مۇ ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ پاراڭلىشالمايتتى . ئاكىسى چىقىپ
كەتكەندىن كېيىن ھېرىپ «ئۇھ» دېگۈدەك ماجالى قالمىغان
نىياسەم سۈرەتكە ئۇزاققىچە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى .

# ئونىنچى باب

## ئاشكارىلانغان سىر

ئابىدە كېسەل كارىۋىتىنىڭ يېنىدا زەئىپ ياتقان ئانىسىغا قارىغىنىچە خىيالغا پېتىپ ئولتۇراتتى. ئايىمخان ھەر ھالدا ھوشىغا كەلگەندەك قىلسىمۇ، لېكىن تۇرۇپ - تۇرۇپلا يۈرىكى سانجىلىپ ئاغرىپ زادىلا ئۆرە بولالمايۋاتاتتى. بۇ دەردكە قېتىلىپ داۋالىتىشقا كېتىدىغان خىراجەت مەسىلىسى ئابىدەنىڭ كاللىسىنى قاتۇرۇپ يۈرىكىنى ئېزىۋەتتى.

ئۇ تۇرمۇشنىڭ ھېچبىر راھىتىنى كۆرمىگەن ئانىسىغا قارىغىنىچە كۆز ياشلىرىنىڭ تاراملاپ تۆكۈلگەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. شۇ ئەسنادا، ئۇنىڭ يان تېلېفونى جىرىڭلاپ قالدى. تېلېفون مېھرايدىن كەلگەن بولۇپ، يانفوندىن مېھرايىنىڭ جىددىيلەشكەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئابىدەمۇ؟ ئاناڭ ياخشى بولۇپ قالدىمۇ؟ سەن ئولتۇرغان ئىككىنچى سوت زالىنىڭ ئاچقۇچى جىددىي لازىم بولۇپ قالدى. ھۆرىيەت ھەددەم ئەكېلىپ بەرسۇن دەيدۇ.

— مەن بارالمايمەن، ئاپامنىڭ ئەھۋالى بەك ئېغىر، ھېلى ئەنسەر كېلىدۇ، ئەنسەردىن ئەۋەتەي.

— ئۇنداق بولسا مەن باراي، ئاپاڭنىمۇ يوقلىيالمىغانتىم، شۇ باھانىدا يوقلىۋالاي، ئاچقۇچنى ئەكېلىمەن دېسەم ئىدارىدىنمۇ رۇخسەت بېرىدۇ. ئازراق بولسىمۇ ئىشتىن قۇتۇلىمەن.

— ھەي، سېنىزە، ئىشتىن قېچىپلا يۈرىسەن، بوپتۇ،

كەلگىن ئەمىسە ، لېكىن يوقلايمەن دەپ ئارتۇق ئاۋارە بولما...

— خوش ، ھېلى كۆرۈشەيلى .

مېھراي تېلېفوننى ئۈزۈپ بولۇپ ، يېنىدا گەپ تىڭشاپ تۇرغان گۈزەلنۇرغا قاراپ كۈلۈپ قويدى . ئابىدەنىڭ ئانىسىنىڭ ئاغرىپ قېلىپ ئىدارىگە كېلەلمەسلىكىنى گۈزەلنۇر پۇرسەت دەپ بىلدى . بۇنداق ئەھۋالدا ، ئاچقۇچنى سورىسا ھېچقانداق غەيرىي تۇيۇلمايتتى . دېمىسىمۇ ئىدارىدە ئابىدەدىن ئىككىنچى سوت زالى-نىڭ ئاچقۇچىنى ئەكېلىش زۆرۈر بولۇپ تۇراتتى . شۇڭا ، مېھ-راي تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاچقۇچنى ئەكەلگىلى ماڭدى .

تېلېفوننىڭ مۇزىكىلىق ئاۋازى ئايىمخاننى ئويغىتىۋەتتى . كۆزىنى ئېچىپ جۇدەپ قالغان ئابىدەنى كۆرۈپ ئىچى سىيرىلدى . «مۇشۇ بىچارە قىزىمغا پاراكەندىچىلىكلا تېپىپ بېرىمەن ، ئۇنى جاپادا قويدۇم ، ئۇنىڭغا ھېچنەرسە قىلىپ بېرەلمىدىم» كۆڭۈل-سىز خىياللار يەنە ئايىمخاننى ئىسكەنجىگە ئالدى . ئۇ ئانىلىق يۈرىكى بىلەن قىزىنىڭ ئەنسەرنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى . لېكىن ، ئايىمخان ئەنسەرنىڭ ئانىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسىلا ئەنسەردىن رايى يېنىپ ، ئۇنى تىللاپ قوغلى-ۋەتكىسى كېلەتتى ، لېكىن ئابىدەگە ئىچى ئاغرىيتتى . بەختسىز-لىكنىڭ ئۆزى بىلەنلا كەتمەي ، قىزىنىڭ پېشانىسىگىمۇ «قەلەن-دەرنىڭ قىزى» دەپ تامغا بولۇپ بېسىلىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى . قىزىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ قىسمەت ئۆزىنىڭ نامرات تىككۈچىلىكى ، باشقىلارنىڭ كىر - قېتىنى يۇيۇپ ، ئۇششاق ئىشلىرىنى قىلىپ جان باقىدىغان ئاددىي ئايالنىڭ قىزى بولۇپ قالغانلىقى سەۋەب بولۇپ قالغاچقا ئايىمخاننىڭ ھۆكرەپ يىغلىغۇسى كەلدى . ئابىدە ئانىسىنىڭ كۆزىنى ئاچقانلىقىنى كۆ-رۈپ زارىقىپ كۈلۈمسىرىدى . ئانا قىزىنىڭ قوڭۇررەڭ يۇمشاق چاچلىرىنى سىلىدى . ئاندىن ، قولىدىكى قەدىمىي نۇسخىدا سو-قۇلغان قاپاق شەكىللىك ئالتۇن ھالقىسىنى چىقاردى .

— قۇلىقىڭىزغا بىرەر نەرسە ئېلىپ سېلىپمۇ قويالمىدىم قىزىم . ماۋۇ ھالقىنى ئەمدى سىز تاقاڭ ، مەندە بۇنىڭدىن باشقا تۇزۇكرەك نەرسىمۇ يوق .

— ياق ، ياق ئانا… بۇنى سىز بەك ياخشى كۆرەتتىڭىزغۇ ؟ ھەتتا ئاغرىپ قالغان چاغلىرىڭىزدا ساتايلى دېسەممۇ ئۇنىمىغاندى-دىڭىز ، بولدى ، ئۆزىڭىز تاقاڭ .

— كېسەل ياتقان ئادەمگە زىبۇ زىننەتمۇ ئېغىر كېلىدىكەن . مەن بۇنى ياخشى كۆرگەچكىلا سىزگە بېرىۋاتىمەن . يوقىتىپ قويماڭ .

ئايىمخان شۇنداق دېگەچ قۇلىقىدىن بىر قېتىممۇ ئېلىپ باقمىغان ئالتۇن ھالقىسىنى سۇغۇرۇپ مايكىسىنىڭ يېڭىگە سۇر-تۇپ پارقىراتقاندىن كېيىن ، ئابىدەگە سېلىپ قويدى . ھالقا ئاق سۇزۇك ئابىدەگە باشقىچە ھۆسن قوشۇپ پارقىراپ كەتتى . ئانىسىنىڭ مىسكىن يۈرىكى ئازراق بولسىمۇ تەسكىن تېپىپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى .

ياتاققا قولىغا يېمەكلىك سېلىنغان خالتا كۆتۈرگەن ئەنسەر كىرىپ كەلدى . ئۇنى كۆرۈپ ئايىمخان ئازراق ئۆزگەندەك بولسى-مۇ ، لېكىن چاندۇرمىدى . ئابىدە ئۇنى ئورۇندۇققا باشلاپ ، قو-لىدىكى نەرسىلەرنى تۇزۇت قىلىپ تۇرۇپ ئالدى .

— ئەنسەر ، سىزنىڭ ياردىمىڭىز كېرەك بولۇپ قالدى ،— دېدى ئابىدە ، — ھېلىمۇ سىزنى تازا ئاۋارە قىلدىم . بۇ ئىشتا سىز ياردەم قىلمىسىڭىز بولمىدى .

— شۇنچە دەپ كەتكۈدەك قانچىلىك ئىشلارتى ئۇ ؟ قېنى دەڭ ، باش ئۈستىگە .

— ئاخشام ئانام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئۆيىمىزنى ساتىدى-غان بولدۇق . مەن بۇ ئىشنىڭ يولىنى بىلمەيدىكەنمەن . تۇزۇك ئادەمنىمۇ تونۇمايمەن . شۇڭا ، سىز سېتىشىپ بەرگەن بولسىڭىز .

— نېمىشقا؟ نېمىشقا ساتىسىلەر؟
— باشقا ئامال يوق، داۋالىنىشقا خىراجەت جىق كېتىدى-كەن، بىرىدىن قەرز ئالساقمۇ ئۇنى تۆلىسەك بولىدۇ، شۇڭا ئۆينى ساتايلىمىكىن دېگەن.
— مەن دادامغا دەپ باقسام باشقىچىرەك ئامال تېپىلىپ قالارمىكىن.
— بولدى، بۇ گەپنى دادىڭىزغا ھەرگىز دېمەڭ، — دېدى ئايىمخان قوپاللىق بىلەن، — كەمبەغەل بولساقمۇ غۇرۇرىمىز بار. بىراۋنىڭ ئالدىغا يېلىنىپ بارغۇچە ئۆلسەم ئۆلەرمەن.
— نېمانداق گەپ قىلىسىز ئانا، — ئابىدە ئانىسىنىڭ قوپال-لىقىدىن تەڭلىكچىلىكتە قالدى، — ئەنسەرىنىڭمۇ ياخشى كۆڭلى.
لېكىن، ئايىمخاننىڭ قوپال مۇئامىلىسىنى ئەنسەر پەقەتلا كۆڭلىگە ئالمىدى. ئۇ ئابىدەنى شەرەتلەپ سىرتقا چاقىرىپ تۇرۇ-شىغا ئىشىكتىن سۇلياۋ خالتىلارنى كۆتۈرۈپ مېھراي كىرىپ كەلدى. مېھراي تۇجۇپىلەپ گىرىم قىلغان، ئېسىل كىيىنگەن بولسىمۇ، لېكىن كۇندىن - كۇنگە سەمرىپ كېتىۋاتقان دىقماق بەدىنى ئۇنى چوڭ ياشلىق ئاياللاردەك قىلىپ كۆرسىتەتتى. مېھ-راي ئابىدە بىلەن يۈز يېقىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن كارىۋات ئالدىغا كېلىپ ئايىمخاندىن ئەھۋال سورىدى. ئايىمخان مېھراي-نىڭ دىقماق گەۋدىسىگە، قاپقارا قويۇق قېشىغا، يوغان كۆزىگە، سەل - پەل بۇرۇتلۇق يۇمىلاق يۈزىگە قارىغىنىچە داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. نېمىدېگەن تونۇش چىراي بۇ، ئاۋازىچۇ تېخى، ئۇ قىزنى نەدە كۆرگەن بولغىيتتىم؟
مېھراي ئۇنى - بۇنى دەپ بىر ھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن تېخىچە چىقىپ كەتمەي تۇرغان ئەنسەردىن سورىدى:
— ئەنسەر، سىز ئىدارىگە قاچان بارىسىز؟
— ھازىر ماڭىمەن.
— ئۇنداق بولسا بىللە كېتەيلى، يۈرۈڭ.

مېھراينىڭ ئاۋازىدىن يېقىنلىق، ئەركىلەش، ئىنتىلىش چىقىپ تۇراتتى. كۆزىمۇ ئەنسەرگە شۇ قەدەر ھېرىسمەنلىك بىلەن تىكىلگەنىدى. ئابىدە ئۇلارنى ئۈزىتىپ قويۇپ كىردى.

— بۇ قىز ئەنسەرگە ئەجەب سۆۋىشىپ كەتتا،— دېدى ئايىمخان كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ.

— ئۇنىڭ مىجەزى تۇغما شۇنداق، كىمگىلا بولسا شۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ.

— كىمنىڭ قىزى ئۇ؟ — دەپ سورىدى ئايىمخان قىزىقىپ.

— ئوتتۇرا سوتتىكى جاپپار يولداشنىڭ ئەركىسى، ئانىسىنىڭ ئىسمى نۇرخانغۇ دەيمەن.

— ھە؟— ئايىمخانىنىڭ پۈتۈن بەدىنى جالاقلاپ تىترەپ، ئورنىتىلغان يۈرەك ھەرىكىتىنى كۆرسىتىش ئەسۋابىدىكى سىزىق يۇقىرى - تۆۋەن سەكرەپ كەتتى. ئابىدە بۇ تاسادىپىلىقتىن جىددىيلىشىپ تېزلىكتە دوختۇر چاقىردى. بىردەمدىلا ھەممە ئادەم پاتىپاراق بولۇشتى.

جىددىي تەدبىر قوللىنىپ داۋالانغان بولسىمۇ، لېكىن ئايىمخان شۇ ھوشىدىن كەتكەنچە ھوشىغا كەلمىدى. يۈرىكى خۇددى ھازىرلا توختاپ قالىدىغاندەك ئاجىز سوقاتتى. ئاباس ئۆزى كىرىمىسىمۇ تەجرىبىلىك دوختۇرلارنى كىرگۈزۈپ ئەھۋال ئىگىلەپ تۇراتتى. ئۆزىنى بىمارنىڭ يېنىغا كىرىشتىن قاچۇراتتى. ئەنسەر بىلەن ئابىدە ئېلان شىركىتىگە ئۆيىنى سېتىش توغرۇلۇق ئېلان بەردى ھەم ئۆينىڭ تېمىغىمۇ «سېتىلىدۇ» دەپ يېزىپ ئابىدەنىڭ تېلېفون نومۇرىنى يېزىپ قويدى.

ئەتىسىلا ئابىدەنىڭ تېلېفونى جىرىڭلاپ ئۆيگە خېرىدار چىقتى. خېرىدار ئۇنى بۈگۈنلا سېتىۋالىدىغانلىقىنى، پۇلنى نەق بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. پۇلغا جىددىي ئېھتىياجلىق ئابىدە ئىشىنىڭ ئوڭ كەلگەنلىكىدىن سۆيۈندى ھەم خېرىدار بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدى. خېرىدار ئۇنى ئۆينىڭ ئالدىدا ساقلايدىغانلىقىنى

ئېيتتى . ئابدە سېسترانى ئانىسىغا قارىتىپ قويۇپ ئۆيى ئالدىغا كەلگەندە ئىشىك ئالدىدا قارا رەڭلىك ئېسىل ماشىنا تۇراتتى . ئابدەنى كۆرۈپ ماشىنىدىن ياشقىنە بىر يىگىت چۈشتى . يىگىت سودىگەر سىياقىدىراق ياسانغان بولۇپ ، چاچلىرى قويۇق ، قاپقارا قېشى ، يوغان قارا كۆزى يارىشىملىق بۇرۇتلىرى بىلەن خۇددى كىنولاردا كۆرگەن ھىندىستانلىق ئەرلەرگىلا ئوخشايتتى . ئۇستى تۈگمىسى ئېچىۋېتىلگەن كۆڭلىكىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان يۇڭ-لۇق مەيدىسىدە توم ئالتۇن زەنجىر ۋالىلدايتتى . قول بارماقلىرى-غىمۇ يوغان - يوغان ئالتۇن ئۈزۈكلەر سېلىنغانىدى . ئابدە بۇ يۇرتتا ئۇچرىتىپمۇ باقمىغان بۇ كېلىشكەن ياش يىگىتنىڭ ئالدىدا ئوڭايسىزلىنىپ قالدى ھەم مۇشۇنداق پۇلدار يىگىتنىڭ قانداق بولۇپ ئۆزىنىڭ ئاددىي ئىككى ئېغىز كېسەك تام ئۆيىنى ئالماقچى بولۇپ قالغانلىقىغا ھەيران قالدى . ئابدە ئۇنى ئۆيگە باشلىدى . يىگىت ماشىنىدىن كىچىككىنە قول سومكىسىنى ئېلىپ ئابدەگە ئەگىشىپ ئۆيگە كىردى . يىگىت ئۆيگە ئەمەس ، ئابدەگە قىزىق-سىنىپ قارىماقتا ئىدى .

— ئۆيىمىز كىچىك ھەم كونا ، يەر ئورنىمۇ ئانچە چوڭ ئەمەس ، — دېدى ئابدە ، — لېكىن ئەۋزەللىكى بازارغا يېقىن . ئەتە - ئۆگۈن يولغا ياكى قۇرۇلۇشقا ئېلىنىپ كەتسىمۇ ئىشقىلىپ زىيان بولمايدۇ .

— مەنمۇ شۇ يەرلىرىنى ئويلاپ قالدىم . مال ئىسكىلاتى قىلغۇدەك ئورۇن ئىزدەپ يۈرەتتىم . بۇ يەر تازا باب كەلگۈ-دەك ، — دېدى يىگىت ئۆزىنى ئازادە تۇتۇپ .

ئۆي ئالىدىغان خېرىدار دېگەن ئۆينىڭ ئالدى - كەينىنى چۆرگىلەپ نەچچە كېتىپ ، نەچچە كېلىپ ئىنچىكە ھېسابلىشىدى-غان ، يىگىت ئۆينى چۆرگىلەپ كۆرۈپمۇ قويمىدى . ئاللىقاچان ئۆينى ئېلىش قارارىغا كېلىپ بولغاندەك قىلاتتى . چىرايىدىن بىر خىل كۆلۈمسىرەش يوقالمايتتى .

— قانداق؟ بىر قارارغا كەلدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئابىدە .
— ھەئە ، ئۆينى چوقۇم ئالىمەن .
— ئۇنداق بولسا مەن بەك ئالدىراش ، ئىشنى بۈگۈنلا پۈتتۈـ
رەيلى . ئۆينىڭ ئەھۋالى بۇ بولغاندىكىن بەك ئۆرە باھا قويۇپمۇ
ئولتۇرمايمەن ، نەچچىگە ئالىسىز ؟
— ئۆي ئىگىسى سىز بولغاندىكىن ئۆزىڭىز بىر نەرسە دەڭ ؟
— راستىنى دېسەم ، مەن بۇنداق سودىنى پەقەتلا بىلمەيـ
مەن . ئانام ئاغرىپ ھوشسىز ياتىدۇ . كاللامىمۇ تازا جايىدا ئەـ
مەس . سىز كۆپنى كۆرگەن تىجارەتچى ، بىزدەك ئاجىز مەزلۇمـ
لارغىمۇ ئۇۋال بولمايدىغان ، سىزمۇ زىيان تارتمايدىغان بىرەر
باھانى ئۆزىڭىز قويۇڭ .
— ئۇنداق بولسا قىرىق بەش مىڭ يۈەنگە ئالاي...
— قىرىق بەش مىڭ يۈەن ؟
ئابىدە ھەيران قالدى . تېخى ، ئۆتكەندىلا قوشنىسى بۇ يەرنى يىگىرمە بەش مىڭ يۈەنگە باھالاپ ئالماقچى بولغاندا ئايىمخان ئەرزان كۆرۈپ ساتمىغانىدى . ئۇلار كۆپ بولسا ئوتتۇز مىڭ يۈەنگە خېرىدار چىقار دەپ ئويلىغانىدى . بىراق ، خېرىدارنىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن قىرىق بەش مىڭ يۈەن باھا قويىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى .
— بۇ ئازراق ئۆرە بولۇپ كەتتىمۇ قانداق؟ — دېدى ئابىدە .
— سىز قانداق ئۆي ساتقۇچى ، خەق ئۆيىگە يۇقىرى باھا قويۇپ ، خېرىدار تۆۋەنلىتەلمەي ئاۋارە ، مەن خېرىدار تۇرۇپ ئالىمەن دەۋاتسام سىز ئۆرە دەيسىزغۇ ؟
— ياق دەيمىنا ،— دېدى ئابىدە ، — يەنە ئۆي كىنىشكىسىگە ئائىت رەسمىيەتلەر باركەن .
— ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ ، ئۇنى مەن كۆپ بىجىرگەن ، بىر ئاكام يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىدە ، ئۇ ئىشلارنى ئۆزۈم پۈتتۈرەي .

— ئۇنداق بولسا بەش مىڭ يۈەن چۈشۈرۈپ بېرەي ،— دېدى ئابىدە ،— قىرىق مىڭ يۈەنگە ئېلىڭ ، مانا بۇ ئۆيىمىزنىڭ كىنىشكىسى ، رەسمىيەتلىرىنى ئۆزىڭىز بېجىرەرسىز . قاچان كۆچۈپ بېرىمىز ؟

— مەن بۇ ئۆيلەرنى چېقىپ ئىسكىلات سالىمەن . هازىر هاۋا سوۋۇپ كەتتى . ئۆي سالغىلى بولمايدۇ . ئانىڭىز ئاغرىقكەن ، ئۆي كۆچىمىز دەپ پاتىپاراق بولماي ، هازىرچە ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار ، كېلەر يىلى هاۋا ئىسسىغاندا بىر گەپ بولار .

— رەھمەت سىزگە ، سىز بىلەن قانداق ئالاقىلىشىمەن .

— مەن ئۆزۈم ئىزدەيمەن . نېمە ئەنسىرەيسىز ، قېچىپ كەتسەڭلارمۇ ئۆي ماڭا قالىدۇ . مەن قېچىپ كەتسەم ئۆزۈمگە زىيان .

— شۇنداقتىمۇ... ئىسمىڭىز ؟

— موللاق .

— موللاق ؟ — ئابىدە كۈلۈپ كەتتى ،— نېمانچە قاملاشمىغان ئىسىم بۇ ، موللاق دەپمۇ ئىسىم قويامدۇ كىشى .

— ئەسلىي ئىسمىم موللا قارى ، دادام بەكمۇ تەقۋادار ئادەم بولغاچقا مېنى موللا مىجەز ، قارىم سۈپەت ئادەم بولسۇن دەپ شۇنداق قويۇپتىكەن . مەن دادامنىڭ دېگىنىدەك بولالمىدىم . شۇڭا ، ئاغىنىلەر موللاق دەپلا چاقىرىشىدۇ .

موللاق شۇنداق دەپلا سومكىسىدىن باغلام ـ باغلام يۈز يۈەنلىك پۇللارنى ئېلىشقا باشلىدى .

— پۇلنى هازىرلا سانامسىز ؟

— بەرىبىر ئالغانىكەن هازىرلا بېرەي ، ئانىڭىز ئاغرىقكەن ، پۇلمۇ لازىمدۇ .

موللاق ساناپ تۇرۇپ قىرىق بەش مىڭ يۈەن بەردى .

— رەسمىيەت ھەققىگە بەش مىڭ يۈەن ئېلىپ قېلىڭ ،— دېدى ئابىدە .

يىگىت ئۇنداق قىلغۇسى يوقتەك بىر هازا تۇرۇپ كېتىپ ،
ئاندىن بەش مىڭ يۈەننى ئايرىپ ئېلىپ قالغىنىنى ئابدەگە بەر-
دى . سودىنىڭ بۇنداق تېز پۈتۈشىنى ئويلىمىغان ئابدە تېڭىرقاپ
قالدى .

— بولىدۇ ، ئەمىسە مەن ماڭاي ، — دېدى موللاق سومكى-
سىنى ئېلىپ .

— ماقۇل ، بىزمۇ ئامال بار ئۆيىنى چاققانراق بىكار
قىلىمىز .

موللاق چىقىپ ماشىنىسىنى هەيدەپلا كېتىپ قالدى . بۇ
سودىدىن ، خېرىدارنىڭ قىياپىتىدىن ئابدە بىر خىل غەلىتىلىك
هېس قىلىپ قالدى . ئۇزىتىپ چىققان ئابدە قايتىپ كىرىپ
مۇڭلانغان ئۆيگە قاراپ بىردىنلا ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ يىغلاپ تاشلى-
دى . بۇ ئۆي ئانا - بالا ئىككىيلەننىڭ نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەت-
لىرىگە ، دەرد - ئەلەملىرىگە ئەسرا بولۇپ ئۇلارنى ئۆز قوينىدا
پەپىلىگەنىدى . ئاددىي ، غېرىب بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئۆيى
ئىللىق ئارامگاهى ئىدى . مانا ئەمدى بۇ ئۆي باشقىلارنىڭ ئىلكىگە
ئۆتتى . ئاز ئۆتمەي چېقىلىپ يوقايدۇ . «ئۆيى يوقنىڭ جېنى
يوق» دەپ ئەمدى ئابدەلەر كىملەرنىڭ هويلىسىدا قىسىلىپ
قورۇنۇپ ئۆتەر ؟

نەچچە كۈندىن بېرى ئانىسىنىڭ ئالدىدا يالغان كۈلۈپ يۈر-
گەن ئابدە خالىي ئۆيدە ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ قانغۇچە يىغلىۋال-
دى . ئاندىن ، يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ ، پۇللارنى ئېلىپ يەنە دوخ-
تۇرخانىغا چاپتى ، تاپشۇرۇش ئورنىغا تۆلەشكە تېگىشلىك پۇللار-
نى تاپشۇرۇۋېتىپ يېنىك تىندى . ئەنسەرگە تېلېفون ئۇرۇپ ئۆي
سېتىش ئىشىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولغانلىقىنى دەپ قويدى . نەچ-
چە هەپتىلىك داۋالاشقىلا يىگىرمە بەش مىڭ يۈەن پۇل كەتتى .
ئانىسى ساقىيىدىغانلا بولسا قانچە كەتسە مەيلى ئىدى . لېكىن ،
بەرگەن دورا - ئوكۇللىرى هېچ كار قىلمايۋاتاتتى . دورا ئېسىگە

كەلگەن ئابىدە ئىختىيارسىز نىياسەمنى ئەسلەپ قالدى .
مېھرايىنىڭ ئۆيىگە بارغان كۈنى نىياسەم يۈرىكىنى چاڭ-گاللاپ ئولتۇرۇپ قالغاندا ، بىر تال دورا ئىچىپلا خېلىلا ياخشى بولۇپ قالغانىدى . «نېمە دورا بولغىيتى . دوختۇرلارنىڭ زەھەر-دەك قىممەت دورىلىرىمۇ ھېچ كۈچىنى كۆرسەتمەيۋاتىدۇ . نىيا-سەم ھەدەمدىن سوراپ باقسام بولارمۇ ؟ قۇتىسىدىكى چۈشەندۈ-رۈشنى كۆرگەچ ئۆزۈملا بېرىپ كېلەي» ئۇ ئانىسىنىڭ تىنچ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ نىياسەمنىڭ يېنىغا غاچچىدە بېرىپ كەلمەكچى بولدى .
ئابىدە مېھرايىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە نۇرخاننىڭ ھۇجرىسىدىن بوش خورەك ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . نىياسەم يەنە ئاشخانىدا نېمىلەرنىدۇر قىلىپ ئولتۇراتتى . ئۇلار يۈز يېقىپ كۆرۈشتى .
— شۇ بىر كەلگەنچە كەلمەسلا بولدىڭىزغۇ قىزىم ؟ مېھراي خانقىزدىن سوراپ تۇرىمەن . قايسى كۈنى چۈشۈمگە كىرىپ قاپتىد-كەنسىز ، سورىسام ئانىڭىزنى ئاغرىپ قاپتۇ دېدى ، خېلى ياخشى بولۇپ قالدىمۇ ؟
— خېلى ياخشى ، ئانام بۇ قېتىم خېلى قاتتىقلا ئاغرىدى . بەك قورقۇپ كەتتىم . دوختۇرلارمۇ خېلىلا كۈچىگەن بولسىمۇ ھېچ ئۈنۈمى بولمايۋاتىدۇ .
— خۇدايىم شىپالىق بېرەر ، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ بالام .
— نىياسەم ھەدە ، ئۆتكەندە سىلىنىڭ يۈرەكلىرى مۇجۇپ ئاغرىغاندا بىر تال دورا ئىچىپلا خېلى ياخشى بولۇپ قالغانتىلە ، شۇ دورىنى كۆرۈپ باقسام بوپتىكەن .
— مانا بار ،— نىياسەم دورىنى ئېلىپ ئابىدەگە بەردى ،— بۇ دورىنى ئاكام بېيجىڭغا بارغاندا ئالغاچ كەلگەن ، بۇ كېسەل ئۈنىڭدىمۇ ئازراق بار ، ھەر قېتىم تۇتقىنىدە ئاكام بىر تونۇشى-دىن ئەكەلدۈرۈپ بېرىدۇ ، بۇ يەردە يوق ئوخشايدۇ .
ئابىدە دورىنىڭ چۈشەندۈرۈشنى بىردىلىپ ئوقۇۋاتقاندا

نىياسەمنىڭ كۆزى تۇيۇقسىز ئابدەنىڭ قۇلىقىدىكى ھالقىغا چۈشۈپ قالدى . ھالقا نىياسەمنىڭ قۇلىقىدىكى ھالقا بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش ئىدى .

— ھالقىمىز ئوخشايدىكەن ،— دېدى نىياسەم ،— بۇ خىل نۇسخىدىكى ھالقىنى ئۆزۈمدىن باشقىلارنىڭ قۇلىقىدا پەقەتلا كۆرمىگەنىدىم .

— ئانامنىڭ ئىدى ،— ئابدە دورىنىڭ ئۆششاق خەتلىرىنى كۆرەلمەي يورۇققا تۇتۇپ كۆزىنى دورىدىن ئۈزمەي جاۋاب بەردى ،— ئانام بۇ ھالقىنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى . تېخى قايسى كۈنى «ئەمدى سىز سېلىڭ» دەپ ماڭا بەردى .

— رەھمەتلىك دادام ناھايىتى ئۇستا زەرگەر ئىدى ، — دېدى نىياسەم ، — ئۇ چاغلاردا ئائىلىمىز باياشات ئۆتىدىغان ، كېيىن قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ زەرگەرچىلىك قىلىش تۇگۇل بۇنداق ئالتۇن - جابدۇقلارنى ئېسىشمۇ گۇناھ بولۇپ كەتتى . جاپپار ئاكام مېنىڭ بىر يېقىن دوستۇم بىلەن توي قىلغان .

— نۇرخان ھەدەممۇ ؟

— ياقەي ، ئۇ ئاكامنىڭ بۇرۇنقى ئايالى ئىدى . ئۇلارنىڭ تويىمۇ تازا قالايمىقانچىلىق يىللارغا توغرا كەلگەن . تويغا يېقىن قالغاندا ئانام بىر كۈنى پاختىلىق پىنجىكىنى سۆكۈپ ئىچىگە تىكىۋالغان بىر ئالتۇن بىلەيزۈكىنى دادامغا بەردى ھەم كۆزىنىڭ ئۇچۇقىدا بۇنى بىر جۈپ ھالقا قىلىپ ئۆزگەرتىپ بىرىنى ماڭا ، بىرىنى كېلىنىمىزگە سېلىپ قويماقچى بولدى . دادام ئاخشاملىرى يوشۇرۇن ھۈنەر قىلىپ يۈرۈپ ئاخىر بىر جۈپ ھالقا پۈتكۈزگەن . ئانام توي كۈنى بىرەلمەي تويىنىڭ ئەتىسى بىرىنى ماڭا ، بىرىنى كېلىنىمىزگە بېرىپ : «مېنى كۆرگەن كۆزۈڭلەردە كۆرۈڭلار» دېگەن .

— شۇنداقمۇ ،— ئابدە كۆڭلىنىڭ ئارامى بولمىغاچقا ھېكايىنىڭ داۋامىغا قىزىقمىدى . نىياسەمنىڭ ھالقىسىغا قارىدى ،— راستتىنلا ئوخشايدىكەن .

نىياسەمنىڭ ئىچىگە ئوت كىرىۋالدى ، ئاخىر ئابىدەگە دەپ ھالقىسىنى ئالدۇرۇپ قولىغا ئالدى ـ دە ، ھالقىنىڭ ئارقىسىغا قارىۋىدى ، ھالقىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكە چوشۇرۇلگەن لاتىنچە H ھەرپى ئېنىق كۆرۈندى . بۇ دادىسى خالىقاخۇننىڭ ئۆزى سوققان زىننەت بۇيۇملىرىغا سېلىپ قويىدىغان بەلگىسى ئىدى . نىياسەم ھەيرانلىقىنى يوشۇرالمىدى .

— ھالقا راستىنلا ئانىڭىزنىڭمۇ ؟

— ھەئە ،— دېدى ئابىدە ھەيران بولۇپ ،— ئەقلىمنى بىلسەم بۇ ھالقا ئانامنىڭ قۇلىقىدا باركەندۇق .

نىياسەمنىڭ يۈرىكى سېلىپ كۆزى چۆچەكتەك يوغىناپ كەتتى . ئۇ ئالدىدىكى جاپپار ئاكىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان بۇ قىزغا ھەيرانلىق بىلەن قارىدى . ئۇنىڭ بۇ نورمالسىزلىقىدىن ئابىدە كېسەلى تۇتۇپ قالمىغان بولغىيتتى دەپ ئەنسىرەپ قالدى .

— قىزىم ، ئانىڭىزنىڭ ئىسمى گۈلئايىممۇ ؟ — دېدى نىياسەم ئابىدەنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن تۇتۇپ .

— ئانامنىڭ ئىسمى ئايىمخان ، — دېدى ئابىدە ، ئاندىن ئويلىنىپ ، — بەلكىم ياش ۋاقىتلىرىدا گۈلئايىم بولۇشى مۇمكىن .

نىياسەم يۈگۈرگەندەك ھۇجرىسىغا كىرىپ ھېلىقى كىچىك ئەينەكنى كۆتۈرۈپ چىقتى :

— مانا بۇ ئانىڭىز شۇمۇ ؟ — دەپ ھېلىقى سۈرەتنى كۆرسەتتى .

ئابىدە ئانىسىنىڭ نىياسەم بىلەن ياندىشىپ چۈشكەن ياش چاغلىرىدىكى رەسىمگە قاراپ ھەيران قالدى . بۇ سۈرەت ئابىدەلەرنىڭ ئۆيىدىمۇ بار ئىدى . نىياسەم بەكلا ئۆزگىرىپ كەتكەچكە ئابىدە تونۇمىغانىدى .

— ۋاي ، ئانام بىلەن ئىككىڭلار تونۇشىدىكەنسىلەر ـ ھە ؟

نىياسەم بىردىنلا يىغلاپ كەتتى ھەم ئابىدەنى چىڭ قۇچاقلاپ :

— جىنىم دوستۇم ، سەن بۇ دۇنيادا ھايات ئىكەنسەنغۇ ؟ نېمىشقا مەن مەيەردە دېمەيسەن ، قىزىمىز ئالدىمىزغا كەلسە تونۇ-ماپتىمىز ئەمەسمۇ جىنىم دوستۇم ، يۈرۈك بالام ، مىنى باشلاپ ئاپىرىڭ ، ئۇنىڭ بىلەن ھازىرلا كۆرۈشمەن ،— دېدى .

نىياسەم شۇنداق دېگىنىچە ئاياغ - چاپانلىرىنى كىيىپ يۈك ياغلىقىنى ئورىدى . يۈرىكى ھاياجاندىن دۈپۈلدەپ سوقاتتى . ئۆزۈن يىللىق سېغىنىش ھازىر شۇ قەدەر كۈچەيدىكى گۈلئايىم-نىڭ يېنىغا ئۇچۇپلا بارغۇسى كېلەتتى . ئۇ ئىشىكتىن چىقىدىغان چاغدا بۇتتەك قېتىپ تۇرغان ئابىدەنى كۆردى ھەم بايا ئۆزىنىڭ ھاياجاندا دەپ سالغان گەپلىرىنى ئويلاپ «ئىم !» دەپلا لېۋىنى چىشلەپ قالدى .

دەرۋەقە ، بۇ ئابىدە ئۇچۇن ئادەتتىكى تاسادىپىيلىق ئەمەس ، نىياسەمنىڭ گېپى بويىچە ئانىسى جاپپارنىڭ بۇرۇنقى ئايالى بو-لۇپ چىقتىمۇ ؟ ئۇنداقتا ئابىدەچۇ ؟ ئۇ نىياسەمنىڭ «قىزىمىز ئالدىمىزغا كەلسە تونۇماپتىمىز» دېگەن سۆزىنى ئەسلىدى .

ئاھ ، بۇ قانداق بولۇپ كەتكىنى ؟ نېمىشقا ئۇنداق بولىدۇ ، نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىپ چوڭ بولغان ئابىدە تەقدىرىنىڭ مۇنداقمۇ رەھىمسىز چاقچىقىنىڭ بولىدىغانلىقىغا ھېچ ئىشەن-گىسى كەلمەيتتى . بىرى ھاياجاندىن خۇدىنى يوقاتقان ، بىرى تاسادىپىيلىقتىن گاڭگىرىغان بىر جۈپ ناتىۋان گەۋدە دوختۇرخا-نىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى . بۇ ئىشلار بولۇۋاتقان پەيتتە گۈلئايىم ئۆزىنىڭ ئازابلىق كەچمىشلىرىنى ئەسلەپ ياتاتتى .

# ئون بىرىنچى باب

# ئازابلىق كەچمىش

گۈلئايىمنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپكە ئەمدىلا قەدەم قويغان دەۋ-
رى ئىنقىلاب بورىنى ئەۋجىگە چىققان دەۋرلەرگە توغرا كەلدى.
سابىق ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئارۇپ ئايالى
سەلىمە بىلەن ئارزۇلۇق يالغۇز قىزىنى ئېلىپ «كۇرەشكە تارتىل-
غانلار» قاتارىدا ئائىلە بويىچە قوشدۆڭگە سۈرگۈن قىلىندى.
نۇرغۇن سەبىي دىللارغا يورۇقلۇق ئاتا قىلغان، ئالىي مەكتەپ
مەلۇماتىغا ئىگە بۇ بىر جۈپ ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ يالغۇز قىزىنى
باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتۇشقىمۇ، ھەتتا ئەتىگەن - ئاخشاملىرى
ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا دەرس ئۆتۈپ بېرىشكىمۇ قادىر بولالمى-
دى. ئەر - ئايال، قېرى - ياش دېمەي مەجبۇرىي سېلىنىۋاتقان
ئېغىر ئەمگەك، دەھشەتلىك قىيىن - قىستاق، كۇرەش - پى-
پەن، كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقان ئاچارچىلىق گۈلئايىم-
نىڭ ئاتا - ئانىسىنى قىزىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇنى بېقىپ قاتارغا
قوشۇش بەختىدىن مەھرۇم قىلدى. دادىسى بىر قېتىملىق مەج-
بۇرىي ئەمگەكتە باشقۇرغۇچىغا ئىككى ئېغىز گەپ ياندۇرۇپ
قويغانلىقى ئۈچۈن سولاپ قويۇلۇپ، ئىككى كۈن بولغاندا چالا
ئۆلۈك ئەكېلىپ بېرىشتى ھەم شۇ يانتاقانچە ياخشى بولالماي بىر
ھەپتىدىن كېيىن قازا قىلدى. دادىسىنىڭ بۇ پاجىئەسىدىن گۈل-
ئايىمنىڭ ئانىسىمۇ تولا يىغلاپ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەيدىغان،
قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇ قالايمىقان-

چىلىق يىللىرىدا ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ نەدە ئىكەنلە-
كىنى ھېچكىم بىلمەيتتى . گۇلئايىم مەجنۇن چىراي ئانىسىنىڭ
ئېتىكىگە يۆگىشىپ ئاچتىن ئۆلۈپ قالماي ، سوغۇقتا توڭلاپ
قالماي يۈرۈپ ئون تۆت ياشقا كىرگەن يىلى ئانىسى تۇيۇقسىز
قازا قىلدى . گۇلئايىم كىچىككىنە يېشىغا كەلگەن بۇ قازا قىس-
مەتتىن گاڭگىراپ ، نېمە قىلارىنى بىلمەي بىرمۇ ئۇرۇق ـ
تۇغقىنى ، جان كۆيەرى بولمىغان قوشدۆڭدە قارا يېتىم بولۇپ
قالدى . شۇ چاغدا دادىسى بىلەن ئەترەتتە بىللە ئىشلىگەن ھەم
يېقىن ئۆتكەن خالىقاخۇن دېگەن كىشىنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كې-
لىپ ، سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ئۇنىڭ شەھەردىكى تاغىسىنى تاپتى
ھەم سوغۇق قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە گۇلئايىمنى ھارۋىسىغا
ئولتۇرغۇزۇپ شەھەرگە ئېلىپ ھېلىقى تاغىسىنىڭ ئۆيىگە ئەكەل-
دى . بىراق ، نامراتچىلىق ، ئاچارچىلىق قوشدۆڭدەك سەھرادا
ئەمەس ، شەھەردىمۇ ئېغىر ئىدى . تاغىسى تەڭقىسچىلىق بىلەن
يېلىنغاندەك خوتۇنىغا قارىدى . خوتۇنى ھېرىپ ـ چارچاپ كەلگەن
خالىقاخۇنلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سالغان بولسىمۇ ، لېكىن پار-
چە ـ پۇرات قوناق نېنى بىلەن بىر پىيالە قارا چايدىن باشقا نەرسە
قويالمىدى ھەم ھال تۆكتى :
— ئەھۋالىمىزنى كۆردىلە ، بىزنىڭمۇ تۆت بالىمىز بار ،
بالىلىرىم قورسىقى تويغۇدەك تاماق يېمىگىلىمۇ خېلى كۈنلەر
بولۇپ قالدى . بولمىسىغۇ سەلىمە ئاچاملارمۇ ئۆز ۋاقتىدا بىزگە
كۆپ ياخشىلىق قىلغان ، گۇلئايىممۇ ئۆزىمىزنىڭ بالىسى بىلەن
ئوخشاش ئىدى ، سىلى نېمىلا دېگەنبىلەن ئارۇپكام ، سەلىمە
ئاچاملار بىلەن بىر ئەترەتتە ئىشلەپ تۇز ـ تائام يېيىشىپ
ھال ـ مۇڭ بولۇشۇپلا ، شۇنداق بولغاندىكىن گۇلئايىم بۇ شەھەر-
دىكى قاتتىقچىلىقتا قىينالغۇچە ئاسمىنى كەڭ سەھرادا كۈنىنى
ئاسانراق ئالار دەيمەن .
تاغىسىنىڭ ئايالى شۇنداق گەپلەرنى دەپ گۇلئايىمنى ئېلىپ

قالغىلى ئۇنىمىغاچقا خالىقاخۇن ئۇنى قويۇپ قويۇشقا ئامالسىز قالدى . تاغىسىمۇ مەشىنىڭ ئالدىدا ئوت كوچىلايدىغان زىق بىلەن يەرنى سىجاپ باش كۆتۈرمەي ئولتۇراتتى .

— شۇنداق ئويلاشقان بولساڭلار بوپتۇ ئەمىسە ،— دېدى خالىقاخۇن ،— بۇ كۈنلەردە كىمدىن ئاغرىنغۇلۇق ، قارىسام سى-لەرنىڭمۇ بىر بالىنى ئارتۇق باققۇدەك ئەھۋالىڭلار يوقكەن ، بول-مىسا گۈلئايىم بەك بەلەن چوڭ بولغان بالىتى . ئويلىشىپ باقار-سىلەر ، كېيىنچە «بوپتۇ ، بالا قىلىۋالايلى» دەپ قالساڭلار قوش-دۆڭگە بېرىپ مېنى ئىزدىسەڭلار بولىدۇ .

خالىقاخۇن گۈلئايىمنى يانىدۇرۇپ ئېلىپ ماڭدى . ئۇزاپ مېڭىشىدا گۈلئايىم باش كۆتۈرمەي ئولتۇرغان تاغىسىنىڭ ئۈنسىز يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆردى . تاغىسى ئورنىدىن تۇرۇپ ياشقا تولغان كۆزى بىلەن گۈلئايىمغا ئۇزاق قاراپ بىردىنلا ئۇنى باغرىغا بې-سىپ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى . باياتىندىن بېرى ئاران تۇرغان گۈلئايىممۇ تاغىسىغا يېپىشىپ يۈرەكنى ئەزگۈدەك ھەسرەتلىك يىغلىدى .

— مېنى كەچۈر بالام ،— دېدى تاغىسى ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ ،— ۋاپاسى يوق تاغاڭنى كەچۈر .

شۇنداق قىلىپ گۈلئايىم يەنە خالىقاخۇننىڭ ھارۋىسىغا چى-قىپ قوشدۆڭگە يول ئالدى . گۈلئايىم ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەك-تەپ ئالدىدىن ئۆتۈۋېتىپ ، ئۆزىنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى ئۆيىنى تونۇپ قالدى . ئۇ ھارۋىدىن چۈشۈپ مەكتەپ ئىچىدگە كىر-دى - دە ، دەرۋازىغا يانداش سېلىنغان قاتار ئۆيلەرنىڭ ئارىسىدى-كى بىرىنچى ئۆيگە قارىدى . بۇ گۈلئايىم تۇغۇلۇپ يەتتە ياشقىچە تۇرغان ئۆي ئىدى . ئاۋۇ ھاۋارەڭ سىرلاغلىق ھويلا ئىشىكىنىمۇ دادىسى ئۆز قولى بىلەن بېكىتىپ ، سىرلىغانلىقى گۈلئايىمنىڭ يادىدا بار ئىدى . دادىسى گۈلئايىمغا ئىلەڭگۈچ ياساپ بېرىدىغان لاپاسمۇ شۇ پېتى تۇراتتى . بىردەمدە ئوتتۇز ياشلاردىكى بىر

جوپ ئەر ـ ئايال بالىسىنى يېتىلەپ ئۆيدىن چىقتى ـ دە ، ئىشىككە يوغان قۇلۇپتىن بىرنى سېلىپ كېتىپ قالدى . گۈلئا- يىم خۇددى بارلىق خۇشاللىقىنى ، بەختىنى ئاشۇ ئادەملەر تارتىپ ئەكەتكەندەك ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەلەم بىلەن قاراپ قالدى . خالىقاخۇن ئاستا كېلىپ بۇتتەك قېتىپ تۇرۇپ قالغان گۈلئايىمە- نى يېتىلەپ هارۋىغا چىقاردى ـ دە ، قوشدۆڭگە قاراپ يول ئالدى .

خالىقاخۇننىڭ گۈلئايىم بىلەن دېمەتلىك نىياسەم ئىسىملىك بىر قىزى هەم ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ قايتا تەربىيە ئېلىۋاتقان جاپپار ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىدى . جاهان قالايمىقان بولغاچ- قا خالىقاخۇن نىياسەمنى ئوقۇتماي تىككۈچىلىك كارخانىسىغا شاگىرتلىققا بەرگەنىدى . خالىقاخۇن ئايالى بىلەن مەسلىهەتلە- شىپ گۈلئايىمنى ئۆيدە ئېلىپ قالدى هەم گۈلئايىم نىياسەم بىلەن تىككۈچىلىك كارخانىسىغا بىللە بېرىپ ـ كېلىپ يۈرۈپ هەقىقىي هەدە ـ سىڭىللاردەك يېقىن بولۇپ كەتتى . بىر نەچچە يىل هەش ـ پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى . قوشدۆڭلۈكلەر لىڭگىدە بوي تارتقان گۈلئايىمنىڭ سەرۋىدەك زىبا قامىتىنى ، تېقىمىدا سويلاپ تۇرغان بوستان چاچلىرى ، قارلىغاچ قانىتىدەك ئەگمە قاشلىرى ئاستىدىكى شەهلا كۆزىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى مەجنۇن ئايالنىڭ ئېتىككە يۆگىشىپ يۈرگەن ئاۋاق قىزنىڭ شۇ ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي قالدى . گۈلئايىم هۆسنى ـ جامالى بىلەنلا ئەمەس ، يۈزى تۆۋەن ، تارتىنچاق مىجەزى ، ئىشچانلىقى ، نازاكەت- لىكى بىلەن پۈتۈن قوشدۆڭ يىگىتلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتقانى- دى . نىياسەمنىڭ ئاكىسى جاپپارنىڭ گۈلئايىمغا كۆيۈپ ـ پى- شىپ يۈرگىنىگە خېلى يىللار بولۇپ قالغانىدى . خالىقاخۇنلار- نىڭمۇ ئۆز قىزىدەك بولۇپ قالغان گۈلئايىمنى هەرگىز قولدىن چىقارغۇسى يوق . شۇ كۈنلەردە ئۆزۈندىن بېرى بىر قېتىممۇ كېلىپ قويمىغان تاغىسىنىڭ ئايالى قوشدۆڭگە كېلىپ

گۇلئايىمنى ئەكەتمەكچى بولدى . ئۇنىڭ دېيىشىچە ، گۇلئايىمغا شەھەردىن ياشتا چوڭ بولسىمۇ ، ھال ـ ئوقىتى ياخشى پۇلدار بىر لايىق تاپقانمىش ، ئۇ لايىق ئۆزلىرىگە تۇغقان كېلەرمىش .
گۇلئايىم ئۇ ئايالنىڭ تەلىپىنى كەسكىن رەت قىلىپ يولغا سېلىپ قويدى . گۇلئايىم ئېغىر ـ بېسىق ، بىلىملىك ، ئەدەپ ـ قائىدىلىك جاپپارنى ياقتۇراتتى ھەم قەلبىدە سۆيگۈ گۇللىرى غۇنچىلاشقا باشلىغانىدى . خالىقاخۇنلار تۆمۈرنى قىزد-قىدا سوقۇپ ، ئۆز زامانىسىگە يارىشا ئاددىي ـ ساددا توي قىلىپ ، گۇلئايىمنى كېلىن قىلىۋالدى . جاھان قاتلاڭچىلىق ، تۇرمۇش ناچار بولسىمۇ ، لېكىن گۇلئايىم جاپپار يېنىدا بولسىلا ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك سېزەتتى . قالايمىقانچىلىق تىنجىپ جاھانمۇ ئاز-راق ئوڭشىلىپ قالدى . ھەممە ئىشلار ئۆز ئىزىغا چۈشۈپ تۇر-مۇشمۇ خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالدى . شۇنداق كۈنلەردە خاتىر-جەملىك ئۈستىگە خۇشاللىق قوشۇلۇپ گۇلئايىم قورساق كۆتۈر-دى . جاپپار ئىشلەيدىغان يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ رادىئو ئۇزۇلىغا نۇرگۇل ئىسىملىك سېمىز ، دىقماققىنە بىر قىز كەلگەنىدى . گۇلئايىم بۇرۇن ئۇنى چېچىنى قىرقىم كېسىپ ، ھەربىيچە كى-يىم كىيىپ ، كانايدا ئۇزۇنىدە سۆزلەۋاتقان ، ئىنقىلابىي سەنئەت ئەترىتىدە خەنزۇچە ناخشا ئېيتىۋاتقان ھالەتلىرىدە نەچچە قېتىم كۆرگەنىدى . ئۇ ھازىر ھەربىيچە كىيىملىرىنى تاشلىغان ، شۇ ۋاقىتلاردا تانكىست ئاياغ دەپ ئاتايدىغان ئېگىز پاشنىلىق توپلەيىنى كىيىپ ، سېمىز ساغرىسىنى لىغىرلىتىپ ئايناقشىپ يۈرەتتى . ئىنقىلابنىڭ بورىنى تۇگىشى بىلەنلا نۇرگۇلنىڭ ئىنقىلابىي خاراكتېرى ئۆزگىرىپ كۇلگۇنچەك ، گەپدان بولۇپ كەتكەنىدى . بولۇپمۇ ، يېزىدىكى بىردىن بىر ئالىي مەكتەپ تەربىيىسى كۆر-گەن ، كېلىشكەن ، ئېغىر ـ بېسىق جاپپارنى كۆرگەندە باشقىچىلا قىلىپ كېتەتتى .
بىر قېتىم نۇرگۇل ھېچقانداق سەۋەبسىزلا چۈشلۈك دەم

ئېلىشتا گۈلئايىملارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ مېھمان بولىدى ھەم جاپپارنىڭ ئالدىدىلا گۈلئايىمغا ئۆيىنى قانداق جابدۇش، تاماقنى قانداق ئوخشىتىش ھەققىدە بىرمۇنچە گەپ ساتتى. جاپپارغا قاندداقتۇر ئوقۇغان كىتابلىرى، مەكتەپ ھاياتى، سىياسىي ۋەزىيەت ھەققىدە بىر ھازا سۆزلىدى. بۇ ئارقىلىق ئۇ جاپپارنىڭ ئالغان خوتۇنىنى بىر كۆرۈپ باقماقچى ھەم بۇ سەھرالىق تومپاي خوتۇنى ئالدىدا ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويماقچىدى.

گۈلئايىمنىڭ گۈزەل لاتاپىتى نۇرگۈلنىڭ خېلىلا ھەيۋىسىنى سۇندۇرغان بولسىمۇ، لېكىن نۇرگۈل بۇ پۇرسەتتە گۈلئايىمنىڭ ناھايىتىمۇ ياۋاش، كۆڭلى نازۇك، نومۇسچان ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالدى. مۇنداقچە دېگەندە نۇرگۈل گۈلئايىمنىڭ تومۇرىنى تۇتۇۋالدى.

بۇ ئىش بولۇپ بىر نەچچە كۈنگىچە گۈلئايىمنىڭ كۆڭلى چۈش يەۋالغاندەك غەش يۈردى. بۇ غەشلىكنىڭ ئۈستىگە يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكىلەر داۋاملىق سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. نۇرگۈلنىڭ دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىشتا خېلى پەيزى بار بولۇپ، بۇنداق سورۇنلاردىن كەم قالمايتتى. بىر كۈنى، جاپپار كەچتە يەنە مېھماندارچىلىق بارلىقىنى ئېيتىدۇدى، سېرىك تارتىۋاتقان گۈلئايىمنىڭ بارغۇسى كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن جاپپار ئۆزى كەتتى. شۇ كۈنى جاپپار يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا غەرق مەست قايتىپ كەلدى. تېخى ئۇنى نۇرگۈل يۆلەشتۈرۈپ ئەكېلىپ قويدى. نۇرگۈل تەپتارتماستىن خۇددى ئۆزى جاپپارنىڭ كۆيۈمچان ئايالىدەك، گۈلئايىم بولسا ياۋاش دېدەكتەك ئۇنىڭغا جاپپارنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشنى تاپىلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. گۈلئايىم كېچىچە كىرپىك قاقماي يىغلاپ چىقتى ھەم ئەتىسى دوستى نىياسەمگە بىر مۇنچە ھال تۆكتى.

بىر كۈنى، گۈلئايىم كەچلىك تاماققا پولۇ ئەتتى. بۇ

كۆنلەردە ئۆيلەردە بىر قازان پولۇ ئېتىش خېلى تەسكە توختايتى. ھامىلدار بولغاندىن باشلاپ گۈلئايىمنىڭ داۋاملىق پولۇ يېگۈسى كېلىپلا تۇراتتى. بولۇپمۇ، بۈگۈن ئۇنىڭ سېزىكى شۇنچىلىك قاتتىق تۇتتىكى پولۇ يېگۈسى كېلىپ تۇرالمايلا قالدى. ئۇ يىغىپ - تۆشەپ قويغان پۇللىرىغا قاسساپتىن بىر جىڭ گۆش ئېلىپ پولۇغا تۇتۇش قىلدى. پولۇ پىشىپ قالغان بولسىمۇ، جاپپار كەلمەيۋاتاتتى. جاپپارنىڭ نەچچە كۈندىن بېرى تۈزۈكرەك تاماق يېمىگىنىنى ئويلىغان گۈلئايىم سېزىكىنى بېسىپ ئولتۇرۇپ بىللە يېيىش ئۈچۈن جاپپارنى ساقلىدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، جاپپار كەلمەيۋاتاتتى. گۈلئايىم ئىشىك ئالدىدا بىر ھازا ساقلاپ تۇرغاندىن كېيىن ئاستا مېڭىپ يېقىنلا يەردىكى يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا كىرىپ كەلدى. جاپپارنىڭ ئىشخانىسىنىڭ چىرىغى يورۇق تۇراتتى. گۈلئايىم ئىشىك يېنىغا كېلىشى بىلەنلا ئىشخانا ئىچىدىن نۇرگۈلنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— بۈگۈن سىز ئېنىق بىر نەرسە دېمىسىڭىز كەتمەيمەن.

— مەن سىزگە ئېنىق گەپنى قىلدىم، تولا كۆزۈمگە كىرىۋالماڭ، مېنى ئاجرىشىشقا مەجبۇرلايدىغان ھەددىڭىز ئەمەس، — دېدى جاپپار.

— ھەددىم ئەمەسمۇ؟ قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ ھۆركىرەيسىزغۇ؟ قورسىقىمدىكى بالىدىن ھەرقانچە قىلىپمۇ تانالمايسىز.

— نېمانداق ئادەمنى تەتۈر قىينايسىز؟ ئۆزىڭىز مېنى ھاراققا زورلاپ مەست قىلىپ ياتقىڭىزغا ئاپىرىپسىز. بولغان ئىشلارغا ئۆزىڭىز سەۋەبچى تۇرۇپ ئەمدى بۇنداق دېسىڭىز قانداق بولىدۇ؟

— تايىنلىق شۇ تومپاي خوتۇندىن ئايرىلالمايمەن دەڭ. قارا قورساق، بىلمىسىز خوتۇن بىلەن قانداقمۇ تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى سۈرگىلى بولىدۇ. قاراڭ جاپپار، ھەر ئىككىمىز ئوقۇغان، خىزمىتىمىز بار، بىر - بىرىمىزگە بەكلا ماس كېلەتتۇق.

— جۆيلۇمەك ، مەن ئايالىمنى ياخشى كۆرىمەن .

— نېمە دەيدىكىن دەپ چىرايلىق گەپ قىلىپ قويسام گېپىڭىز ئەجەب يوغانغۇ ؟ مېنى بەك ياۋاش ، بوزەك چاغلاپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن ، ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە دادامغا تىنىپلا قويسام خىزمىتىڭىزدىن ئايرىلىشلا ئەمەس ، سىزنى تۈرمىگە سو-لىتىۋېتىشمۇ قولۇمدىن كېلىدۇ جۇمۇ !

گۈلئايىمنىڭ ئۇ گەپلەرنىڭ داۋامىنى ئاڭلاشقا جۈرئىتى قالمىدى . ئۇ يۈزىنى ئەتكىنىچە يۈگۈرۈپ مەھەللىدىكى بىر ئېـ-رىق بويىغا كەلگەندە ھالسىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى . گۈلئايىم بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۇ دەرىجىگە بارار دەپ ئويلىمىغا-نىدى . ئۇنىڭ يۈرىكى دەرد - ئەلەم ھەم كۈنداشلىقنىڭ ئوتىدا پۇچىلاندى .

ئۇ ئېرىق بويىدا ئۇزاق يىغلىغاندىن كېيىن ئېرىنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىمەن دېگەن گېپىنى ئەسلەپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ يىغىدىن توختىدى . قورسىقىدىكى ھامىلە بۇگۈن تۈنجى قېتىم بىلىنەرلىك مىدىرلاپ ئۆزىنىڭمۇ بارلىقىنى ئانىسىغا ئەس-لىتىپ قويدى ، گۈلئايىم ئۆيگە يېنىپ كەلدى .

نۇرگۈلدەك يۈزى قېلىن ، داپيۈز قىزنى گۈلئايىملا ئەمەس پۈتۈن قوشدۆڭلۈكلەرمۇ كۆرمىگەنىدى . ئۇ خۇددى شەرەپ ئىش-تەك جاپپارنىڭ مەست بولۇپ قېلىپ ئۆزىگە چېقىلغانلىقىنى ، قورسىقىدا قالغانلىقىنى ئەل - ئاغىنىلىرىگە ھال تۆكۈپ دەپ يۈرۈپ ، بۇ ئىشنى پۈتۈن قوشدۆڭگە يېيىۋەتتى . جاپپار بىلەن گۈلئايىملار باش كۆتۈرەلمەس ھالغا چۈشتى ، نۇرگۈل بارغانسې-رى ھەددىدىن ئاشماقتا ئىدى . يوللاردا گۈلئايىمنى كۆرسە ئادەم بار - يوق دېمەي : «ھەي چاپلاندى ، كۆتۈكگە تەپمىگىچە ئۆيدىن چىقمايدىغان ئوخشىمامسەن !» دېگەندەك سەت گەپلەر بىلەن ھاقا-رەت قىلاتتى . جاپپارغا بولسا : «سولىتىۋېتىمەن ، خىزمىتىڭدىن ھەيدەتكۈزىمەن» دېگەندەك پوپوزىلارنى قىلاتتى . نومۇسچان چوڭ

بولغان گۈلئايىم بۇ ئىزا ـ ئاھانەتكە چىدىمىدى . بۇ ئىشلارنى
زادىلا بىر تەرەپ قىلىپ بولالمىغان جاپپار بىر كۈنى تۇيۇقسىز
گۈلئايىمغا نۇرگۈلنىڭ ئاغزى بېسىققىچە ۋاقىتلىق ئاجرىشىپ
تۇرۇشنى ، كېيىن يەنە بىر ئامال قىلىپ يارىشىۋېلىشنى ئوتتۇرى-
غا قويدى . يەنە بىر تەرەپتىن ، جاپپار بۇ سەتچىلىكلەرنىڭ خىز-
مىتىگە ، ئىستىقبالىغا تەسىر يېتىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى . ئۆز
بەختىنى قوغداشقا ئامالسىز قالغان گۈلئايىم جاپپارنىڭ پاتقاققا
پېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قوشۇلدى ھەم يېزىلىق ھۆكۈمەت-
نىڭ خەلق ئىشلىرى ئىشخانىسىغا كىرىپ جىممىدە ئاجراشتى .
جاپپار ئەسلىدە ئۇنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان يەرنىمۇ تېپىپ قويغان
ھەم داۋاملىق ھالىدىن خەۋەر ئالماقچى بولغان ، لېكىن گۈلئايىم
ئاجراشقان كۈنىلا قوشدۆڭدىن ئۈن ـ تىنسىز يوقاپ كەتتى .
قورسىقى بىلىنەرلىك يوغىنىغان گۈلئايىم ئېغىر قەدەملى-
رىنى سۆرەپ كوچىمۇ كوچا دوقۇرۇپ تاغىسىنىڭ ئۆيىنى ئاران
تاپتى . ئۇ تاغىسىنىڭ ئۆيىدە ئانىسىنىڭ سىڭلىسى ھېلىمەمنى
كۆرۈپ ، ئانىسىنى كۆرگەندەك خۇشال بولۇپ كەتتى . ئانىسىغا
قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان ھېلىمەم ناھايىتى تەقۋادار ، ئۇستا
تىككۈچى ھەم كەشتىچى ئىدى . ئېرى بۇرۇن ئوغلىنى ئېلىپ
ھېلىمەمنى تاشلاپ قويۇپ چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەنىكەن . ئىنقى-
لاب مەزگىلىدە ، ھېلىمەم چەت ئەلگە چېتىشلىقى بار دېيىلىپ
كۆرمىگەن كۈنى ئاز قالغانىدى . ئىنقىلاب تۈگىگەندىن كېيىن
باش ـ پاناھسىز قالغان ھېلىمەم ئاكىسىنى پاناھ تارتىپ بۇ ئۆيگە
كېلىپ ، يەڭگىسىنىڭ قاش ـ قاپىقىغا قاراپ ئاران ـ ئاران
ئۆتۈۋاتاتتى . ئەمدى گۈلئايىمنىڭمۇ قورسىقىنى تومپايتىپ بۇ
ئۆيگە كەلگىنىنى كۆرگەن ئايشەمنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى . ئۇنىڭ-
سىزمۇ ئۇ گۈلئايىمنى ئىنىسىگە سايە قىلىپ بارغاندا دەككىسىنى
يەپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئاچچىقىنى چىقىرالماي ئاران تۇراتتى .
— ئۆتكەندە سىڭلىڭ كەلدى ، بوپتۇ دېدىم ، — دېدى ئايشەم

ئېرىگە، — مانا ئەمدى چوڭ سىڭلىڭنىڭ قىزى قورسىقىنى تومپايتىپ كەلسە، مەن تۆت بالامنى باقىمەنمۇ ياكى سەن قەلەندەرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقىنىنى باقىمەنمۇ؟

— نېمانداق گەپ قىلىسەن، گۈلئايىم ئاران كەلگەندە، ئۇمۇ رەھمەتلىك سىڭلىمنىڭ بالىسى، بېشىغا كۈن چۈشكەندە مېنى ئىزدىمەي نەگە باراتتى؟

— قورساقمۇ تۇزۇك تويمايۋاتقان مۇشۇ كۈندە بىزنىڭ شۇنچە جىق ئادەمنى باققۇچىلىكىمىز بارمۇ؟ قارا قورسىقىغا، تۇغسا ماڭا تۇغۇپ بېرەر ھېلى، ھالىغا يېتىپ ياردەم قىلاي دېسەم، گىدىيىپ قېتىۋالغان. خەق كۆتىگە تەپكەندە يەنە ماڭقىسىنى سوڭقاي تارتىپ مۇشۇ ئۆينى تاپقان.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان گۈلئايىم ئىزا - نومۇستىن تىترەپ كەتتى. ئۆيدىن قانداق چىقىپ كەتكىنىنىمۇ تۇيمىدى. ئۇ كەلگۈسىدىن، بەختلىك تۇرمۇشتىن، ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن، جېنىدىن تويغان، مۇشۇ قۇشقاچتەك جېنىنى پاتۇرالمىغان بۇ جاھاندىن بەسىنگەندى. ئۇ ئۆلۈۋېلىش ئۈچۈن كۆنچى دەرياسى بويىغا كېلىپ، ھەيۋەتلىك ئېقىنغا كۆۋرۈكتىنلا ئۆزىنى ئاتماقچىمۇ بولدى. لېكىن، قورسىقىدىكى تېپىرلاپ جىم تۇرمايۋاتقان كىچىك، ئاجىز بىر ھاياتلىق ئۆزىنىڭ يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىش ئارزۇسىنى ئىپادىلەۋاتقاندەك دەممۇ دەم ئۇنىڭ قورساق - بېقىنلىرىغا تېپىپ ئۇنى ئارىسالدى قىلىپ قويۇۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا، تاغىسى ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كەلدى. ياشنىپ قالغاندا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كەلگەن بۇ ئادەمنىڭ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ، تىلى گەپكە كەلمەيلا قالغانىدى.

— سېنى بىر دەمدىلا يىتتۇرۇپ تاپالماي بەك ئىزدەپ كەتتىم، — دېدى تاغىسى ھاسىراپ، — مۇشۇ يەردىلىكىڭنى كۆڭلۈم تۇيغاندەك كەپتىمەن، ئەخمەقلىق قىلماي كەينىمگە يان.

ھەرقانچە يارامسىز بولسامۇ سىلەرنى ئۇنداق تاشلىۋەتمەيمەن.

تاغىسى ئۇنى يېتىلەپ دەريا بويىدىن ئەكەتتى ھەم بازاردىكى بىر ئاشپۇزۇلغا ئەكىرىپ تاماق بۇيرۇتتى:

— مەنمۇ سېنى ئىزدەپ چىقاي دەپ تۇراتتىم. ئۆتكەندە ئاپاڭ - داداڭ ئىشلىگەن مەكتەپتىن بىر مۇئەللىم ئىزدەپ كەپتىكەن، ئۇلارنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپتۇ، قارىغاندا تۇتۇپ قېلىنغان مائاشى قاتارلىقلارنى قايتۇرىدىغان ئوخشايدۇ. مەن ئايشەمنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ھېچكىمگە تىنمىغان، سېنى تېپىپ ئۆزىڭلا دەي دېگەن. مەكتەپكە بېرىپ باقايلى، بەلكىم ئۇلار ساڭا ياردەم قىلىدۇ.

تاغىسىنىڭ گېپى بىلەن گۈلئايىم ئازراق ئۈمىدلەندى. ئۇنىڭ مەقسىتىمۇ قەيسەرلىك بىلەن ياشاش ئىدىغۇ؟ تاغىسىنىڭ دېگىنىدەك مەكتەپ ئۇلارغا ناھايىتى كۆپ ياردەم قىلدى. ئويلىمىغان يەردىن مەكتەپتە ئانىسىنىڭ بەكمۇ يېقىن ئۆتكەن دوستى تېپىلىپ قالدى ھەم گۈلئايىمنىڭ باشلىرىنى سىلاپ ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى ھەم ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ تۇتۇپ قېلىنغان مائاشى، پەرزەنتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش پۇلى قاتارلىقلارنى ھەل قىلىشقا كۈچ چىقاردى. ئانىسى سۈرگۈن قىلىنغان چاغدا ئۆينىڭ كۆپ قىسىم جابدۇقلىرىنى دوستىنىڭ ئۆيىگە قويۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار كونىرىغان بولسىمۇ، ھېلىمۇ شۇ ئۆيدە باركەن. گۈلئايىمنىڭ بالىلىق خاتىرىلىرىدە چۈشتەك ئېسىدە بار بولغان كارىۋات، ئىشكاپ، گىلەم قاتارلىق نەرسىلەر گۈلئايىمغا ۋاقىتسىز كەتكەن مېھرىبان ئاتا - ئانىسىنى ئەسلىتىپ كۆز يېشى قىلدى. ئانىسىنىڭ دوستى ئۇنىڭغا ئالبومدىن ئانىسى بىلەن ياش چاغلىرىدا ئالىي مەكتەپتە چۈشكەن سۈرەتلىرىنى كۆرسەتتى. گۈلئايىم خۇددى ئۆز ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدى. گۈلئايىمنىڭ قولىغا خېلى كۆپ پۇل تەگدى. تاغىسى بىلەن يول مېڭىپ يۈرۈپ شەھەرگە يېقىن بىر

مەھەللىدىن ئىككى ئېغىز ئۆيى بار چاققانغىنە بىر قوروۇنى ئال-
دى . ئانىسىنىڭ دوستى ئانىسى قالدۇرۇپ كەتكەن جابدۇق-لارنى
ھەم ئۆز كۆڭ-لىنىمۇ قوشۇپ ئۆينى يامان ئەمەس جابدۇشۇپ
بەردى . شۇنداق قىلىپ ، گۈلئايىم شەھەردە ئۆي - ماكانلىق
بولۇپ قالدى . تاغىسىنىڭ ئۆيى-دە قىسىلىپ قالغان ھامىسىنى
ئەكېلىۋالدى .

شۇ يىلى قىشتا ، گۈلئايىمنىڭ تۇنجى مۇھەببىتىنىڭ ،
بەختلىك تۇرمۇشىنىڭ ئابىدىسى بولغان قىزى دۇنياغا كۆز ئاچ-
تى . قىزىنى بېقىش ئۈچۈن ، گۈلئايىم بىر تەرەپتىن ھېلىمەم-
نىڭ تىككۈچىلىك ھۈنىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىدى . قوشدۆڭدىمۇ
تىككۈچىلىك كارخانىسىدا ئۆگەنگەن بولغاچقا ، ھامىسىنىڭ ما-
ھارەتلىرىنى تېزلا ئۆگىنىۋالدى . بۇ ھۈنەر ھەر ھالدا بۇ ئائىلىنى
كىشىلەرنىڭ ئالدىدا سارغايماي كۈن ئۆتكۈزىدىغان شارائىتقا ئىگە
قىلغانىدى . گۈلئايىم تاغىسىغا ئۆزى توغرۇلۇق ھېچكىمگە ھېچ-
نېمە دېمەسلىكنى ئۆتۈندى ھەم ھامىسى ھېلىمەمگە ئوخشاش
جىگەررەڭ تور رومالدىن بىرنى تېپىپ يۈزىنى يېپىۋالدى . ئابدە
مەكتەپ يېشىغا توشقان يىلى ھېلىمەم ئۆزىنىڭ تىكىش ماشىنى-
سىنى ، ئالتۇندەك ھۈنىرىنى گۈلئايىمغا قالدۇرۇپ كېسەل بىلەن
ئالەمدىن ئۆتتى . تاغىسىمۇ ماشىنا ۋەقەسىدە قازا قىلدى . گۈلئا-
يىم بارا - بارا كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ ، ئۇنىڭ ئورنى-
غا شەھەر مەھەللىلىرىنىڭ بىرىدە كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىغان ،
يۈزىنى جىگەررەڭ رومال بىلەن يېپىۋالىدىغان ئايىمخان ئىسىم-
لىك بىر جاپاكەش ئانا پەيدا بولدى . قولۇم - قوشنىلار گۈلدەك
ھۈنىرى بار ، چىرايى پاكىز ، تەقۋادار بۇ ياش چوكاننىڭ نەدىن
پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى بىل-مەي-تتى . ئۇرۇق - تۇغ-قان ،
تونۇش - بىلىشلەرگە سورىتىپ ئەلچى كىرگۈزەتتى . لېكىن ،
ھەممىسى ئايىمخاننىڭ سىلىقلىق بىلەن رەت قىلىشىغا ئۇچرايد-
تى . ئۇ ئاشۇ قېلىن رومال بىلەن كوچىلاردا نەچچە قېتىم

جاپپارنى ھەم ئۇنىڭ يېنىدىكى تېخىمۇ سەمرىپ تىقىلىپ كەتكەن نۇرگۇلنى ، ئۇلار يېتىلىۋالغان بالىسىنى كۆردى ، ھەتتا دوقۇرۇ-شۇپمۇ قالدى . لېكىن ، قېلىن رومال بىلەن ئۇنى ھېچكىم تونۇ-يالمايتتى . ئاشۇ رومال ئىچىدە تۇرۇپ بىر كىملەردىن جاپپارنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن تۇگەپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدى ھەم نەزىرىگە قاتنىشىپ تۇپراق بېشىنى يوقلىدى . نەزىرىدە نەچچە قەدەم نېرىدىن نىياسەمنى ، جاپپارنى كۆردى . قولۇم - قوشنى-لاردىن يىراق ئۇن - تىنسىز ئولتۇرغان بۇ رومالىلىق ئايالنىڭ گۇلئايىم ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمىدى . ئايىمخان شۇنچە جاپا تارتسىمۇ جاپپارنى ئىزدىمىدى . يۈرەك قېنىنى يالغۇز قىزىغا ئاتىدى .

*　　*　　*

ئايىمخان «ئابىدەنى قاتارغا قوشتۇم ، ئەمدى ئارمىنىم يوق» دەپ ئويلىغانىدى . لېكىن ، قىزىنىڭ تۇرمۇش ئىشىدىكى بۇ كۆڭۈلسىزلىك ئانىسىنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇۋەتتى . ئۇ ئۆزى سە-ۋەبلىك قىزىنىڭ پېشانىسىگە «قەلەندەرنىڭ قىزى» دەپ تامغا بېسىلىپ قېلىشىنى پەقەتلا ئويلىمىغانىدى . قىزىنى ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك چوڭ كۆرۈپ ھېچكىمگە تەڭ قىلمايتتى . ئۇ ئۆزى تۇيۇقسىز ئۆلۈپ تارتىپ قالسا قىزىنىڭ باش - پاناھسىز يېتىم بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ، مەيلى تۇرمۇشتا بولسۇن ، مەيلى خىز-مەتتە بولسۇن ئۇنىڭغا يار - يۆلەك بولىدىغان ئادەم بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى . ئەسلىدە گۇلئايىم يۈرەك سىر-لىرىنى ئۆزى بىلەنلا ئەكەتمەكچى بولغانىدى . يېقىندىن بۇيان ئابىدەگە دادىسىنىڭ كىملىكىنى بىلدۈرمەي خاتا قىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ پۇشايمان قىلدى . ئەينى چاغدىكى ئىزا - نومۇس ئايىمخاننىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەچكە ئايىمخان جاپپارغا

مەڭگۈ كۆرۈنمەسلىكنى نىيەت قىلغان . لېكىن ، ئۆزىنىڭ غۇرۇ-
رىنى دەپ قىزىغا ھەم باشقىلارغا دادىسىنىڭ كىملىكىنى دېمىگەن-
نى خاتا بولغانىدى . دېگەن بولسا كىشىلەر ئابدەنى شۇنداق
كەمسىتەلەيتتىمۇ ؟ قايسى كۈنى مېھرايىنىڭ ئەنسەرگە ئەركىلىگەن
ھالىتىنى ئەسلەپ ئايىمخانغا تارىخ تەكرارلىنىۋاتقاندەك ، ئابدەمۇ
ئايىمخاننىڭ كۈنىگە قالىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى . ئۇ ئاباسىنى
دوختۇرخانىغا كىرگەن كۈنىلا تونۇغان ، ئۇ كىرىسىلا كۆزىنى
يۇمۇپ يېتىۋالغانىدى . ئەمدى ئاباسىنى چاقىرىپ سىرنى ئاشكارى-
لاش نىيىتىگە كەلدى .

* * *

ئابدە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئايىمخان كۆزىنى ئاچتى .
ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ ياتقانچە ياخشى بولالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكە-
نىدى . ئۇنى ئەزەلدىن بوزەك ئېتىپ كەلگەن كاج تەقدىر ئۇنىڭغا
قىزىنىڭ بەختىنى كۆرۈش خۇشاللىقىنى ئارتۇق كۆرگەن بولسا
كېرەك ، ئەزرائىل ئۇنىڭ بېشىدا دىۋەيلەپ تۇرغاندەكلا بىلىنەت-
تى . ئۇ قەلبىگە كۆمۈۋەتكەن يۈرەك سىرلىرىنى جىم - جىملا
ئۆزى بىلەن بىللە ئەكەتمەكچىمۇ بولاتتى . تۇرۇپ تۇرمۇش ئاچچى-
لىدا تېگىرقاپ قالغان يالغۇز قىزىنى بۇ دۇنياغا شۇنداقلا تاشلاپ
قويۇپ كېتىشكە يۈرىكى چىدىمايتتى . نەچچە كۈنلەردىن بېرى ئۇ
قارىماققا ھوشسىز ياتقان بولسىمۇ ، كاللىسىدا خىلمۇ خىل زىددى-
يەتلىك پىكىرلەر غەليان كۆتۈرمەكتە ئىدى . قايسى كۈنى مېھ-
راي كەلگەندىن كېيىن ئۇ ھەممىنى چۈشەندى . مېھرايىنىڭ نۇر-
خانغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان چىرايى ، ئاۋازى ، ئەركى-
لەشلىرى ئايىمخاننى يىراقتا قالغان ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان ئۆت-
مۈشكە ئەكەتتى . گەرچە ، ئۇ ئىسمىنى گۈلئايىمدىن ئايىمخانغا
ئۆزگەرتىپ يۈزىگە رومال ئارتىپ ناتونۇش كىشىلەر ئارىسىغا

سىڭىپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئەمما ئۆزىنى قاچۇرغان رىئاللىق ئۇنىڭ ئالدىدا توغرا تامدەك غادىيىپ تۇراتتى .

ئەڭ مۇھىمى ، قىزىنىڭمۇ ئۆزىدەك تەتۈر پىشانە بولۇپ قالماسلىقىنى خۇدايىمدىن تىلەيتتى . ئۇ بۈگۈن قانداقتۇر بىر تۈيغۇنىڭ سېزىمىدا ئۆزىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى قالغاندەك ھېس قىلدى . بىچارە قىزىغا شۇ قەدەر تارتىشتىكى قىزىنىڭ ئۆزىگە تازا موھتاج بولىدىغان چاغدا ئۇنى تاشلاپ كېتىپ قالىدىغانلىقى-دىن ئىچ - ئىچىدىن ئۆكۈندى . ئۇ دېرىزىدىن ئاسمانغا ، قۇياشقا ، دەل - دەرەخلەرنىڭ ئۇچلىرىغا قارىدى ، ھەممە نەرسە ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالىشىۋاتقاندەك ، ئۇلارنى ئەمدى كۆرەلمەيدىغاندەك ھېس قىلىپ ئاجىز يۈرىكى بىرخىل جۇدالىق ھەسرىتىگە تولدى . خۇد-دى يۈرىكى يەنە چىمىدە ئاغرىسا جېنى چىقىپ كېتىدىغاندەك قانداق قىلىش ھەققىدە جىددىي ئويلاندى ھەم سېسترانى چاقىردى :

— قىزىم ، ئېغىر كۆرمەي ئابباس دوختۇرنى چاقىرىپ قويسىڭىز ؟

— ئابباس دوختۇر ئادەتتە كېسەللەرنىڭ يېنىغا كىرمەيدۇ ، گەپ بولسا مەن يەتكۈزۈپ قوياي .

— مېنى چاقىرىدۇ دېسىڭىز چوقۇم كىرىدۇ .

سېسترا ھەيران بولغان ھالدا قاراپ قويۇپ چىقىپ كەتتى . دېگەندەك ئابباس بىردەمدىلا كىردى . سېسترا بەلكىم ئاغرىققا مۇناسىۋەتلىك ئىش بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ چىقىپ كەتمەي تۇراتتى . ئەھۋالىنى پەملىگەن ئاببىاس ئۇنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى .

— مەن سىزنى كەلگەن كۈنۈملا تونۇغانىدىم ئابباس ،— دېدى ئايىمخان تەمكىن ، دەردلىك ئاۋازدا ،— لېكىن سىزنىڭ تونۇپ قالماسلىقىڭىز ئۇچۇن كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇۋالغان . بۇ جاھان بەكمۇ تاركەن ، سىز بىلەن مۇنداق ئۇچرىشىپ قالارىمنى پەقەتلا ئويلىماپتىكەنمەن .

— مەنمۇ سىزنى شۇ كۈنلا تونۇدۇم گۈلئايىم ، چۈشەنمە-
دىم ، سىز نېمىشقا شۇنچە يىللاردىن بېرى ئىز - دېرەكسىز
يوقاپ كەتتىڭىز ؟

— مەن تەقدىر تەرىپىدىن شاللىنۋېتىلگەن بەختسىز ئايال .
مەن يوقىلىپ كەتمىدىم ، مۇشۇ شەھەردە ياشىدىم ، كۆزگە چېلىق-
مايدىغان ، سىلەر بىلەن ئۇچرىشىپمۇ قالمايدىغان يەرلەردە ياشى-
دىم . مەن ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن . ئاشۇ بىچارە قىزىمغا
بەك تارتىنىشۋاتىمەن ، شۇڭا سىزگە ئازراق ئىلتىماسىم بار ئىدى .

— ئۇنداق دېمەڭ گۈلئايىم ، سىز ياخشى بولۇپ كېتىسىز .

— كۆڭلۈمنى ياسىماڭ ، يۈرىكىم تويۇپ تۇرىدۇ . ساناقلىق
ۋاقتىم قالدى ، سىزگە دەيدىغىنىم ، ئابىدە بۇ دۇنيادا تىكەندەك
يالغۇز قالدى . مەن ئاشۇ بىچارە بالامغا تۇرمۇشنىڭ ھېچقانداق
راھىتىنى كۆرسىتەلمىدىم . مەندىن كېيىن قالسا ئۇ تۇرمۇشنىڭ
بوران - چاپقۇنلىرىدا ھىمايىسىز قالمىسۇن ، جاپپارغا دەپ قو-
يۇڭ ، ئابىدەگە يار - يۆلەك بولسۇن ، قىزىمنىڭ ئەمدى بۇ
دۇنيادا ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىمى يوق .

— مەن ئەسلىي بۇ ئىشلارنى جاپپارغا دېمەكچى بولغان .
لېكىن ، كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتتىن ، بولۇپمۇ سىزنىڭ بەر-
داشلىق بېرەلمەسلىكىڭىزدىن ئەنسىرەپ كېسەلى ياخشىلانغاندا
بىر گەپ بولار دېگەنىدىم . شۇنىڭغا ئىشىنىڭ ، جاپپار بىر ئۆمۈر
روھىي ئازاب ئىسكەنجىسىدە ياشاپ كەلدى . ھەر قېتىم ئايرىم
كۆرۈشكەنلىرىمىزدە سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىشىمىز . ئۇ نەچچە
قېتىم ئالدىڭىزدا كەچۈرگىسىز گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئېيت-
قان . سىزنى كۆپ ئىزدىدى ، بىراق دېرىكىڭىزنى ئالالمىدى .
ئەگەر ، ئۇ سىزنىڭ ھاياتلىقىڭىزنى ، ئابىدەدەك قىزىنىڭ بارلىقى-
نى بىلسە ، بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ زور بەختى .

ئۇلار سۆزلىشىپ تۇرغاندا ئىشىك جالاقىدە ئېچىلىپ بىر
ئايال يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كىرىپ كەلدى . ئارقىسىدا ئابىدە بار

ئىدى . ئايال ئايىمخانغا بىر نەچچە تىنىق قاراپ تۇرغاندىن كېيىن :

— بارمۇسەن جېنىم دوستۇم ، توۋا ، كۆرۈشكىلىمۇ بولىدى- كەن - ھە؟ ھايات ئىكەنلىكىڭنى بىلەتتىم . ئابىدەنى تۇنجى كۆرگەندىلا يۈرىكىم شۇرىدە ئېرىپ تۇغقىنىمنى كۆرگەندەك بولۇپ قالغان . يۈرىكىم تۇيۇپتىكەن ، توۋا ، بىر شەھەردە تۇرۇپ يۈز كۆرۈشمىگىنىمىزنى .

ئايىمخانمۇ ئۇنى تونۇپ كۆزىدىن ياشلار قۇيۇلدى . ئىككى دوست يەڭگە بىر - بىرىگە قانماي قارىشاتتى . ئىككىسى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن دىدارلىشىۋاتقاندا ئاببا ئاستا ئىشخانىسىغا يې- نىپ چىقتى ، ئۇنىڭ تەجرىبىلىك كۆزلىرى مەلۇم قىلدىكى ئايىمخان ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى سائەتلىرىنى ئۆتكۈزمەكتە ئىدى . شۇڭا ، ئۇ نېرى - بېرىنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا جاپپارغا تېلېفون ئۇرۇپ ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلدى .

جاپپار ماشىنىلىق كېلىپ ئىشخانىغا كىرگەندە ئاببا ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى ، ئىككىيلەن گەپ - سۆز قىلىشمايلا ياتاققا قاراپ ماڭدى .

ئىشىكنىڭ ئېچىلىشى بىلەن ئايىمخان بىلەن نىياسەم بۇرۇ- لۇپ قارىدى - دە ، جاپپارنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى . جاپپار كارىۋات ئالدىغا كەلدى ، دەرد - ئەلەملىك ياشلانغان كۆزلەر ئۇچراشتى . كۆزلەر سۆزلىمەكتە ، يۈرەك سۆزلىمەكتە ، تومۇرلار ھاياجانلىق سوقماقتا ، جاپپار تۇيۇقسىز كارىۋات بېشىغا تىزلاندى - دە ، يىغلاپ كەتتى :

— گۈلئايىم ، مەن ئاخىر سىزدىن كەچۈرۈم سوراش پۇر- سىتىگە ئېرىشتىم . مېنى كەچۈرۈڭ گۈلئايىم . مەن سىلەرگە ، ئابىدە ئىككىڭلارغا يۈز كېلەلمەيمەن . ئاھ گۈلئايىم ، بۇ ئوڭۇمۇ ، چۈشۈمۇ ، سىز ھايات ، باركەنسىز .

ئايىمخان بۇ ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن تاسادىپىي ئۇچرىشىش-

لارنىڭ ھاياجىنىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى . تىنىقى ئىتتىكلەپ يۈرىكى دەھشەتلىك ئاغرىپ بەدەنلىرى تەۋرەپ كەتتى :
— ... ئابىدە ، مەن سېنى يالغۇز تاشلاپ كېتىدىغان بولدۇم ، مەندىن كېيىن قالساڭ جاپپارنى دادا ئورنىدا كۆرگىن ، ئۇ سېنىڭ ئۆز داداڭ ، قىزىم ، ساڭا ئېغىر كەلسىمۇ دەي . ئەنسەر بىلەن ھەرگىز توي قىلما ، خارلىنىپ قالىسەن . مەن سېنىڭ باشقىلارنىڭ ئالدىدا بويۇن قىسىپ قېلىشىڭنى خالىمايمەن قىزىم ...
ئارقا ـ ئارقىدىن بولغان ھاياجانلىق ئۇچرىشىشقا ئايىمخاننىڭ ئاجىز يۈرىكى بەرداشلىق بېرەلمىدى . ئۇ شۇنداق تۇيۇقسىز جىمىپ قالدى .
تەكشۈرۈش ئەسۋابىدىن كۆز ئۈزمەي تۇرغان ئابباس مەيۈس بېشىنى چايقاپ ئولتۇرۇپ قالدى . ياتاق بىناسىنى ئابىدەنىڭ «ئانا ... ئانا» دەپ چاقىرغان ئەلەملىك يىغا ئاۋازى بىر ئالدى .
ئايىمخاننىڭ ئۆلۈمى بەكمۇ تۇيۇقسىز بولدى . جاپپار ، ئابباسلار مەرھۇمەنىڭ ھەممە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بىر قوللۇق ئورۇنلاشتۇرۇپ تۈگەتتى . ئابىدە بولسا ناتىۋان بېشىغا ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن بەختسىزلىك ، تاسادىپىيلىقلار ئىچىدە گاڭگىراپ ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك شۈكلىشىپ كەتتى . ئۇنىڭ قەيسەرلىك يېنىپ تۇرىدىغان كۆزى ئولتۇرۇشۇپ بىر نۇقتىغا تىكىلىپلا قالىدىغان ، بىرەرى گەپ سورىسىمۇ ئىتتىك ئاڭقىرالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى . ئۆيدە ئۆزى يالغۇز قېلىشنى ئويلايتتى . يالغۇز قالسىلا ئانىسى تۇتقان نەرسىلەرنى تۇتۇپ سىلاپ ، ئانىسىنىڭ قولى تەگكەن گۈل كەشتىلەرگە مەڭزىنى يېقىپ يىغلاپ ئولتۇراتتى . ھال سوراپ كىرگەن تونۇش ـ بىلىش ، يېقىنلارنىڭ نەسىھەت ، كۆڭۈل ئېيتىشلىرىغىمۇ ئۇن ـ تىنىسىز يىغا بىلەن جاۋاب قايتۇراتتى . ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئابىدە ئەنسەرگىمۇ خۇددى ناتونۇش ئادەملەردەك مۇئامىلە قىلىپ يۈردى .

ئابىدەنىڭ ئانىسىنىڭ نەزىرىدە جاپپارنىڭ خۇددى ئۆلۈم ئىگىسىدەك تۆپىدە تۇرۇشىدىن مەنسۇر نىمىنىدۇر سەزگەندەك بولۇپ، ئابىدەگە كۆڭۈل بۆلۈش لازىملىقىنى تونۇپ يەتتى. دەر- ھال پەدىسىنى ئۆزگەرتىپ ئابىدەنى قوشىدۆڭگە ئەۋەتمەيدىغان بولدى ھەم يالغۇزلۇقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئىدارىدىن بىر ياتاق ئاج- رىتىپ بەرمەكچىمۇ بولدى. ئەمما، ئابىدە كەسكىن رەت قىلىپ قوشدۆڭگە بېرىش پىلانىدا چىڭ تۇردى. ئەمدى ئۇنىڭ بۇ شەھەر- دە تارتىشىدىغان ھېچكىمى يوق ئىدى. ئۆزىمۇ بۇ مۇھىتتىن قۇتۇلۇپ يىراقلارغا كېتىشنى خالاپ قالغانىدى.

ئەنسەرنىڭ ئانىسى ئامىنەم يۈزىنى داپتەك قىلىپ ئۇدى ئالاھىدە ئۆزى يوقلاپ كەلدى ھەم كەچۈرۈم سورىدى:

— قىزىم ئابىدە، مېنى كەچۈرۈڭ، ئانىڭىزنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپتىمەن، بۇ ئىش سەۋەبىدىن مەن ئامراق ئوغلۇمدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالدىم. مەن سىزنىڭ مۇنداق ياخشى قىز ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەپتىمەن. بۇندىن كېيىن مېنى ئانا ئورنىدا كۆرۈڭ...

ئابىدە ئامىنەمگە ئاچچىق بىلەن ئۇزاق قاراپ:

— سىلىنى ھەرگىز ئانام ئورنىدا كۆرەلمەيمەن. ئەمدى خاتىرجەم بولسىلا، — دېدى تەنە بىلەن.

ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ مۇئامىلىسىنىڭ بىراقلا ئۆزگىرىپ قېلىشى ئابىدەنى تېخىمۇ ئازابلايتتى. ئۇ ئەسلىدىن شۇنداق ئىز- زەت - ھۆرمەتكە ئانىسى بار ۋاقتىدا ئېرىشىشى، ئاشۇ ھۆرمەتتىن ئانىسىمۇ بەھىرىمەن بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق، بۇ ئىززەت - ھۆرمەت ئۇنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان دادىسى جاپپارنىڭ يۈزىدىن بولۇۋاتاتتى. جاپپار ئىسىگە كەلسىلا ئابىدە- نىڭ قۇيقا چېچى تىك بولاتتى.

ئۇنىڭ دادا مېھرىگە نەقەدەر تەشنا ۋاقىتلىرى بولغانىدى - ھە؟ قەدىمى چىقىپ ئەقلىنى بىلگەندىن باشلاپ دادىسى بار

تەكتۇشلىرىگە قانچىلىك ھەۋەس قىلمىغان ، ئاتا ـ ئانىلار يىغىنى
ئېچىلغاندا ئانىسى داۋاملىق ئاغرىپ قېلىپ كېلەلمەيتتى . ئۇنىڭ
سىنىپ بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئەلا نومۇرلىرىغا
قاراپ سۆيۈنىدىغان ، ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويىدىغان ئادىمى
يوق بولۇپ قالاتتى . ئۆيگە سۇ تورۇبىسى ئورنىتىلمىغان شۇ
يىللاردا جاپاكەش ئانىسى يىراق ـ يىراقلاردىن ئەپكەش كۆتۈرۈپ
سۇ ئەكېلەتتى . يوغان ـ يوغان ئوتۇنلارنى ياراتتى . لاي ئېتىپ
ئۆينىڭ ئوچاق ـ كاڭلىرىنى ئوڭشايتتى ، كۆمۈر توشۇيتتى ،
ئىشقىلىپ ئۆينىڭ ئەر كىشى ، ئايال كىشى قىلىدىغان ئىشلارنىڭ
ھەممىسىنى ئاشۇ ئانىسى قىلاتتى . ئوقۇشقا ماڭغان چاغلىرىدا
ساۋاقداشلىرىنى ماشىنا بىلەن ئۆزىتىپ چىققان سالاپەتلىك دادى-
لارنى كۆرگەندە ، ئۆيدە ئورۇن تۇتۇپ ياتقان ناتىۋان ئانىسى كۆز
ئالدىغا كېلىپ يىغلاپ تاشلايتتى . شۇ چاغلاردا ئۇ دادىسى بولۇ-
شىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلغانىدى ـ ھە ؟ مانا ئەمدى پۇتۇنسۇرۇك
بىر ئادەم بولۇپ يېتىلگەندە توساتتىنلا ئۇنىڭ دادىسى پەيدا بولۇپ
قالدى . تېخى ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس ، بىر ئوتتۇرا خەلق سوت
مەھكىمە باشلىقى ئۇنىڭ دادىسىكەن . ئۇ بۇ رېئاللىقنى قانداقمۇ
قوبۇل قىلالىسۇن ؟

تۇپراق بېشى ، يېڭىلا قاتۇرۇلغان قەبرە ئالدىدا باشتىن ـ
ئاياغ ئاپئاق كىيىم كىيگەن ئابىدە يالغۇز تۇراتتى . تۇيۇقسىز ئۇ
ئارقىدىن چىققان شەپىنى ئاڭلاپ بۇرۇلۇپ جاپپارنى كۆردى .

— قىزىم ، نۇرغۇن ئىشلار سىزگە نامەلۇم ، بۇنداق تاسادى-
پىيلىق سىزگىمۇ ئېغىر كېلىدۇ ، مەن نۇرغۇن يىللارنى سىلەر-
نى ئۇنىسىز سېغىنىش ، يادلاش بىلەن ئۆتكۈزدۇم . خۇدايىم گۈلئا-
يىمنى ئارىمىزدىن ئەكەتتى . سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ھېلىھەم بولسى-
مۇ دادىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلسام دەيمەن .

— ئانام ئۆلۈپ كەتتى . ماڭا نىسبەتەن ئاناممۇ ، داداممۇ
پەقەت شۇ ئانام . مەن دادا دېگەن ئۇقۇمنى كاللامغا سىڭدۈرەلمەيمەن ،

قوبۇلمۇ قىلالمايمەن . شۇنچە يىللاردىن بېرى سىز نەدە ئىدىڭىز ؟ ئانامنىڭ مېنى قاتارغا قوشۇش ئۈچۈن تارتىپ كەتكەن جاپالىرىنى سىز قىياسمۇ قىلالمايسىز . ئانامنى شۇ قەدەر ئازابقا ئىتتىرد- ۋەتكۈدەك ئالدىڭىزدا نېمە چوڭ گۇناھ قىلغان بولغىيتتى ؟ ئۆتكەن ئىشلار مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز ، مېنىڭ بىلىدىغىنىم ئانام ھەم ئانا ، ھەم دادا بولۇپ مېنى بېقىپ قاتارغا قوشتى . بىر ئۆمۈر ئازاب - ئوقۇبەت ، دەرد - ئەلەم تارتىپ ، تۇرمۇشنىڭ زەررىچە خۇشاللىقىنىمۇ كۆرمىدى . بۇلاردا سىزنىڭمۇ چوڭ مەس- ئۇلىيىتىڭىز بار دەپ قارايمەن . بۇنداق ئەھۋالدا ، مەن قانداقمۇ سىزنى چىن كۆڭلۈمدىن چىقىرىپ دادا دېيەلەيمەن . بولدى ، مېنىڭ نەزىرىمدە سىز پەقەتلا ساۋاقدىشىم مېھراينىڭ دادىسى ، خىزمەتتە بىزنىڭ رەھبىرىمىز خالاس . بولدى ، بۇ ئىشلارنى كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ ، مەندەك بىر قىزىڭىز بارلىقىنى ئۆزىڭىزگە روھىي يۈك قىلىۋالماڭ .

ئابىدە گېپىنى تۈگىتىپ جاپپارنىڭ گېپىنىمۇ كۈتمەستىن مېڭىپ كەتتى .

ئابىدە شۇ قېتىملىق سۆھبەتتىن كېيىن ، جاپپار بىلەنمۇ ، ئەنسەر بىلەنمۇ كۆرۈشمىدى . ئانىسىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى نارازى- لىقى ھەم ئامىنەمنىڭ ئازازۇللۇقىنىڭ ئانىسىنىڭ يۈرەك ئاغرى- قىغا سەۋەب بولۇپ قېلىشى ئەنسەر بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرى- سىغا ھاڭ پەيدا قىلىپ قويغانىدى .

# ئون ئىككىنچى باب

# يىتۈپ كەتكەن ھۆججەت

ئۆلۈمنىڭ ئالدى ـ كەيىننى ئۆزىتىپ خىزمەتكە چۈشكەن ئابىدەنى يېڭى بىر كۆڭۈلسىزلىك كۈتۈۋالدى. تۈنىياز پوچېركا باھالىتىمىز دەپ چىڭ تۇرۇۋالغان ھېلىقى دېلودىكى ئىككى يۈز مىڭ يۈەنلىك قەرز ھۆججىتىنى ئابىدە شۈنچە ئاختۇرۇپمۇ ھېچ-يەردىن تاپالمىدى، دېلونى كاتىپقا تاشلاپ بەرگەن ھۆرىيەتمۇ جىددىيلىشىپ ئابىدەگە تاپا ـ تەنە ياغدۇرۇۋەتتى. ئابىدە پۈتۈن تارتمىلىرىنى، ئۆيدىكى ماتېرىياللارنى ئالا قويماي ئاختۇرغان بولسىمۇ، ھېلىقى قەرز ھۆججىتى ئاسماندا، يەردە يوق بولۇپ چىقتى. ھۆججەتنى مېھراي ئاچقۇچنى ئېلىپ كەلگەن كۈنى گۇ-زەلنۇرنىڭ ئېلىۋالغانلىقى ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرمەيتتى ھەم ئاق كۆڭۈل ئابىدە بىر كىمنى ئۆزىگە يامانلىق قىلار دەپ قىلچە گۇمانلانمايتتى.

ئىككى يۈز مىڭ يۈەنلىك ھۆججەت ئاخىر ئابىدەنىڭ قولىدا يىتكەن بولدى. بۇنىڭدىن مەھكىمە باشلىقىمۇ خەۋەر تېپىپ ھۆ-رىيەت بىلەن ئىككىسىنى چاقىرتىپ كىرىپ خېلىلا قاتتىق تەنقىد قىلدى ھەم ئابىدەگە ھۆججەتنى دەرھال تېپىشنى، ئەگەر تېپىل-مىسا دەلىل ـ ئىسپاتلارنى يوقىتىۋېتىش جاۋابكارلىقىنى ئۈستى-گە ئالىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. بۇ گەپ پۈتۈن ئىدارىگە يېيىلدى.

تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ كېلىشمەسلىكتىن ئابىدە نېمە قىلارىنى بىلەلمىدى. مېھراي گەرچە ھەممە ئىشتىن خەۋىرى بولسىمۇ،

لېكىن ئىشنى بۇنداق يوغىناپ كېتەر دەپ ئويلىمىغانىدى . ئەمدى بولغاندا ماۋۇ ئىش مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا چىقسا ، گۇزەلنۇر ئۆزىگە دۆڭگەپ قويىسمۇ قوياتتى . شۇڭا ، ئۇمۇ گەپ قىلالماي جىم بولدى . بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭمۇ دەردى ئۆزىگە يېتىپ ئاشاتتى . ئۇ نىياسەمدىن ھەممىنى بىلدى . ئابىدەنىڭ ئۆزىنىڭ ھەدىسى بولۇپ قېلىشى ئۇمۇ قوبۇل قىلالمايدىغان رېئاللىق ئىدى . ئۇ كىچىكىدە باشقىلاردىن دادىسىنىڭ ئىلگىرى ئايالى بارلىقىنى ھەم ئاپىسى توغرۇلۇقمۇ بولۇنغان پاراڭلارنى ئاڭلىغان بولسىمۇ ، ئازچە ئېرەڭشىمىگەنىدى . ئابىدەنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن دادىسىنىڭ ئەزەلدىن ئىلمان مىجەزى تېخىمۇ سوغۇقلىشىپ كەتتى . ئانىسىمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭ بىلەن ئانچە كارى بولمايدىغان ، ئۆزىنىڭ غېمى بىلەنلا يۈرۈيدىغان بولۇپ قالغان بولغاچقا ، مېھراي يېتىمسىراپ قالدى . ئەنسەرنىڭ ئۇنىڭغا پەرۋاسىز ، ھەتتا كېيىنكى كۈنلەردە سوغۇق مۇئامىلىدە بولۇشى ، خىزمەتتە ئىقتىدارسىزلىقىدىن دائىم سوتچىلارنىڭ تاپا ـ تەنىسىگە قېلىشى ئۇنى مەھكىمىدىن بەسىندۇرۇۋەتتى . ئۇ نېمىلا ئىش قىلاي دېسە ئابىدە خۇددى ئىككى قولىنى كېرىپ ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى . ئەنسەرنى ياخشى كۆرۈۋېدى ، ئابىدە تارتىۋالدى . ئابىدە سەۋەبلىك ئۇ ئىدارىدە دۆت ، ئىقتىدارسىز سانالدى . ئەمدى ئاشۇ ئابىدە ئۆزى «باشلىق دادام» دەپ پەخىرلىنىدىغان دادىسىنىڭ قىزى بولۇپ چىقىپ ، ئۇنىڭ دادىسىنىمۇ تارتىۋالماقچى . ئۆزىنىڭ ھەممە ئىشىدىن قۇسۇر تېپىپ تۇرىدىغان دادىسىنىڭ ئابىدەدەك قىزى بارلىقىنى بىلسە بېشى ئاسمانغا تاقىشىدىغانلىقىنى مېھراي بىلەتتى . نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ دادىسىنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى ، ھۆرمەت قىلاتتى ، پەخىرلىنەتتى . ئەمدىلىكتە دادىسىنىڭ ئۆزى بىلەن دېمەتلىك يەنە بىر قىزىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى ئۇ قوبۇل قىلالمايتتى . مېھراي نەچچە قېتىم ھۇجرىسىغا سولىنىپ ئۇزاق يىغلىدى .

دېلودىكى مۇھىم دەلىل ـ ئىسپات يىتكەندىن كېيىن ، ئابدە-
دەنىڭ قولى ھېچ ئىشقا بارمىدى . ئىككى يۈز مىڭ يۈەنلىك
ھۆججەت يوق بولسا ، قايسى پاكىتقا ئاساسەن ھۆكۈمنى بېكىتكىلى
بولىدۇ ؟ بېكىتىلمىسە ، شۇ ھۆججەتنىڭ بارلىقىنى ھۆرىيەت
خانىم ئىككىسى ئېنىق بىلىدىغان تۇرسا ، ھەمدۇللاغا نېمىدەپ
جاۋاب بېرىشى كېرەك ؟

ھۆكۈم ۋاقتىدا چىقماي ھەمدۇللا كۈندە كېلىپ غوۋغا كۆتۈ-
رۈپ ئىشنى تېخىمۇ يوغىنىتىۋەتتى . باشقىلاردىن ئابدەنىڭ ئىس-
پاتنى يوقىتىۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ، نەچچە قېتىم ئابدەنىڭ ئال-
دىنى توسۇپ ئۆكتەملىك قىلدى . ئۇنىڭ قوپال تاپا ـ تەنىلىرى
ئالدىدا ئابدە تەمكىنلىك بىلەن :

— ھەمدۇللا ئاكا ، تۇنىياز پۇل ئالغىنىدىن تېنىۋالغان
بىلەن مەن ھەم سوتچى ھۆججەتنى ئېنىق كۆرگەن ، ھۆججەتنى
يىتتۈرگەنلىك سەۋەنلىكى مانا مەندە ، ئەگەر ھۆججەتنى تاپالمىسام
ئىككى يۈز مىڭ يۈەننى مانا مەن ئۈستۈمگە ئېلىپ
تۆلەيمەن ! — دېگەندىن كېيىن ھەمدۇللا ئاندىن ئابدەگە قوپال
گەپ قىلمايدىغان بولدى .

ئابدە جۇدەپلا كەتتى . ئۆيگە كەلسە ئۆيدىكى غېرىب ـ
مىسكىنلىك ، ئىدارىگە كەلسە بۇ كېلىشمەسلىك ، يۈرىكىنى تىلىپ
ۋاتقان مۇھەببەت ئازابى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزۈ-
ۋەتكەنىدى . ئۇ ئاخىر «شورپېشانە» دېگەن گەپكە ئىشىنىپمۇ
قالدى . ئۇ بۇرۇن ھەر ئادەمنىڭ تەقدىرى ئۆزىنىڭ قولىدا ،
تەقدىرىنى كىشىلەر ئۆزى قولى بىلەن يارىتىدۇ ، دەپ ئويلايتتى .
ئۇنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى
ئازمۇ ؟ مەكتەپتىكى ئارزۇ ـ ئۈمىد ، غايىلىرىنىڭ قايسىسى ئە-
مەلگە ئاشتى ؟ ئانىسىنىڭ تىرىشچانلىقىچۇ ؟ ئۇنى بۇ قاتارلىق
ئادەم قىلغۇچە قانچىلىك جەبىر ـ جاپا تارتتى ؟ ئانا ـ بالا ھەر
ئىككىسىنىڭ شۇنچە تىرىشىپ ئېرىشكىنى يەنىلا دەرد ـ ئەلەم ،

ئۆچرايدىغىنى كېلىشمەسلىك ، قارىغاندا بىتەلەيچىلىك ئۆندىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلۈپلا كەتكەن بولسا كېرەك . لېكىن ، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ياشاش كېرەك ؟

ئابىدە ئۆگىنىش ، غايە دېگەنلەرنى چۆرۈپلا تاشلاپ باشقا قىزلارغا ئوخشاش غەمسىز ، خۇشال - خۇرام يۈرۈپ باققۇسى كەلدى . «ئاشۇ قىزلار ئايلاپ بىرەر بەت كىتاب كۆرمەيمۇ ، ئۆگەنمەيمۇ يەنە ماڭا ئوخشاش ئىشلەپ يۈرۈيدىكەنغۇ ، تېخى ئۇلارغا ھېچقانداق گەپ كەلمەيدىكەن ، شۇنداق ياشىسىمۇ بولىدىكەن »

ئابىدە يالغۇز چوڭ سوتخانىنىڭ دېرىزىسى ئالدىدا تۇرۇپ ، سىرتقا نەزەر تاشلىغاچ كۆڭۈلسىز خىياللارنى قىلىپ تۇراتتى ، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ يانفونى سايراپ خىيالىنى بۆلدى . تېلېفوننى دېجورنىلىق ئىشخانىسىدىكى خىزمەتدىشى قىلغانىدى :

— ۋەي ، ئابىدەمۇ ؟ ئۈرۈمچىدىن بىرى سىزنى ئىزدەپ كەپتۇ .

— ھە ، ئۈرۈمچىدىن ؟ كىمكەن ؟

— سىلەرنىڭ مۇئەللىمىڭلاركەن ، سەمى مۇئەللىم دەيدۇ .

— نېمە ، سەمى مۇئەللىم ؟ راست سەمى مۇئەللىم كەپتۇمۇ ؟

ئابىدەنىڭ ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىپ يۈرىكى ھاياجانلىق دۇ-پۇلدىدى . سەمى مۇئەللىم ، قايناق ، جۇشقۇن ئالىي مەكتەپ ھاياتى ، قىزغىن دوستانە ساۋاقداشلىرى ھەممىسى بىراقلا كۆز ئالدىغا كېلىپ كۆز ياشلىرى تاراملاپ ئاقتى . ئاھ ، نەقەدەر غەمسىز ، ياخشى ۋاقىتلار ئىدى - ھە ؟

ئابىدە يۈگۈرۈپ دېگۈدەك پەلەمپەيدىن ئالدىراپ چۈشۈپ دېجورنىخانىغا كىرگەندە ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كەتكەنىدى . ئۇ ھاياجاندىن چاقنىغان كۆزلىرى بىلەن سەمى مۇئەللىمنى ئىزدىدى .

— ياخشىمۇسىز ئابىدە...

چەتتىكى ياغاچ ساپادا ئولتۇرغان سەمى مۇئەللىم ئورنىدىن تۇردى .

— مۇئەللىم ، ياخشىمۇ سىز ،— دېدى ئابىدە ۋۇجۇدىدا ئۇزۇندىن بېرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ھاياجان ھەم شادلىق تۇيغۇسىدا . ئوقۇتقۇچىسىدىن قىزغىن ئەھۋال سورىدى . بىردىنلا ئۆزىنى ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى ۋاقتىدىكىدەك تېتىك ، روھلۇق سەزدى .

سەمى مۇئەللىم بۇرۇنقىدەكلا چاچلىرىنى رەتلىك تارىغان ، تېگى كۆل رەڭ سۇس ئاق يوللۇق كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن بولۇپ ، ئايىغىمۇ ھازىر ئالغاندەك پارقىراپ تۇراتتى . سەمى مۇئاللىم بۇرۇندىن يۇرۇش - تۇرۇشقا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى . ئاق سېرىق چىرايى ، سەل كۆكۈچكە مايىل كۆزلىرى ئۇستىدىكى گىرادۇسلۇق كۆزەينىكى ، سارغۇچ ، دولقۇنسىمان بۇدۇر چاچلىرى ھەم كېلىشكەن قامىتى بىلەن ھەرقانداق سورۇندا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتاتتى .

سەمى مۇئەللىممۇ مۇلايىملىق ، مېھرىبانلىق چىقىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى بىلەن ئابىدەنىڭ ئورۇقلاپ ، جۇدەپ كەتكەن سولغۇن يۈزىگە ، ئۈچىسىدىكى قارلىق كىيىملەر ھەم بېشىغا چىگىۋالغان قارا ياغلىقىقا ھېسداشلىق نەزىرىدە ئۇزاق تىكىلدى .

— كورلىغا قاچان كېلىشتىڭىز ؟ — دەپ سورىدى ئابىدە .

— ئەتىگەندە پويىزدىن چۈشتۈم ، ياتاققا جايلىشىپلا سىزنى سۈرۈشتۈرۈپ ئاران تاپتىم . ئابىدە ، ئوقۇش پۈتتۈرۈپلا يوقاپلا كەتتىڭىز ، تېلېفون قىلىپ قالارمۇ دەپ شۇنداق قارىدىم . سىزنىڭ نەگە خىزمەتكە بۆلۈنگەنلىكىڭىزنى بىلمىگەچكە ئالاقىلاشالماقمۇ تەسكە چۈشتى .

— خىزمەت ئىشى بىلەن كەلدىڭىزمۇ ؟

— بۇ يىل پراكتىكا قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ پراكتىكا

ئەھۋالىنى تەكشۈرگىلى ماڭغان، يولدىن ئۆتكەچ سىز بىلەن كۆرۈشۈپ ئاندىن ماڭاي دەپ كېلىشىم.

ئابىدە «ۋىللىدە» قىزاردى. سەمى مۇئەللىمنىڭ نىمىشقا ئالايىتەن ئىزدەپ كېلىپ كۆرۈشىدىغانلىقى كۆڭلىگە ئايان ئىدى. نىمىلا مەقسەتتە كەلمىسۇن سەمى مۇئەللىمنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشى ئابىدەنىڭ تۆپىلەپ كەلگەن دەرد - ئەلەمدىن پۇچىلانغان ناتىۋان يۈرىكىگە ئازراق بولسىمۇ خۇشاللىق ئەكەلدى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىگە كۆيۈنىدىغان ھەم ھالىغا يېتىدىغان بىر ئادەمگە نەقەدەر موھتاج - ھە! سەمى مۇئەللىم ئۇنى بىر ئوقۇغۇچىسى ياكى سىڭلىسى قاتارىدا كۆرگەن بولسا خويمۇ ياخشى بولاتتى. لېكىن، سەمى مۇئەللىمنىڭ كۆزلىرىگە مېھرىبانلىق، كۆيۈمچان-لىقتىن باشقا ئۇچقۇنلارمۇ ئارىلاشقانىدى. بۇ ھال ئابىدەنى خاتىرجەمسىزلەندۈرۈپ تۇراتتى.

— چۈش بولۇپ قاپتۇ، مۇئەللىم، يۈرۈڭ، بىرەر جايىنى تېپىپ پاراڭلىشايلى، — دېدى ئابىدە.

ئابىدە مۇئەللىمنى ئۆيىگە باشلىغۇسى كەلمەي، بىرەر يەرگە ئاپىرىپ مېھمان قىلماقچى بولدى. سەمى مۇئەللىممۇ ئابىدەنىڭ شۇنداق دېيىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، ساپاغا قويۇپ قويغان كىر-چىك قول سومكىسىنى ئېلىپ، ئىككىيلەن دىجورنىخانىدىن چىق-تى. ئۇلار ئىدارە ئىشىكىدىن چىقىشىغا كەينىدىن بىرىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— سەمى! ھەي سەمى!

ئۇلار بۇرۇلۇپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئەنسەرنى كۆردى. سەمى مۇئەللىمنىڭ كەلگەنلىكىدىن ھېلىلا خەۋەر تاپقان ئەنسەر قولىدىكى دېلو ئارخىپىنىمۇ قويماستىن سەمى مۇئەللىمنىڭ كەي-نىدىن يۈگۈرۈپ چىققانىدى. ئىككىسى ساۋاقداش بولۇپ، سەمى مۇئەللىم ئوقۇش پۈتتۈرۈپلا مەكتەپتە قالغان ھەم ئابىدەلەر پۈت-تۈرىدىغان يىلى ئۇلارغا دەرس بەرگەنىدى. سەمى مۇئەللىم بىلەن

ئەنسەر قۇچاقلىشىپ قىزغىن كۆرۈشتى .

ئاڭغىچە مىھرايمۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ سەمى مۇئەللىم بىلەن كۆرۈشتى . بۇنداق ئۇچرىشىش تولىمۇ خۇشاللىنارلىق ھەم ھاياجانلىق بولاتتى . ئەنسەر كېلىپ ئابىدە بىر قىسمىلا بولۇپ قالغان بولسىمۇ ، لېكىن سەمى مۇئەللىمنىڭ ئالدىدا چاندۇرمىدى . مىھراي بىلەنمۇ پاراڭلاشمىغىلى ئۇزۇن بولغانىدى . سەۋەبى ھەر ئىككىسىلەنگە ئايان ، ئىككىسى ھەل قىلىش تەس بولغان زىددىيەتلىك مۇناسىۋەت تورىغا ئىلىنىپ قالغان بولۇپ ، بۇندىن كېيىن قانداق ئۆتۈش ھەققىدە بىر نەرسە دېيەلمەيتتى .

سەمى بىلەن ئەنسەر مەكتەپتىكى ۋاقتىدىلا بەك يېقىن ئاغىنىمۇ ئەمەس ئىدى ، شۇڭا خىزمەتكە چىقىپلا ئۆز غېمى بىلەن بولۇپ بىر - بىرى بىلەن ئالاقىمۇ قىلىشمىدى . ئەنسەر ئۇنىڭ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالغىنىنىلا بىلەتتى . قالغان ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىدى . شۇڭا ، ئۇ يۇرتىغا قەدەم تەشرىپ قىلغان بەش يىللىق ساۋاقدىشىنى ئوبدان كۈتۈۋالماقچى بولدى . ئۇلار ئەھۋاللىشىۋاتقاندا ئابىدە ئىختىيارسىز ئىككىسىنى سىلىشتۇرۇپ قالدى . سەمى مۇئەللىم ئەنسەرگە قارىغاندا ئورۇق ، ئازراق پاكار ، سىلىق - سىپايە ، توزۇتلۇك ئىدى . ئەنسەر بولسا قاۋۇل ، ھەرىكەتلىرىمۇ تەنھەرىكەتچىلەردەك ئەركىن ، ئازادە ئىدى .

ئەنسەر بىر تاكسىنى توسۇپ ئالدىغا سەمى مۇئەللىمنى چىقاردى ، ئارقا ئورۇندۇقتا ئۇچەيلەن ئولتۇرۇشقا توغرا كەلدى . ئەنسەر ئابىدە بىلەن مىھراينى ماشىنىغا چىقارغاندىن كېيىن ئايلىنىپ كېلىپ ئابىدە ئولتۇرغان تەرەپتىكى ئىشىكنى ئېچىپ ئابىدەنىڭ يېنىغا جايلاشتى . قارىماققا ئۇلار تاسادىپىي ئۇچرىشىشنىڭ خۇشاللىقىدا ناھايىتى قىزغىن ماڭغاندەك كۆرۈنسىمۇ ، لېكىن ھەممىسى ئازابىنى ئىچىگە يۇتۇپ چاندۇرمىغانىدى . ئۇلار بىردەمدىلا ئاۋات مەركىزىي كوچىغا جايلاشقان «بەرىكەت» تېز تاماقخانىسىغا كېلىپ كىچىك بىر ئايرىمخانىغا جايلاشتى . ئەنسەر

بىر مۇنچە قورۇما ، تاماق ، كاۋاپلارنى كەلتۈردى . پاراڭ ئاسا-سەن مەكتەپ هاياتى ، بۆلۈنگەن خىزمەت ئۈستىدە بولدى . سەمى مۇئەللىم گەپنى تولىراق ئابىدە ئۈستىگە يۆتكەيتتى . ئۇ ئابىدە-نىڭ ئانىسىنىڭ تۇگەپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئابىدەگە قايغۇرغان-لىقىنى بىلدۈردى ھەم ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى ئىنچىكىلەپ سۈرۈش-تۈردى . ئابىدە ئۇنىڭ سوئاللىرىغا ئۇدۇللۇق جاۋاب بېرىپ غەم-كىن ئولتۇراتتى . سەمى مۇئەللىم ئۇنىڭدىكى سۇلغۇنلۇقنى «ئۆلۈملۈك بولغاندىكىن» دەپ چۈشەندى . ئۇلار پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ بىردەمدە خىزمەت ۋاقتى توشۇپ ئەنسەر بىلەن مېهراي ئالدىراپ قالدى . لېكىن ، ئابىدەنىڭ ئىدارىگە بېرىش خىيالى يوقتەك ئويچان ئولتۇراتتى . ئابىدە مېهرايغا قاراپ :

— ئەتىگەن مەھكىمە باشلىقى مېنى «ئەتىدىن باشلاپ قوش-دۆڭ يېزىسىغا بېرىڭ» دەپ ئۇقتۇردى . شۇڭا ، ئىدارىگە بارمى-ساممۇ بولىدۇ . سىلەر مېڭىۋېرىڭلار . مېنىڭ سەمى مۇئەللىمگە دەيدىغان گەپلىرىم بار ، — دېدى .

— نېمە ؟ قوشدۆڭگە بارىدىغان بولدىڭىزمۇ ؟ مەنسۇركام ئابىدەنى ئەۋەتمەيلى دېگەنتىغۇ ؟ — دېدى ئەنسەر .

— ئۆزۈم تەلەپ قىلدىم . بۇرۇن ئانام كېسەل بولغاچقا بارمايمەن دەپ تارتىشقان ، مانا ئەمدى ئاناممۇ تۈگەپ كەتتى . مېنىڭ بۇ يەردە تارتىشىدىغان ھېچكىمىم ، ھەتتا يېتىپ - قوپى-دىغان ئۆيۈممۇ يوق . ئۆزۈممۇ قوشدۆڭگە بېرىشنى خالاپ قالدىم .

ئابىدەنىڭ كۆزى نەملەشتى . كۆز جىيەكلىرىدە سۈزۈك ياش تامچىلىرى پارقىراپ قالدى . ئەنسەرنىڭ ئىچى سىيرىلىپ بىر هازا قاراپ تۇرۇپ قالدى ، ئابىدە سەمى مۇئەللىمنىڭ ئالدىدا ئوڭايسىزلىنىپ ئەھۋالنى تېزلا ئوڭشىدى :

— سىلەر ئىشقا كېچىكىپ قالماڭلار ، مېڭىۋېرىڭلار . سەمى مۇئەللىم بۇ يەردە بىر نەچچە كۈن تۇرماقچى ، يەنە كۆرۈشىمىز .

ئەنسەر بىلەن سەمى يانفونلىرىنى چىقىرىشىپ ئۆزئارا نومۇر كىرگۈزۈشتى ھەم كەچتە كۆرۈشىدىغانغا دېيىشىپ خوشلاشتى . ئەنسەرنىڭ چىرايى سەل تۇتۇلۇپ قالدى .

— ئابىدە ، بايا تۇزۇك گەپلىشەلمىدۇق . قارىسام بەكلا تۇگىشىپ كېتىپسىز ، نېمە بولدىڭىز ؟

بۇ گەپ بىلەن تەڭ ئابىدە قىسىپ كەلگەن يىغىسىنى ئەركىن قويۇۋەتتى . ئۇ يۇمىلاق ئۇستەلگە بېشىنى قويۇپ تىلىدىقىپ يىغلايتتى . سەمى ئورۇندۇقتىن يۆتكىلىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ھەم مېھرىبانلىق بىلەن ئابىدەنىڭ مۈرىسىنى تۇتتى :

— ئابىدە ، يىغلىماڭ ، قارىغاندا بېشىڭىزغا ئېغىر كۈنلەر كەپتۇ . لېكىن ، سىز شۇنداق چىداملىق ، غەيرەتلىك قىزغۇ ؟ بۇنداق يىغلاۋەرسىڭىز ئۆزىڭىزنى تۇگەشتۈرۈۋالىسىز . بولدى ، يىغلىماڭ !

ئابىدەنىڭ سولغۇن ھالىغا قاراپ سەمىنىڭ كۆڭلى غەش بولدى . مەكتەپتە قانداق جانلىق ، تېتىك قىز ئىدى ــ ھە ؟ بۇنداق تىرىشچان ، ئەقىللىق قىزنى سەمىلا ئەمەس پىشقەدەم ئوقۇتقۇچىلارمۇ «كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان ئىقتىدارلىق ئوقۇغۇچى» دەپ تەرىپلىشەتتى .

ئابىدە بىردەم يىغلىۋالغاندىن كېيىن ، ئازراق پەسكويغا چۈشتى . ئۇ سەمىگە ناھايىتى ھەسرەت بىلەن :

— شۇنداق مۇئەللىم ، مەن غەيرەتلىك ، چىداملىق قىز ئىدىم . لېكىن ، رەھىمسىز تەقدىر غەيرىتىمنى سۇندۇردى . مېنى مۇشۇنداق كۆزىدىن ياش قۇرۇمايدىغان دەردمەن قىلىپ قويدى . مەندە ھازىر بۇ ئادالەتسىز تەقدىر بىلەن ئېلىشقۇدەك كۈچ مادارمۇ قالمىدى ، — دېدى .

— ئۇنداق ئەمەس ئابىدە ، — دېدى سەمى مۇئەللىم ئۇنىڭ ئازابىنى مۇسىبەت دەپلا چۈشىنىپ ، — سىز ھازىر قانات ئاستىغا موھتاج يۇمران چۈجە ئەمەس ، قانات قېقىپ ئۇچىدىغان

ۋاقتىڭىز . ئۆلۈم دېگەن ھەر باشتا بار ئىش . ئۆزىڭىزنى كۆپرەك ئاسراڭ . خۇشال - خۇرام بەختلىك تۇرمۇشقا ئىنتىلىڭ ، شۇنداقتا ئانىڭىزنىڭ روھىمۇ خۇش بولىدۇ .

ئابىدە سەمى مۇئەللىمگە قاراپ تۇرۇپ كەتتى . بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەرسە سەمى مۇئەللىم نېمىمۇ دەپ قالار ؟ ئۇنىڭغا تۇرمۇشتىكى دىشۋارچىلىقلارنى ، دادىسىنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ، ئۆزى بىلەن مېھرايىنىڭ دادا بىر ، ئانا باشقا ھەدە - سىڭىللاردىن ئىكەنلىكىنى دېسۇنمۇ ؟ ئەنسەر بىلەن مۇھەببەتلەشكەنلىكىنى ، ئەنسەرنىڭ ئانىسىنىڭ قوشۇلماي ئانىسىغا يۈرەك كېسىلى قوزغالغۇدەك ئاھانەت قىلغانلىقىنى ، ئانىسىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە ئۇنىڭ ئەنسەر بىلەن توي قىلىشىغا ھەرگىزمۇ رازى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ كۆز يۇمغانلىقىنى دېسۇنمۇ ؟ ئابىدە ئاخىر «بۇلارنى سەمى مۇئەللىمگە دېگەننىڭ نېمە پايدىسى» دېگەن ئويغا كەلدى ھەم ئۇنىڭغا باشقا پاراكەندىچىلىكنى دېمەي پەقەت ئىدارىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ، ئىككى يۈز مىڭ يۈەنلىك ھۆججەتنى يىتتۈرگەنلىكىنى ، شۇ سەۋەبلىك ئىدارىدە باشلىقتىن دەشنەم ئىشىتكەنلىكىنى ، ئەتىدىن باشلاپ شەھەردىن ئەللىك ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قوشدۆڭ يېزىسىغا بېرىپ ئىشلىمەكچى بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى . سەمى مۇئەللىم ئۇنىڭ گەپلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى ھەم ئابىدەگە كۈچلۈك ھېسداشلىقى قوزغالدى .

— ئابىدە ، سىزنى مۇنداق بولار دەپ ئويلىمىغانىدىم . خۇدى گۆھەرنى تاشقا ئۇرغاندەك ئىش بوپتۇ ، شۇنچە يىل تىرىشىپ ئۆگەندىڭىز ، قانۇن بىلىمىڭىزنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ . ئەمدى بېرىپ كىچىككىنە بىر يېزا سوتىغا كەتسىڭىز كۆمۈلۈپ قالامسىز ؟

— جەمئىيەت ، كىشىلىك تۇرمۇش بەك مۇرەككەپكەن مۇئەللىم . ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلاردىكى يۈرىكىمگە پاتماي قالىدىغان

ئۇلۇغۋار غايە ـ ئىستەكلىرىم ئۆچۈشكە باشلىدى . قانداق قىلىشىمنى ئۆزۈممۇ بىلمىدىم .

— ئابىدە ، ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭ ، ئۇنىۋېرسىتېتتىكى مۇئەللىملەر ھازىرغىچە گېپىڭىزنى قىلمىز . گېپىمىگە كىرىپ ئۇرۇمچىدە قالغان بولسىڭىز سىزمۇ خالىدەدەك ئوتۇق قازىناتتىڭىز .

— خالىدە ؟ ئۇ قانداقراق ؟

ئابىدە ئۆزىنىڭ غېمى بىلەن بولۇپ ، ئەڭ يېقىن دوستىنى سوراپ قويمىغىنىدىن خىجىل بولدى .

— ئۇ ھازىر ئۇرۇمچىدە داڭلىق ئادۋوكات بولۇپ كەتتى . ئادۋوكات خالىدە دېسە ھەممىسى قول قويىدۇ .

خالىدە ئابىدەنىڭ يېقىن دوستى ، ئورۇق ، ۋىجىك ، پىستە كۆز بۇ قىز ئابىدەگە ئوخشاش كىتاب مەستانىسى ئىدى . ئۆگىنىپ ھارمايتتى . چوڭ ـ چوڭ ئىشلارغا بېلىنى باغلايتتى ھەم تىرىشىپ يۈرۈپ ئويلىغىنىنى ئەمەلگە ئاشۇراتتى . ئاشۇ قىز مۇشۇ سەمى مۇئەللىمنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى . لېكىن ، ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان يىلى سەمى مۇئەللىم خالىدەگە ئەمەس ، ئابىدەگە كۆڭۈل ئىزھار قىلدى . ئابىدە دوستى ئۈچۈن ناھايىتى بىئارام بولدى . ئۇنىڭ يۈرىكىدە ياشاۋاتقان باشقا بىر يىگىت بولغاچقا سەمى مۇئەللىمنىڭ تەكلىپىنى ، ئۇرۇمچىدە ئېلىپ قالىمەن دەپ ئۇرۇنۇشلىرىنى سىلىقلىق بىلەن رەت قىلىپ يۇرتىغا قايتىپ كەلدى .

ئارىدىن بىر يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە سەمى مۇئەللىم يەنە ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى .

— خالىدە ئۆزىمۇ بەك تىرىشچان ئىدى ، — دېدى ئابىدە ، — ئوقۇۋاتقاندىلا «كېيىن چوقۇم داڭلىق ئادۋوكات بولىمەن» دەيدىغان ، ئاخىر دېگىنىنى قىپتۇ .

— شۇنداق قىلىش سىزگىمۇ تامامەن مۇمكىنغۇ ئابىدە ،

سىزنىڭ ئۆگىنىشىڭىز، تىل قابىلىيىتىڭىز، يېزىقچىلىق ئىقتىدارىڭىز خالىدەدىن ئۈستۈن ئىدى. ھېلىمۇ كېچىكمەيسىز، سىزنىڭ دۆلەتلىك ئەدلىيە ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ كېتەلەيدىغانلىقىڭىزغا چوقۇم ئىشىنىمەن.

— نېمە؟ مېنى ئادۋوكات بول دېمەكچىمۇ؟

— شۇنداق. ئىدارىڭىزدىكىلەر سىزنىڭ قەدرىڭىزگە يەتمەپتۇ. مۇنداق كېتىۋەرسىڭىز ئاشۇ يىراق چەت يېزىدا ئىستىقبالىڭىزنى تۇگەشتۇرۇۋالىسىز. ھېچقانداق رىقابەت يوق، ئىنتىلىش يوق بىر خىلدىكى خىزمەت سىزنىڭ ئىرادىڭىزنى بوشاشتۇرۇپ، سىزنى شۇكۇر - قانائەتچان، خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقسىملا بولدى دەيدىغان قىلىپ قويىدۇ، بۇنىڭغا سىز زايە كېتىسىز ئابىدە.

سەمى مۇئەللىم ئۇرۇمچىدىكى يېڭىلىقلار، سوت خىزمىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدا ئۇزاق سۆزلىدى. مۇئەللىمنىڭ سۆزى ئابىدەنى ئالىي مەكتەپتىكى تىرىشچان، غايىلىك، ئىجتىھاتچان روھىنى ئويغاتتى. خالىدە بىلەن ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇپ ئۆز - ئۆزىدىن نومۇس قىلدى ھەم ئۈمىدسىزلىنىپ بەل قويۇۋەتكىنىگە ئۆزىنى ئەيىبلىدى. خالىدەمۇ تۇرمۇشتىكى شۇنچە بەختسىزلىكلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ يەنە شۇنداق ئۇتۇق قازىنىپ ياشاۋېتىپتىغۇ؟ ئابىدە ئىختىيارسىز خالىدەنىڭ بەختسىز كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەپ كەتتى.

خالىدە ئۇرۇمچىلىك بولۇپ، ئۇرۇمچىنىڭ ئېسىل، ھەشەمەتلىك ئۆيلىرىدە ئەمەس، بەلكى ھەشەمەتلىك يوللاردىن خېلى يىراق يۇندى پاتقاقلىق بىر كوچىدىكى ئىككى ئېغىزلىق ۋەيرانە ئۆيدە چوڭ بولۇپتۇ. ئانىسى ئوقۇغان، مۇلايىم، كۆيۈمچان بولۇپ، خالىدەگە بەكلا ئامراقكەن. دادىسى بازاردا كاۋاپچىلىق قىلاتتىكەن، دائىم مەست كىرىپ ئانىسىنى قاتتىق ئۇرىدىكەن. ھەر قېتىم ئۇرغاندا ئانىسى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالىدىكەن.

شۇنداقتىمۇ بىچارە ئانا تىرىشىپ - تىرمىشىپ خالىدەنى ئوقۇتۇپ-
تۇ. دادىسىنىڭ تاپقان - تەرگىنى ھاراقتىن ئاشمىغاچقا ئۆزى
ئۆپكە - ھېسىپ قۇيۇپ سېتىپ ھەم ئۇششاق تىجارەت قىلىپ
خالىدەنىڭ ئوقۇشىنى توختاتماپتۇ. كېيىنچە، ئۇنىڭ دادىسى
زەھەرلىك چېكىملىككە بېرىلىپ ئىنسان تەبىئىيىتىنى يوقىتىپ-
تۇ. ئائىلىدىكى ئازغىنە مال - مۈلۈكلەرنىمۇ سېتىپ قۇرۇقداپ
بوپتۇ. دائىم ئانىسىنى ئۇرۇپ دۇمبالاپ خالىدەنىڭ ئوقۇشىغا
يىغىپ قويغان پۇللارنى، ئانىسىنىڭ مومىسىدىن قالغان ئالتۇن
بىلەزۈكىنىمۇ ئېلىۋېلىپ سېتىپ پۇلىنى خەجلىۋاپتۇ.

خالىدە تولۇقسىزنى پۈتتۈرگەن يىلى بىر كۈنى دادىسى تالا-
دىن ناھايىتى خۇشال كىرىپتۇ ھەم ئانىسىغا:

— ياخشى بولدى. خالىدەگە خىزمەت تاپتىم. ئېيىغا ئىككى
مىڭ يۈەن مائاش بېرىدىغان بولدى. تېخى ئۇ پۇلنى ئالدىن
بېرىدىغان بولدى.

— نېمە دەيسىز؟ — دەپتۇ ئانىسى، — ئۇ تېخى بالا تۇرسا،
ئېيىغا ئىككى مىڭ يۈەن بېرىدىغان قانداق ئىشكەن ئۇ؟

— ئىچكىرىدە تىجارەت قىلىدىغان تۇردى ئالاۋۇشچۇ، بىلىد-
سەنغۇ؟ شۇ بۇ قېتىم ئىچكىرىدىكى بىر شىركەتكە خىزمەتچىلىك-
كە ئادەم ئۇقۇشقىلى كەپتۇ. ساپلا ئۇيغۇر قىزلاردىن ئالىدىكەن.
مەن خالىدەنى شۇنىڭغا بەرسەم ئالدىن ئىككى مىڭ يۈەن بېرىد-
غان بولدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئانىسى دىرىڭگىدە كەينىگە ئۇچۇپ كەتكىلى
قىل قاپتۇ.

— ھەي پەسكەش، جوھۇت، سەن دادىمۇ ياكى ئالۋاستىمۇ،
ئۆزۈڭنىڭ پۇشتى بولغان قىزىڭنى قاراپ تۇرۇپ ئاشۇ خىروئىن-
كەشكە ساتامسەن؟

— بۇ ساتقانلىق ئەمەس، ئۇ شىركەتكە ئورۇنلاشتۇرىدىكەن.

— ئون بەش - ئون ئالتە ياشلىق ئۇيغۇر قىزلارنى ئالىدىغان

قانداق شىركەتكەن ئۇ ! ئاشۇنداق گەپلەرگە ئالدىنىپ ئىچكىرىدە دوزاخ ئازابىنى تارتىۋاتقان قىزلار ئازمۇ ، پوقۇڭنى يەپسەن ، ئىككىنچى بۇ گەپنى قىلغۇچى بولما !

— مەن سىنىڭ گېپىڭدىن قورقۇپ قالىمەنمۇ ؟ خالىدە ئۆزۈمنىڭ قىزى ، قانداق قىلسام ئىختىيار مەندە ! ھۆرۈ - پۆرۈ قىلساڭ قارنىڭنى يېرىۋېتىمەن .

ئۇلار قاتتىق سوقۇشۇپتۇ . خالىدەمۇ ئانىسىغا بولۇشۇپ ئۇرۇشۇپتۇ . كۆزىگە قان تولغان دادىسى ئانىسىنى شۇنداق قاتتىق ئۇرۇپتۇكى ، ئانىسىنىڭ باش - كۆزى قانغا بويۇلۇپتۇ . دادىسى ئانىسىنى بېسىۋېلىپ كانىيىنى سىقىۋاتقاندا ، ئانىسىغا قانداق ياردەم بېرىشنى بىلمىگەن خالىدە قورقۇپ كېتىپ قولىغا چىققان يوغان بىر قايچىنى ئانىسىغا سۇنۇپ بېرىپتۇ . ئانىسى قايچىنى دادىسىنىڭ كۆكرىكىگە تىقىۋېتىپتۇ ، دادىسى شۇئان ئۆلۈپ قاپتۇ . بەختسىز ئانا قىزىنى باغرىغا بېسىپ ئۇزاق يىغلىغاندىن كېيىن ، ساقچىغا بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىپتۇ .

ئانىسى سوتلىنىپ كېسىلىپتۇ . ئانىسى سوتتا باشتىن - ئاياغ قايچىنى تىكىش ماشىنىسى ئۈستىدىن ئۆزۈم ئېلىۋالغان دەپ خالىدەنىڭ بەرگەنلىكىنى دېمەپتۇ . شۇ چاغدىكى سوت ئەھۋا-لى خالىدەنىڭ شۇنداق ئېسىدە قالغان ھەم قانۇن ، سوت ، ئادۋو-كات دېگەن بۇ ئۇقۇملار يۇرىكىگە ئورناپ كەتكەنىكەن . شۇ چاغدى-كى ئانىسىنىڭ ئادۋوكاتى تۇرسۇنئاي خانىم ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى-دىن تولۇق خەۋەر تېپىپ ئۇلارغا ناھايىتى ھېسداشلىق قىلغان ھەم ئىگە - چاقىسىز ، كوچىدا قالغان خالىدەنى بېقىۋېلىپ ئو-قۇتقانىكەن . شۇڭا ، خالىدەنىڭ قەلبىدە ئادۋوكاتلىققا نىسبەتەن ناھايىتى كۈچلۈك ئىشتىياق بار ئىدى ھەم «تىرىشىپ ئوقۇپ داڭلىق ئادۋوكات بولۇپ ، ئانامنى ياخشى كۈنگە ئۇلاشتۇرىمەن ، ئادۋوكات تۇرسۇنئاي خانىمنىڭ ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرىمەن» دەيتتى . ئۇ بۇ گەپلەرنى بەش يىل جەريانىدا پەقەت ئابىدەگىلا

دەپ بەرگەندى. ئائىلىسىنىڭ بەختسىزلىكى، بىچارە ئانىلىرىنىڭ تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرى، ئورتاق غايە - ئارزۇلار بۇ ئىككى قىزنى ئايرىلماس يېقىن دوستلاردىن قىلىۋەتكەندى.

— خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇپ كەتتىڭىزغۇ؟ — دېدى سەمى مۇئەللىم ئۇنى خىيالدىن ئويغىتىپ.

— خالىدەنىڭ كەچۈرمىشلىرى يادىمغا كېچىپ قالدى، — دېدى ئابىدە، — بىچارە، كىچىك تۇرۇپلا ئەجەب كۈنلەرنى كۆرگەن.

— ھازىر ئانىسى تۈرمىدىن چىقتى، خالىدە ھازىر ئانىسىنى شۇنداق ياخشى بېقىۋاتىدۇ.

— ئانىسىمۇ قىزىدىن شۇنچىلىك سۆيۈنگەندۇ.

— بەلكىم، بىچارە ئانا ئاخىر تۇرمۇشنىڭ راپاۋىتىنى كۆردى.

بۇ گەپ بىلەن ئابىدەنىڭ خىيالىغا يەنە ئانىسى كەلدى. ئانىسى ئەمدى بىر ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشەي دېگەندە، بىچارە قىزىغا ئېغىرچىلىق سېلىشتىن قورققاندەك جىممىدە ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالدى. ئۆينى ساتقان پۇلمۇ ئابىدەنىڭ قولىغا خېلى جىقلا ئاشتى. شۇ پۇللارغا ھەربىر قارىسا ئانىسىنىڭ مۇشۇ پۇلنىڭ كۆزىگە قاراپ، ۋاقتىدا داۋالانماي كېسىلىنىڭ ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ يۈرىكى ئېچىشاتتى.

— شۇنداق قىلىڭ ئابىدە، — دېدى سەمى ئابىدەنىڭ يۇمشاپ تۇرغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى قىزىتىپ، — ئەڭ ياخشىسى ئادۋوكات بولۇڭ، ئۈرۈمچىگە كېتىپ ئادۋوكاتلىق قىلسىڭىز، ئىشىنىمەن، چوقۇم ئىستىقبالىڭىزنى تاپالايسىز.

ئابىدەنىڭ بىر تۇرۇپ ھەممىنى تاشلاپلا سەمى مۇئەللىمنىڭ ئارقىسىدىن ئۈرۈمچىگە بارغۇسى، ئادۋوكات بولۇپ نام چىقىرىپ شەرەپ قازانغۇسى كەلدى. دۆلەتلىك ئەدلىيە ئىمتىھانىدىنمۇ ئۆتۈپ كېتەلىشىگە تولۇق ئىشەنچى بار ئىدى.

تاماقخانا كۈتكۈچىلىرىنىڭ ئۈلار ئولتۇرغان بۆلۈمگە مەق-
سەتسىز كىرىپ ـ چىقىشىدىن ئۈلار تاماقخانىدا ناھايىتى ئۇزاق
ئولتۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇشتى . ئۈلار
قاراڭغۇ چۈشكۈچە كوچا ئايلانغاچ پاراڭلاشتى .

ئۆكتەبىر ئايلىرىنىڭ ئاخىرى بولۇپ قالغاچقىمىكىن ھاۋا
بارغانسېرى سوۋۇپ كېتىۋاتاتتى . كەچ كۈزنىڭ يېقىمسىز سوغۇ-
قى بىلەن ئاشخانىدىن يېڭىلا چىققان ئىككىيلەنگە يېنىك تىترەك
ئولاشتى . شامال ئابىدەنىڭ بەل تاسمىلىق ، كەڭ ئېتەكلىك
ئۇزۇن قارا كۈزلۈك پەلتويىنىڭ ئېتەكلىرىنى ئۈچۈراتتى . بېشى-
غا چىگىۋالغان قارا ياغلىقى (ئانىسىنىڭ قىرقى توشۇپ بولغان
بولسىمۇ ، ئابىدە يەنىلا ياغلىق چىگىپ يۈرەتتى ) ئۇنىڭ چىرايىنى
تېخىمۇ ئاق ، تاتىراڭغۇ كۆرسىتەتتى . ئابىدە مۇسىبەت ئىچىدە
تۇرغاندا كوچىدا يوچۇن بىر يىگىت بىلەن قاتارلىشىپ مېڭىپ
يۈرۈشنى بىئەپ كۆرۈپ قايتماقچى بولۇۋىدى ، سەمى مۇئەللىم
ئۈنىمىدى .

— ئابىدە ، تېخى دېمەكچى بولغان گەپلىرىمنىڭ بىرىنىمۇ
دېمىدىم . پراكتىكا تەكشۈرگىلى ماڭدىم دېگىنىم يالغان ، مەن
بۇ قېتىم پەقەت سىز بىلەن سۆزلەشكىلىلا كەلدىم .

— خېلى ياخشى پاراڭلاشتۇق مۇئەللىم . مەنمۇ ئوقۇغۇچى-
لىق دەۋرىمگە قايتقاندەك روھلىنىپ قالدىم . كەچ بولۇپ قاپتۇ ،
مەنمۇ قايتاي ، ئەتىلەرگىچە يەنە كۆرۈشەرمىز .

— ياق ئابىدە ، مەن بۈگۈن زادى سۆزلەشمىسەم بولمايدۇ ،
بىر يىلدىن بېرى مەن مۇشۇ پۇرسەتنى كۈتۈپ ئاران كەلدىم .
ئەمدى ئايرىلسام سىزنى مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغاندەك ھېس
قىلىمەن . جېنىم ئابىدە ، ماقۇل دەڭ .

سەمى مۇئەللىم ئىختىيارسىز ئابىدەنى «جېنىم ئابىدە» دەپ
سېلىپ ئۆزىمۇ خىجىل بولۇپ كەتتى . شۇنداقتىمۇ ئارىدىكى
ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىقتىن شەكىللەنگەن كۆرۈنمەس پەردە

قايرىۋېتىلگەندەك يېنىكلەپ قالدى .

ئۇلار كوچىدىلا تۇرۇپ قالغاچقا بىرەر يەرنى تېپىپ پاراڭلاشماقچى بولۇپ مۇۋاپىق يەر ئىزدىدى . تۇيۇقسىز ئابدەنىڭ كۆز ئالدىدا دىڭگۇسلاپ كېتىپ بارغان تونۇش گەۋدىگە چۈشتى . ئۇ تۇنىياز ئىدى . «چەرچەندىن ئاخىر قايتىپ كەپتۇ ـ دە» دەپ ئويلىدى ئابدە . ئەمدى ئىش تېخىمۇ يوغىنايدىغان بولدى . ئابدەنىڭ ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى .

— سەمى مۇئەللىم ، ئاۋۇ كىشىگە قاراڭ .

—قايسى ؟ ئاۋۇ سېمىز ئادەمگىمۇ ؟ نېمە بولدى ؟

ئابدە تۇنىيازنىڭ گۈزەلنۇر بىلەن كۆرۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى . گۈزەلنۇر ئۇنى قانداق تونۇيدىغاندۇ ؟

— سەمى مۇئەللىم ، ھېلىقى مەن يىتتۇرۇپ قويغان ئىككى يۈز مىڭ يۇەنلىك ھۆججەتنىڭ جاۋابكارى ئاشۇ شۇ ، بىراق بىزنىڭ ئىدارىدىكى گۈزەلنۇر ئۇنىڭ بىلەن نېمە قىلىدىغاندۇ ؟ قارىغاندا مۇناسىۋىتىمۇ يېقىندەك تۇرىدۇ .

قانۇن خادىملىرىغا خاس بىرخىل سەزگۈرلۈك ھەر ئىككىسىنى تېتىكلەشتۈردى .

— ئابدە ، ھۆججەتنىڭ تۇيۇقسىز يىتتۇشىدە بىر ئويۇن باردەك تۇرىدۇ ، يۈرۈڭ ، ئۇلارنىڭ ئىزىغا چۈشەيلى .

سەمى مۇئەللىم بىلەن ئابدە خۇددى رازۋېدكىچىلاردەك ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا چۈشتى . ئۇلار دەل ئەنسەر ئابدەگە بىرىنچى قېتىم مۇھەببەت ئىزھار قىلغان مۇزىكىلىق چايخانا ئالدىدا تۇراتتى . ئۇلار نېمىنىدۇر دېيىشكەندىن كېيىن قولتۇقلىشىپ چايخانىغا كىرىپ كېتىشتى . سەمى مۇئەللىم ئابدەنى سىرتتا قالدۇرۇپ ئۆزى ئۇلارغا ئەگىشىپ كىردى .

تۇنىيازلار ئۇ يەر بۇ يەرنى تاللاپ يۈرۈپ ئاخىر چەتتىرەك بىر بۆلۈمچىگە كىرىپ كېتىشتى . ئۇلار سەمى مۇئەللىمنى كۆرگەن بولسىمۇ ، لېكىن تونۇمىغاچقا پەرۋا قىلمىغانىدى . سەمى

مۇئەللىم ئۇلارنىڭ ئولتۇرغان يېرىنى ئوبدان كۆرۈۋالغاندىن كېيىن ، ئاندىن ئابدەنى باشلاپ كىردى . بۇگۈن بۇ يەر ئاۋاتلىشىپ كەتكەن بولۇپ ، بۆلۈمچىلەردە لىققىدە ئادەم ئولتۇراتتى . تۇنىياز بىلەن گۇزەلنۇر ئىشىككە كەيىنىنى قىلىپ ئولتۇرغاچقا ئابدەنى كۆرمەيتتى . ئۇلار تۇنىيازلار كىرىپ كەتكەن بۆلۈمچىنىڭ يېنىدىكى بۆلۈمچىگە كىرىپ جايلاشتى . ئارىنى نېپىز بىر قەۋەت پەردە ئايرىپ تۇراتتى . ئابدە قولىنى شۇنداقلا سوزسا گۇزەلنۇرغا يېتەتتى ، لېكىن گىرىمسەن يورۇقلۇقتا ئۇلار بىر ـ بىرىنى كۆرمەيتتى . سەمى مۇئەللىم ئابدەنى ئاۋاز چىقارماسلىققا شەرەتلىدى .

— هۆججەتنى سىزنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرسۇن دەپ پاختىنىڭ ئىچىدە ئوت ساقلىغاندەك ساقلاپ كەلدىم ، — دېدى گۇزەلنۇر ، — قېرىشقاندەك سىز چەرچەندىن كەلمىگەنسېرى ئۆزۈمچە قورقۇنچ بېسىپ كېچىلىرىمۇ هۆججەت چۈشەيدىغان بولۇپ قالدىم .

— چاندۇرۇپ قويمىغانسەن ؟

— چېنىپقۇ كەتمىدى ، لېكىن ئابدە دېگەن هېلىقى كاتىپ قىز بالاغا قالدى . ئەمدى ئۇ قانداق قىلاركىن ؟ ئۇنى مەهكىمە باشلىقىدىن تارتىپ چاقىرىپ تەنقىدلەپ كەتتى .

— هېلىقى خاتىرە يازغان ئېگىز بويلۇق چىرايلىق قىزمۇ ؟

— هەئە ، ۋايجان چىرايلىق قىز دەپ كەتكىنىنى ، سوتتا قىزلارغا سەپسېلىپ تامىشىقىڭىزنى چاكىلدىتىپ ئولتۇرماي ئۆزىڭىزنىڭ غېمىنى قىلىڭ ، ئۇنداقلارنىڭ سىزگە قارايدىغان كۆزى يوق .

— شۇنداقتىمۇ ياۋاش قىزدەك قىلاتتى . ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلىپ قويماي دەيمەن ، باشقىچىرەك ئۇسۇلدا ئالساڭ بولماتتى ؟

— دېلو شۇنىڭدا تۇرسا ، قانداق ئۇسۇلدا ئالىمەن ؟ ئېلىپ بەرگەنگە خوش بولۇڭە ؟ سىزنى دەپ چوڭ خاتا ئىش قىلدىم .

قىنى مۇكاپاتىڭىزنى چىقىرىڭ .

— ئالدىنقى كۈنى ئېلىپ بەرگەن كىيىمچۇ ؟

— نېمە ! ئىككى يۈز مىڭ يۈەن قەرزدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويسام ، ئاران شۇ بىر يۈرۈش كىيىم بىلەن قۇتۇلماقچىمۇ ؟ ئۆزىڭىز «ھۆججەتنى ئېلىۋالساڭ ماڭا ئون مىڭ يۈەن سېنىڭ !» دېمىگەنمۇ ؟ ئوغۇل بالا بولغاندىكىن گېپىڭىزدە تۇرۇڭ ، مېنىمۇ ھەمدۇللانى قويغاندەك قوياي دەمسىز ؟

— سېنىمزە ، سۆيگىنىڭنىڭ ئۈنچىلىك ئىشقا ئەسقېتىپ قويساڭ نېمە بولىدۇ . شۇ ئىككى يۈز مىڭ يۈەنىمۇ بەردىبىر ئىككىمىزنىڭغۇ ؟

— لېكىن ، مەن سىزنى دەپ قانۇنغا خىلاپ ئىش قىلدىم . ئىدارىدىن بىلىپ قالسا ئىشتىن ھەيدىلىمەن . ئەڭ ياخشىسى پۇلنى بېرىڭ . بولمىسا مەن ئاشكارىلىۋېتىمەن جۇمۇڭ ؟

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم . پۇلنى چوقۇم بېرىمەن . ھازىر يېنىمغا جىق پۇل سالماپتىمەن . ئەتە - ئۆگۈنلەرگىچە بېرىۋېتەي ، ئاشكارىلايمەن دەپ ماڭا قوقاق سالما ، ماڭا ھېچ گەپ ئەمەس . بولغۇلۇق ساڭا بولىدۇ .

— ئاغزىڭىزنى ئۇششۇتمىڭە ، — گۈزەلنۇر كىچىك بالىلار- دەك ئەركىلىدى ، ئاندىن سومكىسىدىن ھۆججەتنى چىقاردى بولغاي ، — مانا ھۆججەت . سىزنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرسۇن دەپ ساقلاپ قويغان ،— دېدى .

ئابىدە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەيرانلىقتىن داڭ قېتىپ ئولتۇ- راتتى . ئۇ گۈزەلنۇرنىڭ ئويۇنغا ئامراق شاللاقراق قىز ئىكەنلى- كىنى بىلسىمۇ ، بۇ دەرىجىدە پەسكەش دەپ ئويلىمىغانىدى . ئۇ سەكرەپ قوپۇپلا گۈزەلنۇر بىلەن يۈزلەشمەكچى بولۇۋىدى ، سەمى مۇئەللىم تارتىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى .

گۈزەلنۇرلار بىر پەس جىمىپ كەتتى . ئاندىن ، تۇيۇقسىز چاقماقنىڭ «چارس» قىلىپ ئوت ئالدۇرغان ئاۋازى ئاڭلاندى .

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى تۇنىياز، مۇشۇنداق يەردە قەغەز كۆيدۈرسەڭ خەقنى گۇمانلاندۇرۇپ قويامسەن؟ ئەڭ ياخشىسى ماڭا بەر، مەن ئۆيگە ئاپىرىپ مېنىڭ ھۆججىتىم شۇمۇ ياكى ئەمەسمۇ تەكشۈرىمەن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— سەنمۇ سوتتا ئىشلەپ قاقۋاش بولۇپ كەتكەن نېمە، مېنى گوللاپ يالغان ھۆججەت ياساپ ئەكەلدىڭمۇ كىم بىلىدۇ. بىكار ئەتە ـ ئۆگۈن لاۋزىلىشىپ قالماي.

— خۇدايا تووۋا، قان ـ قېنىغا قىزىل كۆزلۈك، ھىيلىگەرلىك سىڭىپ كەتكەن ئادەم باشقىلارنىمۇ شۇنداق چاغلايدىكەن. مۇشۇ ھۆججەتنى ئالىمەن دەپ قانچىلىك تەۋەككۈلچىلىك قىلغانلىقىمنى بىلەمسىز؟ ئىسىت، بۇنداق دەيدىغانلىقىڭىزنى بىلسەم ھەرگىزمۇ ياردەم قىلماسكەنمەن.

— كاپىشما، بېشىمدىن جىق ئىش ئۆتكەن ئادەممەن. ھۆججەتكە سەل قارىغىلى بولمايدۇ.

ئابىدە سىنچىلاپ قاراپ تۇنىيازنىڭ ھۆججەتنى پورتمالغا تىقىپ ئارقا شىم يانچۇقىغا سېلىۋالغانلىقىنى كۆردى.

ئابىدە جالاقـلاپ تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ ھازىرلا بىردىـپ كۆزەلنۇرنىڭ ياقىسىدىن ئالغۇسى، ئۇنى تىللاپ يۈزلىرىگە تۈكۈرگۈسى كەلدى. شۇ ئارىدا تۇنىيازنىڭ «مەن تازىلىق ئۆيىگە بېرىپ كېلەي» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى ھەم تۇنىياز ئۇلارنىڭ يېنىدىن دىڭگۇسلاپ ئۆتۈپ كەتتى.

ئابىدە سەمى مۇئەللىمنىڭ قولىدا بىر نەرسىنى تۇتۇپ، كۆزەلنۇرلار ئولتۇرغان يەرگە سوزۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. تۇنىياز ھاجەتكە ماڭغاندا سەمى مۇئەللىم قولىدىكىنى يىغىشتۇرۇپ بىر نەرسىنى باسقاندەك قىلدى. شۇندىلا ئابىدە بۇنىڭ ئالىقانچىلىك ئۈنئالغۇ ئىكەنلىكىنى تەستە ئىلغا قىلالىدى.

تازىلىق ئۆيىدىن يېنىپ چىققان تۇنىياز تۈيۇقسىز پۈتلىشىپ

كىرىپ كېتىۋاتقان يىگىرمە - يىگىرمە ئۈچ ياشلاردىكى بىر يىگىتكە سوقۇلۇپ كەتتى. تۇنىيازنىڭ ئاقسايدىغانلىقىنى بىلمىگەن يىگىت ئۇنى قەستەن قىلدى دېگەن چېغى ھۆرپەيدى:
— ئاداش، پەيلىڭلار يامانغۇ، كۆزۈڭلار بولغاندىكىن قاراپ مېڭىڭلار.
تۇنىياز مۇنداق يەرگە كەلگەندە جېدەلنى پۈلغا سېتىۋالىدىغانلاردىن ئىدى.
— ئادىشىڭنى تېپىپ ئاداش دېگىنە خام سويما، مەن دېگەن ئاكاڭدەك ئادەم. يوغانلىق قىلماي غىت قىسىپ يولۇڭغا ماڭ!
— يوغانلىق قىلمەن، قانداق قىلىسەن!
ھېلىقى يىگىتمۇ ئۈچىغا چىققان كۆكەرمە، ئالىقاپ بولسا كېرەك تۇنىيازغا ئېسىلدى. تۇنىياز ئۇنى كېلىشتۈرۈپ بىرنى سېلىۋىدى، ھېلىقى يىگىت بىر يانغا قاراپلا ھەمراھلىرىنى چاقىردى. شۇئان، يىگىت بىلەن تەڭ قۇراملىق بەش - ئالتە يىگىت يوپۇرۇلۇپ كېلىپ تۇنىيازغا يېپىشتى. گۈزەلنۇرمۇ چىرقىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىپ جېدەلنى ئايرىماقچى بولدى. تۇنىياز ئاقساق بولسىمۇ، جېدەل - ماجىرانى جىق كۆرگەن، قاۋۇل، كۈچلۈك بولغاچقا دەسلەپ بوي بەرمىدى، لېكىن ئۇلار كۆپ بولغانلىقتىن يىقىلىپ چۇشۇپ مۇشت - تېپىك ئاستىدا قالدى.
— ھۆججەتنى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ئابىدە.
— ئۇنىڭ كارى چاغلىق، مەن ئۇلارنىڭ سۆزىنى لېنتىغا ئېلىۋالدىم. مۇشۇنى ئىسپات قىلىپ ئىدارىگە تاپشۇرۇڭ، بارلىق ئاقىۋەتكە گۈزەلنۇر ئۆزى مەسئۇل بولسۇن.
— ھۆججەتچۇ، ھۆججەت بولمىسا ھۆكۈمنى قانداق چىقارغىلى بولىدۇ؟ سەمى مۇئەللىم، مېنىڭچە مەسئۇلىيەت سۈرۈشتۈرۈش بەك مۇھىم ئەمەس. مۇھىمى ھۆكۈمنىڭ توغرا، ئادىل بولۇشىدا. ۋاقىت سوزۇلۇپ كەتسە دەۋاگەرگىمۇ ئۇۋال بولىدۇ.

گۈزەلنۇرغا مەن ئۆزۈم گەپ قىلاي .
— ئەمىسە قانداق قىلساق بولار ؟ — دېدى سەمى مۇئەللىم
ئابىدەنىڭ ئاق كۆڭۈللۈك ، سەمىمىيلىك يېنىپ تۇرغان كۆزىگە
قارىغىنىچە خىيالغا پېتىپ .
ئۇلار تۇنىيازلارغا قارىدى . جېدەل ئەۋجىگە چىققان ، چايخا-
نىنىڭ قوغداش خادىملىرىمۇ كەلگەنىدى . سەمى ئورنىدىن تۇرۇپ
جېدەل بولۇۋاتقان جايغا ماڭدى . تۇنىياز هېلىقى يىگىتنىڭ
ئاستىدا ياتقان ، ئىككىسى هەدەپ تىركىشەتتى .
— ئۇنداق قىلماڭلار ئۇكىلار ، — دېدى سەمى جېدەلنى
ئايرىغۇچى قىياپەتتە ، — بولدى قىلىڭلار ، بۇ ئادەمنىمۇ بەك
ئۇرۇۋەتتىڭلار ، بىكار ئۆزۈڭلارغا ئىش تاپىسىلەر...
سەمى هېلىقى يىگىتنى تارتىپ تۇنىيازنى يۆلىدى . هېلىقى
يىگىتلەر هېچ بولدى قىلىدىغاندەك ئەمەس ، سەمىمۇ ئۇيان -
بۇيان ئىتتىرىلىپ بىر مۇنچە هارام تاياق يەۋالدى . ئۇ پۈتۈن
كۈچى بىلەن تۇنىيازنى هىمايە قىلىپ ئۇنى يۆلەيتتى ، چەتكە
تارتاتتى . ئاخىر ، ئىككى ساقچى كېلىپ جېدەلنى بېسىقتۇرۇپ ،
هېلىقى يىگىتلەر بىلەن تۇنىيازنى ماشىنىسىغا سېلىپ ئەكەتتى .
گۈزەلنۇرمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ماڭدى . سەمى ئابىدەنىڭ يېنىغا
كەلدى . ئۇنىڭ قاتۇرۇپ تارىغان چېچى بۇزۇلۇپ غەلىتىلا بولۇپ
قالغان ، كاستۇمىنىڭمۇ تۈگمىسى ئۈزۈلگەنىدى .
— سىزنى دەپ مانا يانچۇقچى بولۇپ كەتتىم ، — دېدى
سەمى يېنىدىن پورتمالنى چىقىرىپ .
— ئەجەب قورقۇپ كەتتىم ، سىزمۇ بىكارغىلا تاياق يەۋالدى-
ڭىز ، — دېدى ئابىدە كۆيۈنگەن هالدا . ئۇلار پورتمالنى ئېچىپ
قارىدى . پورتمالدا بىرەر مىڭ يۈەنچە پۇل ، كارتا دېگەندەك
نەرسىلەر بولۇپ ، هېلىقى هۆججەت يان تەرەپكە قىستۇرۇپ
قويۇلغانىدى .
— ئەجەب ياخشى بولدى ، — دېدى ئابىدە ، — بۇ هۆججەت
ئاخىر قولۇمغا چۈشتى .

— گۈزەلنۇرنى قانداق قىلىسىز ؟
— ئەتە كىرىپ پورتمالنى تاشلاپ بەرگەندە دەيدىغىنىمنى دەۋالارمەن .
— ئىدارىگە مەلۇم قىلمامسىز ؟
— بولدىلا ، زىددىيەتنى چوڭايتىپ باشقىلار بىلەن ئاداۋەتلىشىپ يۈرمەي .
سەمى ئابىدەنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى . ئابىدە ئۆزىگە ئۇۋال بولىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ ، گۈزەلنۇرنى ئىدارىگە چېقىشنى ، ئۇنى جازاغا تارتقۇزۇشنى ئويلىمىدى .
— رەھمەت مۇئەللىم ، سىز كەلمىگەن بولسىڭىز مېنى چوڭ پالاكەت باساتتى . ئىشنىڭ بۇنداق ئۇدۇل كەلگىنىنى قاراڭ .
— ئابىدە ··· هازىر سىز ئوقۇغۇچى ئەمەس ، مېنى مۇئەللىم دەپ چاقىرماڭ ، بولامدۇ ؟ ئىسمىمنىلا ئاتاڭ .
— يەقەت كۆنەلمەيدىكەنمەن ، نەزىرىمدە سىز هامان مۇئەللىم . راست ، هېلىقى ئۇنىئالغۇ قانداق پەيدا بولۇپ قالدى ؟
سەمى ئۇنىئالغۇنى چىقاردى :
— ئىككى يىلدىن بېرى مەن خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئادۋوكاتلىق بىلەن شۇغۇللاندىم . شۇ جەرياندا لازىم بولۇپ قېلىپ بىرنى ئالغان . ئادەتتە يېنىمدا ساقلىمايتتىم . بۇ قېتىم تېخى سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنى ئېلىۋالىمەن دەپ ئاتايىن ئەكەلگەن ، بۇ ئىشقا ئەسقېتىپ قالغىنىنى كۆرمەمسىز .
ئۇ ئۇنىئالغۇنى ماڭدۇردى . گۈزەلنۇرنىڭ ئەركىلىگەن ، نازلىق ئاۋازى ئاڭلاندى :
«هۆججەتنى سىزنى كۆرسۇن دەپ پاختىنىڭ ئىچىدە ئوت ساقلىغاندەك ساقلاپ كەلدىم» دېگەن جايدىن تارتىپ تۇنىيازنىڭ «مەن هاجەتكە بېرىپ كېلەي» دېگەن يەرگىچە ئېلىنغانىدى . ئاۋاز پەسرەك بولسىمۇ ، ئەمما ئېنىق ئاڭلىنىشلى بولاتتى . سەمى ئۇنىئالغۇنى ئابىدەگە سۇندى :

— بۇنى سىزگە سوۋغا قىلاي ، لېنتا لازىم بولۇپ قالىدۇ .
— ياق ، ياق بۇ سىزگە لازىم ، بولدى ، گۈزەلدۈرمۇ ئىدارىدە كۈن كۆرسۇن ، ھۆججەت تېپىلغاندىكىن بۇ ئىشنىمۇ بولدى قىلاي…

ئابىدە ئۈنئالغۇنى ئالغىلى ئۇنىمىدى ، ئىككىيلەن بىر پەس جىمىپ قالدى . جەڭگى - جېدەل بېسىقىپ چايخانا يەنە ئۆزىنىڭ خىيالىي ، رومانتىك ھالىتىگە قايتۇرۇلغاندى . سەمى ئالدىدىكى بوتۇلكىلارنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ ئۆزىگە سارغۇچ ئىچىملىكنى قۇيدى . ئابىدەنىڭ غۇنچە بويىغىلا ئوخشايدىغان ئىنچىكە ئېگىز بوتۇلكىدىكى قىزغۇچ ئىچىملىكنى ئىستاكانغا قۇيۇپ ئابىدەگە سۇندى .

— ھۆججەتنىڭ پاراكەندىچىلىكىمۇ تۈگىدى . ئەمدى گېپىمىزگە كېلەيلى . مەن بۇ قېتىم پەقەت سىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن . نەچچە يىلدىن بېرى ئوتتۇرىمىزدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىق مۇناسىۋەت يۇرىكىمنى ئاشكارىلاشقا توسالغۇ بولۇپ كەلگەن . سىزنى پەقەت ئۇنتۇيالمىدىم ئابىدە . ئوقۇش پۈتتۈرۈش كېچىلىكى سىز تەلپىمنى چاقچاققا ئايلاندۇرۇپلا رەت قىلمىغەتتىڭىز ، مەن قاتتىق ئازابلاندىم . سىز كەتكەندىن كېيىن سىزنى بىر مىنۇتمۇ ئەستىن چىقارمىدىم . دەردىڭىزدە ساراڭ بولايلا دېدىم . ئاخىر ئالدىڭىزغا كەلدىم ئابىدە ، مېنى رەت قىلماڭ .

— مۇئەللىم ، مەن سىزگە ماس كەلمەيمەن . ئۈرۈمچىدە ياخشى قىزلار كۆپ-قۇ ، سىز قانداقسىگە ماڭا ئوخشاش بىر ئادەتتىكى قىزنى ياقتۇرۇپ قالىسىز ؟

— قەلبىمدە پەقەت سىزلا بار . سىزدىن باشقا قىزلارنى خىيالمۇ قىلىپ باقمىدىم . ئابىدە ، ماقۇل دەپ مېنىڭ بىلەن كېتىڭ ، بۇ يەردە كۆمۈلۈپ قاپسىز . ئۈرۈمچىدە چوقۇم ئىستىقبالىڭىزنى تاپالايسىز ھەم مەن بىلەن توي قىلسىڭىز سىزنى جەزمەن بەختلىك قىلالايمەن .

سەمى ئابىدەنىڭ يىنىغىراق سۈرۈلدى . ئابىدە سەمى ھازىرلا

كېلىپ قۇچاقلىۋالىدىغاندەك چۆچۈپ ئولتۇراتتى . سەمى توغرا ئېيتىدۇ . ئۇرۇمچىگە بارسا ئەھۋال چوقۇم ھازىرقىدىن ياخشى بولىدۇ . سەمىنىڭ ئۇنى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرىدىغانلىقى راست . ئابىدە بۇلارنى ئويلاۋاتقاندا ، يۈرىكى «ۋىژژىدە» ئېچىشـ قاندەك بولدى . شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ئۇ ئەنسەرگە شۇنچىلىك تارـ تىشتىكى خۇددى ئۆزىنى ئەنسەرگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىدـ لىپ قويغاندەك ئەيىبكار ھېس قىلدى .

— ياق… سەمى مۇئەللىم ، بۇ مۇمكىن ئەمەس ، مەن بۇ يەرنى ، ئـۇنى تـاشلاپ كېـتەلـمەيمەن … ،— ئابىدە ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى .

— ئۇنى ؟ دېمەك ئارىمىزدا ئۇ مەۋجۇت ، شۇنداقمۇ ؟

— ھەئە ، مۇئەللىم ، بېشىمغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى سىز بىلمەيسىز . تۇرمۇشتىمۇ ، مۇھەببەتتىمۇ جىق ئازابلارنى چەكـ تىم . بۇلارنى سىزگە سۆزلەپ بەرگۈم يوق . ئەڭ ياخشىسى ، مېنى پەقەت ئوقۇغۇچىم دەپلا بىلىڭ .

— لېكىن ، ئۇ مۇھەببەت سىزگە ئازاب ئەكەپتۇغۇ ؟ بۇنداق مۇھەببەتتىن ۋاز كېچىپ بەختلىك مۇھەببەتكە ئېرىشىشكە ھەقـ لىقسىز .

— ۋاز كېچەلمەيمەن ، مەڭگۇ ۋاز كېچەلمەيمەن .

سەمى ئازاب ئىچىدە ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى . ئۇ بۇ قېتىم زور ئىشەنچ بىلەن كەلگەنىدى . ئابىدەنىڭ گېپى بىلەن كۆڭلى «لاسسىدە» بولدى . يالغۇز ۇرۇپ كۆزىگە كىرىۋېلىشنىڭ ئەسلا ئورـ نى يوق . نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ بۇرۇن ئابىدەنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ، ھازىرمۇ «مۇئەللىم» دەپ تۇرغان قىزغا يەنە نېمە دېگىلى بولىدـ دۇ ؟ سەمى ئازاب بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن نەچچە رومكا ھاراق ئىچىۋەتتى . چەتتىكى كىچىككىنە سەھنىدە بىر نەچچە ياش جۈپلىشىپ تانسىغا چۈشكەنىدى .

سەمى قەلبىگە نۇرغۇن گۈزەل ئارمانلارنى پۈكۈپ كەلگەن ، لېكىن شۇ تاپتا ئابىدە بىلەن بىرەر قول تانسا ئويناشقىمۇ قادىر ئەمەس . ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ قوزغىلىشتى . سەمى تاكسى

بىلەن ئابىدەنى ئۆيىگىچە ئاپىرىپ قويۇپ مېھمانخانىغا قايتتى .

ئەتىسى چۈشتە ئەنسەر سەمى بىلەن تېپىشىپ بىرگە تاماق يەپ ئۇزاق مۇڭداشتى . كەچكە يېقىن ئابىدە مۇئەللىمگە تېلېفون قىلىپ ئۇنىڭ كەچتە ماڭماقچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى ـ دە ، خوش دەپ قويۇش ئۈچۈن پويىز ئىستانسىسىغا كەلدى . كۈتۈش زالىدا سەمى بىلەن ئەنسەر ياندىشىپ ئولتۇراتتى . ئابىدە كېلىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى . ھەر ئۈچىنىڭلا كەيپىياتى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى .

پويىز گۈدۈك چېلىپ سەمى پويىزغا چىقىپ جايلاشقاندىن كېيىن ، دېرىزىدىن ئۇلارغا قارىدى .

— ئابىدە ، — دېدى سەمى ، — سىز ئىرادىلىك ، قەيسەر قىز . مەيلى قانداقلا كېلىشمەسلىككە يولۇقۇڭ ، ئۆزىڭىزنى تاشلىۋەتمەڭ . چوقۇم تالانتىڭىزنى جارى قىلدۇرۇڭ .

— رەھمەت مۇئەللىم .

سەمىنىڭ كۆزىدىن چەكسىز ئازابلىنىۋاتقانلىقى مانا مەن دەپ تۇراتتى . ئۇ ئابىدە بىلەن ئەنسەرگە قاراپ زورىغا كۈلۈمسىرىدى :

— خوش ، سىلەرگە بەخت تىلەيمەن .

پويىز مېڭىپ كەتتى . ئۇزاتقىلى كەلگەنلەرمۇ تارقاپ كەڭ مەيداندا پەقەت ئەنسەر بىلەن ئابىدە ئىككىسىلا قالدى .

— سەمىنى سىزنى ئېلىپ كېتەمدىكىن دەپ ئەنسىرىگەنىدىم . خۇداغا شۈكۈر ، — دېدى ئەنسەر شوخلۇق بىلەن . گەرچە ، ئابىدە ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ قارىمىغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىگە قاراپ ۋۇجۇدى شېرىن لەرزىگە كەلدىيۇ ، چەتكە قارىدى :

— تولا چىشىمغا تەگمىگە ، مەن كىچىك بالا ئەمەس بىرى ئەكېتىدىغان .

— شۇ ئەمەسمۇ ، سىزنى ھېچكىم مېنىڭدىن تارتىپ ئەكېتەلمەيدۇ .

— بولدى ، ئاران تۇرغاندا ماڭا چاقچاق قىلماڭ . بۇرۇنقى

ئىشلارغا سالاۋات ، ئۆزۈمنى چاغلىماي سىزدەك ئەتىۋارلىق بەگزادە بىلەن يۈرۈپ قاپتىمەن . ئەمدى ھوشۇمنى تاپتىم ، ئاپىد- ىڭىز سىزنى بىرەر باي ، مەنسەپدارنىڭ مەلىكىسىدىن تېپىپ ئۆيلىنىۋالسۇن .

ئابىدە بېشىنى سىلكىپ ماڭماقچى بولۇۋىدى ، ئەنسەر ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋالدى .

— ئابىدە ، مېنى نېمىشقا بىھۇدە ئازابلايسىز ؟ بولغان ئىشلا- ردا مېنىڭ ھېچقانداق سەۋەنلىكىم يوقتۇ ؟

— بىلىمەن ، سىزنىڭ سەۋەنلىكىڭىز يوق . لېكىن ، ئاپىد- ىڭىزنىڭ قىلغانلىرىنى ھەرقانچە قىلسامۇ كەچۈرەلمەيمەن . شۇ سەۋەبلىك ئاپامنىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ ئۆلۈپ كەتتى . ئاپام جان ئۈزۈش ئالدىدا سىلەرنىڭ ئۆيگە كېلىن بولۇشۇمغا رازى ئەمەسلىكىنى ئېيتتى . ئېيتىڭە ، مەن ئاپىڭىزنى يۈرىكىمدىن چىقىرىپ «ئانا» دېيەلەيمەنمۇ ؟

— ئاپام ھەقىقەتەن خاتا قىلدى ، لېكىن ئۇمۇ بۇنداق ئاقىد- ۋەت چىقىشىنى ئويلىمىغان - دە ، كېيىن ئۆزىمۇ بەك پۇشايمان قىلدى .

— يۈرىكىمدىكى جاراھەت ئۇنچە تېز ساقايمايدۇ . بىز ئايرى- لىپ كېتەيلى ئەنسەر . مەن ئەمدى قوشدۆڭگە كېتىمەن ، ئەترا- پىمدىكى رېئاللىقتىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ يىراق ناتونۇش مۇھىتقا بېرىپ ياشاي دەيمەن . سىزمۇ ئاتا - ئانىڭىزنىڭ ئالدىدا تەڭلىك بولماڭ .

ئەنسەر بۇ گەپلەرنى بەك كۆڭلىگە ئېلىپ كەتمىدى .

— ئابىدە ، كۆڭلىڭىزنىڭ يېرىملىقىنى بىلىمەن ، بۇنداق چاغدا سىز بىلەن ئارتۇق تالاشقۇم يوق . ئىشىنىڭ ، مەن يۈرىكىد- ىڭىزدىكى جاراھەت ساقايغۇچە ساقلايمەن .

ئالدىدا ماڭغان ئابىدە تاكسى توستى . ئەنسەرمۇ ياندىشىپلا ئابىدەنىڭ يېنىغا چىقىپ ئولتۇردى . ئۇلار ئابىدەنىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلگۈچە بىر ئېغىزمۇ سۆزلەشمىدى .

# ئون ئۈچىنچى باب

## قوشدۆك يېزىسى

ئابىدە هۆججەتنى كۆتۈرۈپ هۆرىيەتنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى.

— هۆرىيەت هەدە، مەن هۆججەتنى تاپتىم!

— نېمە؟ نەدىن تاپتىڭىز؟

— باشقا دېلو ئارخىپىنىڭ ئىچىگە كىرىپ قاپتۇ، ئاخىر تېپىلدى.

— ئۇھ... تېپىلغىنى ياخشى بولدى. بۇ دېلو بەك كەينىگە سۆرىلىپ كەتكەن. نېمە قىلارىمىزنى بىلەلمەي كالىلام قېتىپلا تۇراتتى. لېكىن، ئابىدە سىز سەۋەنلىك ئۆتكۈزدىڭىز، مۇنداقمۇ بىخەستىلىك قىلامسىز؟

— كەچۈرۈڭ، بۇندىن كېيىن دىققەت قىلاي.

— لېكىن، مۇنداق ئىش بار. بۇگۈن كەچتە بىزنىڭ كوللېگىيە بويىچە يىغىن ئېچىلىدۇ. سىز ئۆزىڭىزنى تەكشۈرىسىز. بىر يازما تەكشۈرۈشنامە يېزىپ تەييارلاپ قويۇڭ.

ئابىدە تۇرۇپ قالدى. ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان ۋاقىتتىكى ئىزگۇ تۇيغۇ يۈرىكىنى مۇجۇشقا باشلىدى. كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى.

— ماڭىمۇ ئامال يوق، بۇ مەهكىمە باشلىقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى...

ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەستىن ئابىدە ئاغزىنى ئەتكىنىچە يىغلاپ

ئىشخانىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئەنسەر بىلەن كارىدوردا دوقۇرۇشتى. ئابدەنىڭ يىغلىغىنىچە يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كەتكىنىنى كۆرگەن ئەنسەر ھەيران بولۇپ ھۆرىيەتنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئەھۋالنى بىلدى.

— ئۇنداق قىلسا ئابدەگە ئۇۋال بولىدۇ، — دېدى ئەنسەر، — بۇ ئىشتا ئۇنىڭ سەۋەنلىكى يوق.

— ھېسسىياتىڭىزنى چۈشىنىمەن ئەنسەر، — دېدى ھۆرىيەت، — لېكىن قائىدە - تۈزۈمگە ھېسسىياتنى قېتىۋالساق بولماس.

— لېكىن، بۇ ھېسسىياتقا تاقىلىدىغان ئىش ئەمەس.

ئەنسەر يانچۇقىدىن كىچىك ئۈنئالغۇنى ئېلىپ كۇنۇپكىنى باستى. شۇئان گۈزەلنۇر بىلەن تۇنىيازنىڭ ئۇقۇرمەنلەرگە تونۇش سۆھبىتى ئېنىق ئاڭلاندى.

— ئەنسەر، بۇ نېمە ئىش؟

— بۇ ئەسلىي گۈزەلنۇر دېگەن پەسەندىنىڭ ئويۇنى. گۈزەلنۇر بىلەن تۇنىياز ئۇزۇندىن بېرى ئارىلىشىۋاتقان ئوخشايدۇ. ئۇلار ئابدە بىلەن بىزنىڭ ئۇرۇمچىدىن كەلگەن مۇئەللىمگە تاسادىپىي ئۇچراپ، بىزنىڭ مۇئەللىم بۇ گەپلەرنى لېنتىغا ئېلىۋالغانىكەن. ھۆججەتمۇ قولىغا چۈشۈپتۇ.

— ئابدە ماڭا ئۇنداق دېمىدىغۇ؟

— مۇئەللىم ئەسلىدە بۇ لېنتىنى ئىدارىگە تاپشۇرۇپ، گۈزەلنۇرنىڭ قىلمىشىنى ئاشكارىلاشنى ئېيتىپتىكەن، ئابدە ئۇنىماپتۇ. ئابدە: «مۇھىمى ھۆججەت، ھۆججەت تېپىلسىلا بولدى. گۈزەلنۇر ئىدارىدە كۈن كۆرسۇن، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىمەن» دېگەن ئوخشايدۇ.

— بىچارە ئابدە، راستتىنلا ئاق كۆڭۈل قىزكەن، بۇ لېنتا قانداق قىلىپ سىزنىڭ قولىڭىزغا چۈشۈپ قالدى؟

— سەمى مۇئەللىم مەن بىلەن كۆرۈشۈپ، «بۇ لېنتىنى

سەن ساقلاپ قوي ، ئەگەر ئابىدەگە ئىدارىدە بىرەر گەپ كېلىپ قالسا ئەسقېتىپ قالار » دەپ ماڭا بەرگەن . بۇنى سىزگە دەپ قويااي دەپ ئالغاچ كەلگەنتىم .

— ياخشى قىپسىز ، مەن رەھبەرلەرگە دەپ ئابىدەنىڭ ئۆزد-نى تەكشۈرۈشنى بىكار قىلغۇزاي ، لېنتىنى ماڭا بېرىڭ .

— لېكىن ، گۈزەلنۇر قانداق بولار ؟

— جاجىسىنى يېسۇن ! كىم ئۇنى پۇل ئۇچۇن مۇشۇنداق پەسكەشلىك قىلىڭ دەپتۇ ؟ شۇمۇ بىر قانۇن كادىرى قىلىدىغان ئىشمۇ ؟ ئىدارىدىن قانداق چارە كۆرسە كۆرسۇن !

ئەنسەرمۇ قوشۇلدى . بۇ ئىش شۇ پېتى بېسىقىپ قالسا گۈزەلنۇرنى يەنە شۇنداق قىلمايدۇ دېگىلى بولمايتتى . بۇ بىر مەسئۇلىيىتى ئېغىر خاتالىق بولۇپ ، بۇ خاتالىق بىچارە ئابىدەگە ئارتىلىپ قالسا ئابىدەگە راستتىنلا ئۇۋال بولاتتى .

ئابىدە پورتمالنى كۆتۈرۈپ غەزەپ بىلەن گۈزەلنۇرنىڭ يېنىد-غا كىرگەندە گۈزەلنۇر مېھراي بىلەن گەپلىشىپ تۇراتتى . ئۇلار ئابىدەنىڭ قەھرلىك چىرايىغا قاراپ ھودۇقۇپ كەتتى . ئابىدە پورتمالنى ئېچىپ گۈزەلنۇرغا كۆرسەتتى . پورتمال ئىچىدىكى سۈرەت سالىدىغان يەردە گۈزەلنۇر بىــلەن تۇنىــيازنىڭ بىللە چۈشكەن سۈرىتى سېلىقلىق ئىدى . پورتمالنى ئابىدەنىڭ قولىدا كۆرگەن گۈزەلنۇر قورقۇپ تاتىرىپ كەتتى .

— ماۋۇ سۆيگىنىڭنىڭ پورتمالىنى ياندۇرۇپ بېرەي ، — دېدى ئابىدە گۈزەلنۇرنى «سەن» لەپ ،— ئاپىرىپ قولىغا بەر . ھۆججەتنى ئېلىۋالدىم ، ۋۇجۇدۇڭدا ۋىجدان ، غۇرۇر دېگەن نەرسە يوقكەن . بىر سوت كادىرى تۇرۇقلۇق نومۇس قىلماي شۇنداق پەسكەشلىكلەرنى قىلامسەن ؟ مەن ساڭا نېمە يامانلىق قىلغان ؟ بۇنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن ؟

گۈزەلنۇر قــىزىرىپ ، تاتىرىپ ، ئىدارىــدىكىلەر ئىشنى بىلىپ بوپتۇ دەپ ئويلاپ ، كۆزىنى يۇمۇپلا مېھرايغا دۈگىدى :

— بۇنى مەن پىلانلاپ قىلمىدىم. مېھراي ماڭا شۇنداق ئۆگەتكەن.

مېھراي گۈزەلنۇرنىڭ بۇ قەدەر يۈزسىزلىكىنى ئويلىمىغانىدى، ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەرۋاھى ئۇچتى:

— نېمانداق يۈزسىز نېمىسەن؟ كىم ساڭا ھۆججەت ئوغرىلا دەپ ئۆگىتىپتۇ.

— ئۆزۈڭ دېمىگەنمۇ، ئابىدەنى بىر ئامال قىلىپ كۆزدىن يىراق قىلايلى، ئاندىن مەن ئەنسەرنى كەلتۈرىمەن دېگەن كىم؟

مېھراي ئابىدەنىڭ ئالدىدا نومۇستىن يەرگە كىرگۈدەك بول-دى. غەزەپتىن قىلغىلى گەپ تاپالماي قالدى. ئاندىن، ئابىدەگە قاراپ:

— جېنىم ئابىدە، ماڭا ئىشەن، مەن ئۇنداق دېمىدىم.

— گۈزەلنۇر، سەن بۇ ئىشقا مېھراينى قېتىۋالما، مېھراي-نىڭ بۇ ئىش بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. بۇ پۈتۈنلەي تۇنىياز ئىككىڭلارنىڭ ئويۇنى.

— ھۆججەتنى مېنىڭ ئالغانلىقىمغا ئىسپاتىڭ بارمۇ؟ ئىسپا-تىڭ بولسا ئوتتۇرىغا قوي! قېنى، مېنى نېمە قىلالايسەنكىن…

گۈزەلنۇر قورقۇپ لاغىلداپ تىترەپ تۇرسىمۇ ئاغزىدا شۇن-داق دەپ بويىنىنى شاپتۇل قېقىپ ماڭدى.

— سېنى ھېچنېمە قىلالمايمەن! — دېدى ئابىدە، — ئۆزۈڭ دەپ باقە، ۋىجدانىڭغا يۈز كېلەلەمسەن؟

گۈزەلنۇر گەپ تۇگىمەستىنلا چىقىپ كەتتى. مېھراي ئابى-دەنىڭ قولىنى تۇتۇپ يالۋۇردى:

— ئابىدە، مېنى كەچۈر، ساڭا ھەسەت قىلغىنىم، ئەنسەرنى سەندىن قىزغانغىنىم راست، لېكىن مېنىڭ ئۇ دەرىجىدە يامان نىيىتىم يوق. گۈزەلنۇرغا ئۇ ئىشنى مەن ئۆگەتمىدىم.

— بىلىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن گۈزەلنۇر بىلەن ئارىلاشقاندا دىققەت قىل. بۇنداق ئادەمدىن ھەر بالا كېلىدۇ.

ئىككىسى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قالدى . ئىككىسىـ
ـنىڭ قىلىشىدىغان گەپلىرى كۆپ ئىدى ، لېكىن نېمە دېيىشنى
ھەر ئىككىسى بىلمىدى .

كەچتە راستتىنلا يىغىن ئېچىلدى ، لېكىن ئابىدە توغرۇلۇق
ھېچقانداق گەپ بولۇنمىدى . ئۆزىنىمۇ تەكشۈرمىدى . يىغىن
ئاخىرىدا ھۆرىيەت ئابىدەنىڭ ئەمدى قوشدۆڭ سوتىغا بارىدىغانلىـ
قىنى ، ئۇنىڭ قىسقا مەزگىل بولسىمۇ ناھايىتى ياخشى ئىشلىگەنـ
لىكىنى ئالاھىدە ماختاپ تىلغا ئالدى ھەم قىسقىچە ئۇزىتىش
نۇتقى سۆزلەپ قويدى . مۇئامىلىسى قىزغىن ، دوستانە بولۇپ ،
ئابىدە بۇنىڭدىن ھەيران بولدى .

گۈزەلنۇر ئۆز ـ ئۆزىدىن خۇدۇكسىرەپ ئولتۇراتتى . پورتـ
ـمالنىڭ قانداق بولۇپ ئابىدەنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقى ئۇنىڭ
ئۈچۈن سىرلىق تېپىشماق ئىدى .

*　　*　　*

ئابىدە كوللېكتىپىدىكى خىزمەتداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ
ئۆيگە قايتتى . مەھەللىدىكى ئۆيلەرنىڭ يېرىمى چېقىلىپ بولغان
بولۇپ ، ئۆي چېقىش شىركىتىدىكىلەر ھېلىھەم جىددىي ئىشلەۋا-
تاتتى . ئابىدە قوشدۆڭ خەلق سوتىغا كۆچۈپلا بارماقچى ، ئۇنىڭـ
ـسىزمۇ ئامال يوق ئىدى .

ئابىدە ئوشۇقىغىچە توپا كېچىپ ئۆرۈلگەن كېسەك ، توپا
دۆۋىلىرىدىن ئايلىنىپ ئۆيگە كىردى . ئۆي ئاللىقاچان يىغىشتۇ-
رۇلۇپ بولغانىدى . ئابىدە ئۆزىنىڭ خانىسىغا كىرىپ كارىۋاتتا
ئولتۇردى . غېرىب ئۆي كۆڭلىنى تېخىمۇ يېرىم قىلدى . ئۆيدىكى
ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا ئىشچان ، جاپاكەش ئانىسىنى ئەسلىتىپ
تۇراتتى . ئابىدە مۈگلىنىپ ئولتۇرۇپ بىرمۇنچە كۆز يېشى
قىلدى .

ئابىدە ئۆيىنىڭ ئىشىنى ئويلىسىلا بېشى قاتاتتى . ھېلىقى موللاق دېگەن بايۋەچچە قىرىق مىڭ يۈەننى تاشلاپ بېرىپ كەتكەنچە ھېچ قارىسىنى كۆرسەتمەيۋاتاتتى . ئۆيىنىڭ كىنىشكىسى تېخىچە ئابىدەنىڭ قولىدا بولغاچقا ، ئۆي چېقىش رەسمىيەتلىرىنى ئابىدە بېجىردى . ئابىدەلەرنىڭ ئۆيى ئوتتۇز ئىككى مىڭ يۈەن باھالىنىپ ئېلىندى . ئەمدى ھېلىقى موللاقنى نەدىنلا بولمىسا تېپىپ پۇلنى ياندۇرۇپ بېرىۋەتمىسە بولمايتتى ، ئابىدە ھەر قېتىم بۇ پۇللارنى ئويلىسا ئانىسى يادىغا كېلىپ : «ئانامنىڭ باردا مۇشۇ پۇللارنىڭ يېرىمى بولسىچۇ» دەپ كۆڭلى يېرىم بولاتتى .

ئەتىسى ئابىدە ئىدارىنىڭ كىچىك كوزۇپلۇق ماشىنىسىدىن بىرنى دېيىشىپ ئۆيدىكى نەرسىلىرىنى باستى ـ دە ، ئۇزۇن يىل ئولتۇرغان مەھەللىسىدىن كۆزى قىيمىغان ھالدا ئايرىلدى .

ماشىنا يېڭى ياسالغان تۈپتۈز يولدا ئۇچقاندەك كېتىپ باراتتى . يول ناھايىتى ئۇزۇن بولسىمۇ ، ئابىدەگە خېلى كۆڭۈللۈك تۇيۇلدى . ئۇنىڭ جىددىيلەشكەن ، چارچىغان مېڭىسى يېزىنىڭ ئارامبەخش مەنزىرىلىرىدىن ئەللەيلىنىۋاتقاندەك ئۆزىنى شۇنداق يەڭگىل ، ئازادە سەزدى . قىش كىرىپ قالغاچقا ئېتىزلار ، باغلار يالىڭاچلىنىپ قالغان ، يول بويىدىكى ئېرىقلارغا يىغىلىپ قالغان سۇلار مۇز تۇتقانىدى . تورخۇنلاردىن ئىس چىقىپ تۇراتتى ، يول بويى زامانىۋى ئۇسلۇب بىلەن ھەشەمەتلىك قىلىپ سېلىنغان قەۋەتلىك ئۆيلەرمۇ ، سېلىنىۋېتىلغان يېرىم ئەسىردىن ئاشقان پاكار كېسەك تاملىق كونا ئۆيلەرمۇ كۆزگە چېلىقاتتى .

ئابىدە «قوشدۆڭ خەلق سوتى»نى ھەرخىل تەسەۋۋۇر قىلىپ باقاتتى . ئىلگىرى ، قوشدۆڭدە ئىشلىگەن كاتىپ ئويۇن ـ تاماشا يوق زېرىكىپ قالامدىكىن يا ئاشخانا يوق قورساقتىن قىينىلىپ قالامدىكىن كەچكىچە شەھەرگە كىرىۋېلىپ ، بارغىلى ئۇنىماي رازاقىنى بەكلا زېرىكتۇرۇۋەتكەنىكەن . ئەمدى ئابىدە شۇ يەرنى

ماكان تۇتماقچى بولۇپ كېتىپ بارىدۇ، ئۇنى نېمە قىسمەتلەر كۈتۈۋاتىدىكىن؟

ماشىنا ئۇزۇن بىر سايلىقنى كېسىپ بىرەر سائەت ماڭغاندىن كېيىن يىراقتىن مەھەللە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئابىدە يول ياقىسىدىكى تاختايغا يېزىلغان «قوشدۆڭ يېزىسى سىزنى قارشى ئالىدۇ» دېگەن خەتتىن قوشدۆڭگە كەلگەنلىكىنى بىلدى. ماشىنا يول ياقىسىدىكى تاملىرىغا ھەرخىل كىنو كۆرۈنۈشلىرىنى چاپلىۋەتكەن ئۈن - سىن بۇيۇملىرى دۇكانلىرى، قاسساپ ۋە تىجارەتچىلەر بىلەن ئازراق بازار تۈسىنى ئالغان ئاۋاتراق بىر كوچىغا كېلىپ چوڭ دەرۋازا ئالدىدا توختىدى. ئابىدە دەرۋازا يېنىدىكى «قوشدۆڭ خەلق سوتى» دېگەن خەتنى ئوقۇپ، بۇ يېڭى ئورۇنغا قىزىقىش نەزىرى بىلەن باقتى. بۇ يەر ئابىدەنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن خېلىلا يېڭى ھەم كۆركەم ئىدى. دەرۋازىدىن كىرىپلا ئىككى تەرەپتە كىچىك باغ، ئوتتۇرىسىدىكى يولنىڭ ئۈستىدە (ئۈزۈم بارىڭى بولسا كېرەك) تۆمۈر رېشاتكىلىق باراڭ بار ئىدى. قورۇدا سوتخانىغا قارىغاچ قاراۋۇللۇق قىلىدىغان قىرىق ياشلاردىكى بىر ئەر كىشىدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. ئابىدە ئۇنىڭدىن رازاقنى سورىدى.

— ئەتىگەن كەلگەن، بىر ئىش بىلەن چىقىپ كەتتى. سىزنىڭ كېلىدىغانلىقىڭىزنى ماڭا دېگەن، ياتىقىڭىزنى كۆرسىتىپ قوياي...

ئاڭغىچە ئابىدە كەلگەن ماشىنىدىكى شوپۇر يىگىت تۇۋلىدى:

— تىلىڭۋالدىكا، بۇياققا كەلسىلە، ماۋۇ نەرسىلەرنى توشۇشۇپ بەرسىلە...

ئابىدەنىڭ نەرسىلىرى ئاز ئەمەس ئىدى. ئابىدەمۇ ياردەملەشكىلى كېلىۋىدى، ئىككى ئەر كىشى: «بىز ئۆزىمىز توشۇيمىز» دەپ ئۇنى توشۇغىلى قويمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئابىدە

يېنىك نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ قاتار - قاتار ئىشخانىلارنىڭ ئەڭ
چېتىدىكى تىلىۋالدى «ياتاق» دەپ كۆرسىتىپ قويغان ئۆيگە
توشۇشقا باشلىدى . ئابىدە نەرسە توشۇغاچ ئىشخانىلارغا ، سوتخا-
نىلارغا قىزىقىپ قارايتتى . نەرسىلەر توشۇلۇپ بولغاندىن كېيىن
شوپۇر خوشلىشىپ كەتتى . تىلىۋالدىكام دېگىنى مۇلايىم ، كۆ-
يۇمچان ئادەمدەك كۆرۈنەتتى .

— قىزىم ، سىز نەرسىلىرىڭىزنى يىغىشتۇرغاچ تۇرۇڭ .
ئۆيدىكىلەر تاماق ئېتىۋاتاتتى . ئۆيۈم مۇشۇ ئالدىدىلا ، سىزگە
تاماق ئەكېلەي ، ئوغلۇم كېلىپ مەشنى قۇرۇپ بەرسۇن ... ، —
دەپ چىقىپ كەتتى . ئابىدە بۇ ئادەمنىڭ ئىللىق مۇئامىلىسىدىن
ناھايىتى خۇشال بولدى .

ئۇنىڭ ياتىقى ئىشىكتىن كىرسىلا ئىشخانا ئىكەن . ئىشخانى-
غا ئۈچ دانە ئۈستەل ، بىر ئۇزۇن ئورۇندۇق ھەم بىر ئىشكاپ
قويۇلغان بولۇپ ، ئادەم كىرمىگىلى ئۇزۇن بولغان بولسا كېرەك
بىر قەۋەت توپا باسقانىكەن . ياندا بىر ئىشىك ، ئۇدۇلىدا بىر
ئىشىك بار ئىدى ، ئابىدە يان ئىشىكنى ئېچىۋىدى ، ئۆيگە قويۇل-
غان ئەپچىل كارىۋاتنى كۆردى . بۇ كارىۋات ئەسلىدە يېپيېڭى
ھەم چىرايلىق بولۇپ ، ئۈستىگە كىملەردۇر ئىشلەتكەن مەينەت
ئەديىال تاشلاقلىق تۇراتتى . تامغا ئېسىقلىق سائەتلىك مەنزىرە
جازا توپا بېسىپ كەتكەنلىكتىن قانداق مەنزىرىلىكىنىمۇ
كۆرگىلى بولمايتتى .

ئابىدە ئۇ ئۆيدىن يېنىپ چىقىپ ئۇدۇلىدىكى ئىشىكنى
ئاچتى . بۇ ئاشخانا بولۇپ ، ئەپچىل ئوچاق سېلىنغان ، ھەتتا گاز
ئوچاقمۇ بار ئىدى . چوڭ داش قازان ، يوغان ئىككى چېلەك ،
ساپلىق چۆگۈن قاتارلىق نەرسىلەر توپا بېسىپ تۇراتتى . قارىماققا
بازاردىن ئېلىنغاندىن بېرى بىرەر قېتىممۇ ئىشلىتىلمىگەندەك
ئىدى . قارىغاندا بۇ يەردە ئىشلىگەنلەر ئاشخانا سايمانلىرىنى
ئېلىپ تاماقنى ئۆزى ئېتىپ يېمەكچى بولغان ، لېكىن خۇشياقماي

ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن بۇ ئاشخانا تاشلىنىپ قالغاندەك تۇراتتى. ئابىدە بۇلۇڭدىكى سۇ تۇرۇبىسىنى ئېچىۋىدى، شارقىراپ سۇ چۈشتى. ئاشخانىنىڭ ئىچىدە يەنە بىر كىچىك ئىشىك بار ئىدى. ئابىدە ئۇ ئىشىكنى ئېچىۋىدى، ئارقا ھويلىغا چىقىپ قالدى. ئارقا ھويلىدا پەۋەس ئوتۇن - كۆمۈر بېسىلغانىدى. ئابىدەنى ھەيران قالدۇرۇپ بىر چەتتە چوڭ توخۇ كاتىكىدە ئەللىك - ئاتمىشچە توخۇ تۇراتتى.

يېنىدا يەنە بىر قوتان بوش بولۇپ، بۇلۇڭدا ئەپچىلگىنە ھاجەتخانا بار ئىدى. ئابىدە يېنىپ كىرىپ، ئالدى قورۇغا چىقتى. ئىشخانىلارنىڭ ھەممىسى تاقاق ئىدى. ئابىدە ئۇستىنگە دۆلەت گىربى ئېسىلغان چوڭ سوتخانىنىڭ دېرىزىسىدىن ئىچىگە بوينىنى سوزۇپ قارىدى. سوتخانا خېلىلا چوڭ، سوت مۇنبەرلىرىمۇ ئۆلچەملىك، يېڭى بولۇپ، سىرتتىن ئاڭلىغۇچىلار ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقلىرىمۇ كۆپكەن. قاراشتىنلا ئىدارە يېزا سوتىغىمۇ خېلىلا مەبلەغ سالغاندەك قىلاتتى.

ئابىدە بۇ سوتخانىغا قىزىقىپ چۆرگىلەپ يۈرگەندە تىلىۋالدى داستىخانغا تاماق ئوراپ، ئون سەككىز - ئون توققۇز ياشلاردىكى ئوغلىنى باشلاپ كىرىپ كەلدى.

— ھەي بالام، سىز شەھەردىكى بىنا ئۆيلەردە چوڭ بولغاچقا، بۇ يەرگە كۆنمىكىڭىز تەسكە چۈشىدۇ، — دېدى تىلىۋالدى، — بولۇپمۇ قىش كۈنى جاپالىق، ياز كەلسىمۇ بىزنىڭ يېزىنىڭ ئوبدانلىقىدىن شەھەرگە قايتقۇڭىزمۇ كەلمەيدۇ، كۆنۈۋالغۇچە قىيىنلىدىغان بولدىڭىز.

— ياقەي، بۇ يەرنى ياقتۇرۇپ قالدىم. نېمە جاپا بولاتتى.

— بالىلارنىڭ ئانىسى ئاڭلاپ: «كىچىككىنە قىز بالا ئۇ يەردە يالغۇز قانداق تۇرىدۇ. بىزنىڭ ئۆيدىلا تۇرسۇن» دەيدۇ. بىزنىڭ ئۆيدىلا تۇرامسىز - يە؟

— رەھمەت، سىلەرگە جاپا سالماي، قارىسام بۇ يەرمۇ قولايلىقكەن، تۇرۇۋېرىمەن.

— تاماق سوۋۇپ قالمىسۇن ، يەۋېلىڭ قىزىم . بىز يەپ
چىقتۇق ، تارتىنماي ئېلىڭ .
تىلىۋالدى داستىخاننى ئېچىش بىلەن سوغۇق ياتاققا پولۇنىڭ
مەززىلىك پۇرىقى تارالدى . شۇندىلا ئابىدە قورسىقىنىڭ ئاچقانلى-
قىنى سەزدى . ھېلىقى ئوغۇل ياتاققا كىرگەن پېتىلا باشقا ئىشخا-
نىدىن بىر مەشىنى قومۇرۇپ ئېلىپ ئابىدەنىڭ ياتىقىغا
ئەكىردى - دە ، سوغۇققا قارىماي لاي ئېتىپ مەشنى قۇرۇشقا
باشلىدى ، ئۆگزىگە چىقىپ تۇرخۇنلارنى ئۆڭشىدى . ئابىدە قوللى-
رىنى يۇيۇپ ئوخشىغان پولۇدىن تويغۇچە يېدى . ناتونۇش ئادەم-
لەردىن كېلىۋاتقان بۇ مېھرىبانلىق ئابىدەنى تەسىرلەندۈرۈپ
كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى .

ئوغۇل مەشىنى قۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئوتۇنلارنى
غاس - غۇس ئۇشتۇپ مەشكە ئوت قالاپ بەردى . ئوغۇلنىڭ
بۇنداق ئىشلاردا خېلى ئېپى بولسا كېرەك ، بىردەمدىلا گۇرۇلدەپ
كۆيۈشكە باشلىدى .

— بالىڭىز كىچىك تۇرۇپ قولىدىن ئەجەب ئىش كېلىدى-
كەن ، — دېدى ئابىدە ئوغۇلغا ھەۋىسى كېلىپ ، — تەلىيىڭىز
باركەن .

— ھەئە ، ئىشچان ، ياۋاش بالا بولدى . تولۇقسىزنى پۈتتۈ-
رۈپلا مەكتەپتىن چىقىۋالغان ، دېھقانچىلىقىمۇ مۇشۇ بالىغا قاراش-
لىق بولۇپ قالدى .

ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن تىلىۋالدى بىلەن ئوغلى ماڭ-
ماقچى بولدى :

— قورقىسىڭىز ، قىزىم كەچتە بىللە يېتىشىپ بەرسۇن ،
لازىم نەرسە بولسا دەڭ ، — دەپ چىقىپ كەتتى .

ياتاق گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان مەشنىڭ تەپتىدە بارغانسېرى
ئىسسىشقا باشلىدى . ئابىدەنىڭ قورسىقىمۇ توق بولغاچقا ھارغى-
نىغا قارىماي چاققانلىق بىلەن ياتاقنى تازىلاشقا چۈشتى . ئابىدە

بىرنەچچە سائەت ئىشلىگەندىن كېيىن ياتاق ، ئاشخانىلار ئادەم ئولتۇرغۇدەك بولدى . يېڭى سېلىنغان ياتاق ئابدەلەرنىڭ كېسەك تام كونا ئۆيىدىن كۆپ چىرايلىق ئىدى .

ئابدە ئەلياتقۇ بىلەن ياتاق ئىچىنى ئاران بېسىقتۇرۇپ بولدى . ئابدە ئانىسىنىڭ قولى تەگكەن دەپ جىق نەرسىلىرىنى تاشلىۋەتمەي ئەكەلگەنىدى . كەمبەغەل بولسىمۇ ئىشچان ئانىسىنىڭ يىگىرمە نەچچە يىل تۇجۇپىلەپ تۇتقان ئۆيىدىكى كۆپ قىسىم جابدۇقلار بۇ ياتاقتا جايلىشىپ «بىز يەنىلا بار» دېگەندەك ئۆزىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى . ئابدە ئانىسى تىككەن پەردىلەرگە ، نەپىس ئىشلەنگەن چامادان ياپقۇچلىرىغا ، ياستۇقلارغا قاراپ خۇددى ئۇلاردا ھېسسىيات باردەك ئابدەنىڭ ئۆزلىرىنى يەنىلا قەدىرلەۋاتقانلىقىدىن خۇشال بولۇۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى . ئابدەنىڭ قوشدۆڭدىكى ھاياتى مانا شۇنداق باشلاندى .

سەھەردە ئابدە «شارت ـ شارت» قىلغان ئاۋازدىن ئويغىنىپ كەتتى . ئۇ دېرىزىدىن تىلىۋالدىنىڭ يوغان چىغ سۇپۇرگە بىلەن ھويلىنى سۇپۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى ھەم يۈز ـ كۆزلىرىنى چالا ـ بۇلا يۇيۇپ ھويلىغا چىقتى .

— ئوبدان ئۇخلىدىڭىزمۇ قىزىم ؟ — تىلىۋالدى ئۇنىڭدىن مۇلايىملىق بىلەن ئەھۋال سورىدى .

— ھەئە ، شۇنداق ياخشى ئۇخلىدىم ، ئازراق چارچىغان ئوخشايمەن ، ئەتىگەن تۇرالماپتىمەن ، ئەكەلسىلە سۇپۇرگىنى ، مەن سۇپۇرەي .

— نېمە دەيدىغانلا قىزىم ، مېنىڭ ۋەزىپەم مۇشۇ ھويلىغا قاراش ، ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ .

— رازاقكام قاچان كېلىدۇ ؟

— ئۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس . تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ قالىدۇ . بەزىدە ھەپتە ـ ھەپتە كۆرمەيمەن ، مەن سىزگە ئىشخانىنى ئېچىپ بېرەي ، لازىمەتلىكلەرنى ياتقىڭىز بار ئىشخانىغا يۆتكىۋېلىڭ .

تىلىۋالدى ئىشخانىنى ئاچتى. بۇ رازاق سوتچىنىڭ ئىشخانىسى ئىدى. باشقا بىرنەچچە ئىشخانىلار قۇرۇق تۇراتتى.

ئابىدە تاشلىنىپ تۇرغان ماتېرىياللارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ دېلو قوبۇل قىلىش ھەم سوت ئېچىشتا ئىشلىتىدىغان جەدۋەل، ئۇقتۇرۇشقا لازىملىق نەرسىلەرنى رەتلەشكە باشلىدى ھەم قولاي-لىق ئۇچۇن كاتىپنىڭ نەرسىلىرىنى ياتقى بار ئىشخانىغا يۆتكى-ۋالدى. بۇ ئىشخانىمۇ ھازىر پاكىزلىنىپ خېلى ئىسكەتكە كىرىپ قالغانىدى. ئابىدە پات ـ پات تىلىۋالدىغا قاراپ قوياتتى. تىلىۋال-دى تىنىم تاپماي ئىشلەيتتى. توخۇلارغا دان، يەم، سۇ بېرەتتى. كەلگەنلەرنى بىر نېمە دەپ يولغا سالاتتى. رازاق سوتچىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. پۈتۈن بىر سوت كوللېگىيىسى مۇشۇ ئادەمگە ئۇڭچە قالغانىدى.

چۈشتە تىلىۋالدى ئابىدەنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. ئابىدە چوڭلارنىڭ قائىدىسى بويىچە ئانىسىنىڭ ساندۇقىدىن بىر پارچە رەختنى ئېلىپ تىلىۋالدىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ مېھمان بولدى. تىلى-ۋالدىنىڭ ئايالى گۈلسۈمخان بىر دەمدىلا لەڭمەننى تەييار قىلدى. ئۆيدە كېلىنلەر، نەۋرىلەر بولۇپ جىقلا ئادەم بار ئىدى. ئابىدە قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە تاماقنى يەپ گۈلسۈمخانغا رەھمەت ئېيتىپ، ئىشخانىغا يېنىپ كەلدى ھەم «بۇنىڭدىن كېيىن خەق-نىڭ تامىقىنى يېمەي، ئۆزۈممۇ تاماق ئېتەي» دەپ ئويلىدى.

رازاق سوتچى كەلمىگەچكە ھېچقانداق ئىش يوق ئىدى. ئالدىراش ئىشلەپ كۆنۈپ كەتكەن ئابىدە بۇ بىكارچىلىققا كۆنەل-مەي قالدى ھەم سەمىنىڭ «رىقابەت يوق، ئىنتىلىش يوق بىر خىل خىزمەت مۇھىتى سىزنىڭ ئىرادىڭىزنى سۇسلاشتۇرۇپ سىزنى شۇكۇر ـ قانائەتچان قىلىپ قويىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئەسلىدى. ئۇ گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان مەش ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۆزى ئەكەلگەن گازىرنى چاققاچ، قانداق قىلىش ھەققىدە ئويلاندى.

# ئون تۆتىنچى باب

## ۋىجدان سوتى ئالدىدا

ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى كارىدوردا ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر ئادەم كىملەرنىدۇر ۋارقىراپ تىللاپ غوۋغا كۆتۈرۈۋاتاتتى . ئۇ ئادەم قانۇن ساقچىلىرىنىڭ توسقىنىغا قارىماستىن ئىشىكىگە «مەھكىمە باشلىقى ئىشخانىسى» دېگەن تاختاي ئېسىلغان ئىشخانا ئالدىغا كېلىپ ۋارقىرىدى :

— ھەي جاپپار دېگەن يۈزى يوق پارىخور ، يىگىرمە مىڭ يۈەن پۇلۇمنى يەۋېلىپ كۆزۈڭنى مۇشۇكتەك يۇمۇۋالامسەن ! ئوغلۇڭنى قويۇپ بېرىمەن دېگەن ۋەدەڭ قېنى ، يەيدىغاننى يەپ يەنە ئوغلۇمنى مۇددەتسىز كەسكۈزۈۋېتىپسەنغۇ ؟

ئەتراپتىكىلەر ھەدەپ ئۇ كىشىنى توسقان بولسىمۇ ، لېكىن بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشتى .

ئىشخانىدا باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋاتقان جاپپار بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ئەجەبلىنىپ چىقتى . ناتونۇش بىر ئادەم ئاغزىدىن پوق ئاققۇزۇپ ئۇنى تىللاپ ھاقارەتلەۋاتاتتى . قانۇن ساقچىلىرى ئۇنى سۆرەۋاتاتتى .

— سىز كىم ، بۇ نېمە گەپ ؟ — دېدى جاپپار سالاپەت بىلەن .

جاپپارنى كۆرۈپ ھېلىقى ئادەم ئازراق ھېيىققاندەك بولدى . شۇنداقتىمۇ يەنە پەيلىنى يامان قىلىپ :

— ئوغلۇم مۇددەتسىز كېسىلىپتىغۇ؟ يىگىرمە مىڭ يۈەننى ئاپارغان چاغدا ئەجەب بۇ گەپ يوقتا !

جاپپار مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى :

— قاچان؟ كىمگە بەرگەن يىگىرمە مىڭ يۈەن ئۇ !

— بىلمەس بولۇۋالمىسىلا ، ئالدىغان چاغدا خوتۇنلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قويۇپ ، ئەمدى ھېسابىتىنى بېرىدىغان چاغدا ماڭا مۇنداق ھۆركىرىمىسىلە...

— دىققەت قىلىپ سۆزلەڭ ، بۇ گەپكە ئىگە بولمىسىڭىز بولمايدۇ .

— نېمە دېسەم ئۆزۈم ئىگە ، يىگىرمە مىڭ يۈەن پۇلۇمنى پوكىنىڭىزغا بېسىۋالغىنىڭىز راست .

جاپپار بىر قانۇن ساقچىسىغا ئۇ ئادەمنى ئىشخانىغا باشلاپ كىرىشنى بۇيرىدى ، ئاندىن ئۆزى بېرىپ ئىش ئۇستىلىنىڭ ئالدىغا كەلدى .

ھېلىقى ئادەم ئىشخانىغا كىرىپ «مېنى نېمە قىلالايتىڭ» دېگەندەك ھومىيىپ تۇردى . قانۇن ساقچىسى ئۇنىڭ يېنىدا نازارەت قىلىپ تۇراتتى .

— خوش ،— دېدى جاپپار ،— ئەمدى سۆزلەڭ ، ئۇ پۇلنى قاچان ، قەيەردە ماڭا بەرگەن؟

— مەن سىلىنى كۆرۈپ باقمىدىم ، باشقىلاردىن سۈرۈشتۈردۇم . ئۇلار : «بۇنداق ئىشنى خوتۇنى ئارقىلىق بېجىرگىلى بولىدۇ» دېدى . ئۆيلىرىگە بېرىپ ، خوتۇنىڭىزغا ئەھۋالنى ئېيتسام «مەن جاپپارغا ئەھۋالنى دەي ، ئوغۇللىرىنى قويۇپ بېرىشكە كۆچەپ باقسۇن ، سىز ئازراق پۇل جايلاپ كېلىڭ» دېگەن . شۇ كۈنلا يىگىرمە مىڭ يۈەن جايلاپ ئاپىرىپ بەردىم . مانا ئەمدى ئوغلۇمنى مۇددەتسىز كېسىۋېتىپسىلەر ، ئالغان يىگىرمە مىڭ يۈەن پۇلۇمنى ياندۇرۇپ بەرسىلە !

جاپپار قوشۇمىسى تۈرۈلگەن ھالدا ئولتۇرۇپ قالدى :

— دېگەنلىرىڭىز راستمۇ؟ پۇلنى راست بىزنىڭ ئۆيگە ئاپىرىپ بەرگەنمۇ؟

— خۇدا ھەققى راست.

جاپپار چۆرگىلىتىپ قويۇۋەتكەندەك گاراڭ بولۇپ قالدى. ئۇ ئەتراپتىكى كىشىلەردىن بەكمۇ نومۇس قىلدى. ھازىرغىچە ئۆزىنى پاك ـ دىيانەتلىك تۇتۇپ، نەپسانىيەتچىلىكتىن نېرى تۇرۇپ كەلگەن جاپپار بۇ گەپنى ئاڭلاپ تولىمۇ ئوسال ئەھۋالدا قالدى. «خۇدايىم بۇ بىر تۆھمەت بولۇپ قالار» دەپ ئويلايتىيۇ، ئايالىنىڭ بەزى نورمالسىز قىلىقلىرى يادىغا كېچىپ گۇمانى كۈچىيەتتى. ئەگەر، شۇنداق بولۇپلا قالسا ئۇ نۇرخاننى ھەرگىز كەچۈرەلمەيتتى. بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشى جاپپار ئۈچۈن «تۇگەشكەنلىك».

— سىز كەتمەي تۇرۇڭ، — دېدى ئۇ ھېلىقى كىشىگە، — چۈشتە مەن بىلەن بىزنىڭ ئۆيگە بىللە بېرىڭ! ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرايلى. مەن بۇ ئىشتىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز.

بۇ گەپ بىلەن تەڭ ئۇ ئادەممۇ جىمىپ قالدى. چۈشتە جاپپار ئۇ ئادەمنى ماشىنىسىنىڭ ئارقىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى.

— نۇرخان! — جاپپار ئىشىكتىن كىرىپلا غەزەپ بىلەن توۋلىدى.

نۇرخان ھۇجرا ئۆيدىن پوپايكىسىنى يېپىنغىنىچە ئىرغاڭلاپ مېڭىپ كەلدى. ئۇ ئېرى بىلەن بىللە كىرگەن ئادەمنى كۆرۈپلا ئېرىنىڭ غەزىپىنىڭ تېگىگە يېتىپ شۈمشىيىپلا كەتتى. نۇرخان پۇلنى ئالغاندىن كېيىن بۇ ئىشنى جاپپارغا پۈرىتىپ دېگەن، لېكىن جىنايەت خاراكتېرى ئېغىر، قەبىھ بولغاچقا جاپپار مۇددەتسىز قاماق جازاسى توغرا بوپتۇ دەپ قاراپ ھۆكۈمگە تەس- تىق سالغاندى. ئىشنىڭ بۇنداق ئاشكارىلىنىپ قېلىشىنى نۇرخان ئويلىمىغاندى.

— بۇ كىشىدىن يىگىرمە مىڭ يۈەن پۇل ئالغانمۇ !

نۇرخان ئېرىنىڭ غەزەپلىك چىرايىدىن قورقۇپ تېنىۋالماقچىمۇ بولدىيۇ، لېكىن پۇلنى بەرگەن ئادەم ئالدىدا كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرغاچقا ئامالسىز قالدى ھەم گەپ قىلالماي بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇنىڭ بېشىنى لىڭشىتقىنىنى كۆرگەن جاپپار پېشانىسىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئاچچىق ئۇنىڭ مېڭىسىگە تەپكەندى.

— پۇل ھازىر بارمۇ ؟ — دېدى ئۇ ھالسىز ئاۋازدا، — بولسا ئاچىقىپ دەرھال بۇ كىشىگە قايتۇرۇپ بەر.

نۇرخان ئالاق-زادىلىك بىلەن ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. جاپپار ھېلىقى ئادەمگە بۇرۇلۇپ:

— ئوغلىڭىزنىڭ دېلوسى بىلەن بۇ ئىش مۇناسىۋەتسىز. ھۆكۈمگە قايىل بولمىساڭلار يۇقىرىغا نارازىلىق ئەرزى بەرسەڭلار بولىدۇ، سىز پۇلنى ئېلىپ قايتىپ تۇرۇڭ.

جاپپارنىڭ بىردەمدىلا كېسەلمەن ئادەمدەك تاتارغان چىرايىغا قاراپ ئۇ كىشى گەپ قىلالماي قالدى. نۇرخان ھۇجرىسىدىن ئىككى باغلام پۇلنى ئېلىپ ئۇستەلگە قويۇپ جىم تۇردى. جاپپار ھېلىقى ئادەمگە پۇلنى سانىۋېلىشنى بۇيرىدى. ئۇ ئادەم پۇلنى ساناپ بولغاندىن كېيىن قوينىغا سېلىپ خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

جاپپارنىڭ خوتۇنىنى ئۇرۇپ دۇمبالىغۇدەك كۈچى قالمىغانىدى. نۇرخان نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالغاندەك ھۇجرىسىغا قاراپ مېڭىۋىدى. جاپپارمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ كەينىدىنلا ھۇجرىغا كىردى. نۇرخاننىڭ چامادانى ئوچۇق تۇراتتى. چامادانىنىڭ تېگىدە جاپپار بۇرۇن بايقىمىغان يەنە بىر سىيرىتما يېرىم ئوچۇق تۇراتتى. نۇرخان ئىتتىك بېرىپ چامادانىنى ياپماقچى بولۇۋېدى، جاپپار ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ چامادانىنىڭ تېگىدىكى سىيرىتمىنى «شارت» تىدە ئاچتى-دە، كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن كېرىلدى.

چامادان ئاستىدا باغلام - باغلام پۇللار ، ۋالىلداپ تۇرغان خىلمۇ خىل ئالتۇن جابدۇقلار ، ئامانەت چېكى قاتارلىقلار يېيىد-لىپ ياتاتتى . بۇنىڭ بىر قېتىملىق ئىش ئەمەسلىكىنى بىلگەن جاپپار غەزەپ - ئاچچىقتىن مېڭىسى پارتلاپ كېتەي دەپ قالدى . ئۇ نۇرخانغا قاراپ نېمىدۇر دېمەكچى بولدىيۇ ، يۈرىكىنى تۇتۇپ جايىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى .

نۇرخاننىڭ تىجارەت قىلىۋاتقان ئىنىسى زەھەرلىك چېكىم-لىك سودىسى بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن تۇتۇلغانلىقى ھەم قىرىق گرام خىروئىن قولغا چۈشكەنلىك خەۋىرى تارقالدى . كىشىنى تېخىمۇ چۆچۈتىدىغىنى نۇرخان ئىككى سۇلياۋ بولاق خىروئىننى : «ئىنىم سېنىڭ ئۆيۈڭ بىخەتەر ، بۇنى ساقلاپ بەرسەڭ دېسە ، يوق يەپ ساقلاپتىمەن» دەپ جاپپارنىڭ ئالدىغا قويىدى ھەم يىغلاپ تۇرۇپ ساقچىلار تەكشۈرۈپ كەلگۈچە بۇ ئىشنى يەڭ ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىۋېتىشنى ئۆتۈندى . تۆپىلەپ كەلگەن بۇ پاراكەندىچى-لىكتىن جاپپارنىڭ مېڭىسىدە چاقماق چاققاندەك سىلكىنىش پەيدا بولدى . ئۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ ، سارغىيىپ ، ئون ياش قېرىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى .

* * *

نەچچە كۈن ئارام ئالغان جاپپارنىڭ كەيپىياتى ئەمدىلا ئورنى-غا چۈشكەندى . ئۇ مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ نۇرخاننى چاقىردى . نۇرخان جىنايەتچىدەك بېشىنى سىلىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى . ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سوئال - جاۋاب خۇددى سوت مەيدانىغىلا ئوخشايتتى ، چىرايىنى غەم باسقان مېھرايىمۇ بىر چەتتە قورقۇمسىراپ ئولتۇراتتى .

— قاچاندىن بېرى بۇ ھۈنەرنى چىقاردىڭ ؟ قانچىلىك ئادەم-دىن پۇل ئالدىڭ ؟ بۇگۈن ماڭا ئېنىق ھېسابىنى بەر…

نۇرخان بىر هازا جىم تۇردى . ئېرى ئۇنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ ساقچىخانىغا ئاپىرىپ بېرىشتىن يانمايدىغاندەك ئەلپازدا ئىدى . ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشىغا كۆزى يەتمىگەن نۇرخان ئۇدۇللۇق جاۋاب بېرىشكە باشلىدى :

— ئىككى يىلدەك بولۇپ قالدى . خەق ئۆزى هال ئېيتىپ ئىزدەپ كېلىدىكەن ، ئەسلىي ئالغىلى ئۇنىمىغانتىم ، لېكىن ئۆز-لىرى ماڭا زورلاپ تۇتقۇزغان .

— ئىنىڭ بەرگەن نىجاسەتنى ساقلاۋاتقىلى قانچە ئۇزۇن بولدى ؟

— يېرىم يىلدەك بولدى ، بەزىدە كېلىپ ئەكېتىدۇ ، بەزىدە يەنە ئەكېلىپ بېرىدۇ .

— ماڭا نېمىشقا دېمەيسەن ؟

— ئېزىپتىمەن ، سىلىگە دېسەم پۇلنى ياندۇرۇۋېتىدى-غانلىرىنى بىلەتتىم .

— پۇللارنى نېمىگە ئىشلەتتىڭ ؟

— ئۆتكەن يىلى دادام - ئانامىلار هەرەمگە ماڭغاندا يىگىرمە مىڭ يۈەن بەرگەن ، ئۆي سالغاندا ئازراق ياردەم قىلدىم . ئىنىم تىجارەتتە ۋەيران بولۇپ قىينىلىپ قاپتىكەن ، ئۇنىڭغا ئازراق بېرىپ تۇرغان ، قالغان پۇللارنى شۇ توي - تۆكۈن ، ئادەمگەرچى-لىككە خەجلەپتىمەن .

— چامادانىدىكى زىبۇ زىننەتلەرچۇ ؟

ئۇمۇ شۇ خەق هال ئېيتىپ كەلگەچ سوۋغا - سالامنىڭ ئورنىدا ئەكەلگەن نەرسىلەر ئىدى .

— زادى قانچىلىك پۇل ئالدىڭ ؟ !

— بىر يۈز ئەللىك مىڭ يۈەندەك بار .

جاپپارنىڭ بېشى پىرىرىدە قايغاندەك بولدى . ئۇنىڭ قانۇن سېپىدە بىر ئۆمۈر جاپالىق ئىشلىگىنى ئەمدى نېمىگە ئەرزىيتتى ؟ ئۇ كىشىلەرگە قايسى يۈزى بىلەن قارايدۇ ؟ ئۇ ئەمدى قانداقمۇ

مەھكىمە باشلىقى ئورنىدا ئولتۇرالىسۇن ؟
ئۇ ئۆزىنىڭ ھازىرغىچە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىزمەت قىلىپ شەرەپ بىلەن پېنسىيىگە چىقىدىغان چاغدا بۇ ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىدىن قاتتىق ئۆكۈندى . ئۇ ئىدارىگە بىر يىشقىمۇ پېتىنالماي قالدى . ئاچ كۆز ، تويماس خوتۇن ئۇنىڭ پاك روھىنى ۋەيران قىلدى . ئەگەر بۇ ئىش ئېنىقلىنىپلا قالسا نۇرخان بىلەن جاپپارغا قانچىلىك سەتچىلىك بولىدىغانلىقى ، قانداق جازا كېلىدىغانلىقى جاپپارغا بەشقولدەك ئايان ئىدى . جاپپار بۇ سەتچىلىكنى قانداق ھەل قىلىش توغرىسىدا ئۇزاق ئويلاندى . باشقىلارنىڭ پارىخورلۇق ، خىيانەتچىلىك قىلمىشلىرىنى ئاشكارىلىسىمۇ چىشى غۇچۇرلايدىغان جاپپار ئۆزىنى سوت زالىدا جاۋابكار ئورۇندا تۇرغاندەك ھېس قىلىپ ، خۇددى كىملەرگىدۇر تىك قاراشقا پېتىنالمايۋاتقاندەك كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ بوينىنى ئەگدى ، ئۇ تۇرمۇشتا ھەرخىل بەختسىزلىكلەرگە چىدايدۇكى ، ئۆزى بىر ئۆمۈر سادىق بولۇپ ئىشلىگەن قانۇن ئالدىدا جاۋابكار بولۇپ قېلىشقا چىدىمايتتى . ئۆز ئۆيىدە كىشىلەرگە نۇرغۇن بالايىئاپەت كەلتۈرۈۋاتقان شۇنچە خىرۇئىنىنىڭ ساقلىنىپ كەلگەنلىكىنى ئويلىسا تېنىنى تىترەك باساتتى . ئاندىن ، قەتئىي قارارغا كەلدى :
— سەن ئۇچۇن بىردىن بىر چىقىش يولى ئۆزۈڭنى مەلۇم قىلىش ، شۇنداق قىلساڭ جىنايىتىڭمۇ يەڭگىللەيدۇ .
بۇ گەپنى ئاڭلاپ نۇرخان ئۈن سېلىپ يىغلىدى :
— ياق... ياق... ئۇنداق قىلغۇچە مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭ جاپپار . نېمانچە قاتتىقلىق قىلىسىز ، مەن دوست - دۈشمەننىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرىمەن ، قانداق ياشايمەن... جاپپار ئۇنداق قىلماڭ . ھۇ ... ھۇ...
مېھرايمۇ دادىسىنىڭ قولىغا ئېسىلدى :
— دادا ، ئانامغا رەھىم قىلىڭ ، ئۇنداقمۇ ئاكتىپ بولامسىز ؟ قاراپ تۇرۇپ ئانامنى تۈرمىگە تۇتۇپ بېرەمسىز ؟ بىز

قانداق قىلىمىز دادا… مېنىمۇ ئويلاڭ .

نۇرخان بىلەن مېھراي جاپپارنىڭ ئىككى قولىدىن تۇتۇپ يىغلاپ يالۋۇرماقتا ئىدى . جاپپار ئۇلارنىڭ قولىنى سىلكىپ ئاجرىتىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى .

جاپپارنىڭ شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدا تۇر- غىنىغا يېرىم سائەتتەك بولدى . ئۇ قاتتىق سوغۇققىمۇ قارىماي مەھكىمە هويلىسىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى . ئۇنى تونۇيدىغانلار ئاتايىن كېلىپ سالاملىشىپ كۆرۈشتى .

جاپپار ئاخىر ئاستا قەدەملەر بىلەن ئىدارە بىناسىغا كىرىپ ئۈچىنچى قەۋەتكە چىقتى . «خىيانەتچىلىك ، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىدارىسى» دېگەن تاختاي بار ئىشخانا ئالدىدا بىر هازا تۇرغاندىن كېيىن ئوچۇق ئىشىكتىن كىردى . ئىشخانىدا ئۇنىڭ كونا تونۇشى مەخمۇت ئولتۇراتتى . جاپپارنى كۆرگەن مەخمۇت بىر ئاز تاسادىپىيلىق هېس قىلدى . ئۇلار بىرەر قۇر ئەھۋاللاشقاند- دىن كېيىن ، جاپپار ناھايىتى تەستە بولغان ئىشلارنى مەخمۇتقا دەپ بەردى .

— شۇ قاتارلىق بولغۇچە سىلىگە دېمىگەنمۇ ؟ — دېدى مەخمۇت .

— ياق ، مەنمۇ بىخەستەلىك قىپتىمەن ، نەچچە كۈندىن بېرى ئۆزۈم تەكشۈرۈپ چىقتىم . ئىككى ئادەمدىن بىر يۈز سەك- سەن مىڭ يۈەن ئەتراپىدا پۇل ئاپتۇ ، يەنە ئالتۇن قاتارلىق نەرسىلەرمۇ باركەن . ساقلانغان خىروئىنمۇ خېلىلا كۆپ . ئىنى- سىغا خىروئىن ئالدىغان پۇلنىمۇ نۇرخان بېرىپتىكەن .

— ئەستا ، ماۋۇ ئىشنى ، — مەخمۇت بېشىنى قاشلىدى .

— شۇنچە يىل قانۇن بىلەن شۇغۇللىنىپ ئاخىر پارىخور دېگەن نامنى ئېلىش ماڭىمۇ ناھايىتى ئېغىر كېلىۋاتىدۇ . ئەڭ ياخشىسى بۇ ئىشنى رەھبەرلىككە ئېيتىپ ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلمىساق ، كېيىن ئاشكارىلىنىپ قالسا ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇرمۇ

قىلالمايمەن . بولدى ئاداش ، ماڭا ھېسداشلىقمۇ قىلما ، مۇشۇ كەلگىنىم ئۆزۈمنى مەلۇم قىلغانغا ھېساب بولسۇن .

جاپپار ئېغىر قەدەملەر بىلەن چىقىپ كەتتى . ئۇ ۋەزىپىسىگە ئىستىپا بېرىش ، پېنسىيىگە چىقىش ئىلتىماسى سۇنۇپ ئىدارىغىمۇ بارمىدى . ئىدارىدىنمۇ ئۆزۈندىن بېرى ئۇنى پېنسىيىگە چىققۇچە ئارام ئېلىپ تۇرۇشنى نەسىھەت قىلغانىدى .

ئەتىسىدىن باشلاپ تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئادەملىرى جاپپارنىڭ ئۆيىدىن ئۆزۈلمەيدىغان بولدى . سوئال ــ سوراقتىن نۇرخان مىڭ ئۆلۈپ ، مىڭ تىرىلدى . پارا بەرگۈچىلەرمۇ چاقىرىپ كېلىنىپ سوراق قىلىندى . تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە نۇرخان ئون ئىككى ئادەمدىن بىر يۈز ئەللىك مىڭ يۈەن قىممىتىدە پۇل ، ئالتۇن جابدۇق پارا ئالغانلىقى ئېنىقلاندى . لېكىن ، جاپپارنىڭ ئالغانلىقىغا قارىتا ھېچقانداق ئىسپات يوق ئىدى . پارا بەرگۈچىلەرمۇ جاپپارنى كۆرۈپ باقمىغان ، ھەممىسىلا نۇرخانغا بەرگەندى . نۇرخانمۇ ئېرىنىڭ بۇ ئىشنى بىلمەيدىغانلىقىدا چىڭ تۇردى . پۇل ، ئالتۇن جابدۇقلار ئىگىسىگە قايتۇرۇلدى . خەجلىنىپ كەتكەن قىسمىنى جاپپار ئۆيىنىڭ شەخسىي ئامانەت پۇلىدىن تۆلىدى . ساقلانغان خىروئىن ئاتمىش گرام باھالاندى . نۇرخاننىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى پۈتۈن شەھەرگە پۇر كەتتى ، ھەممىلا ئادەمنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ .

دەرد ــ ئەلەمدىن جاپپارمۇ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى . ئۇ قانچە ئازابلانمىسۇن قىلغان ئىشىغا ھەرگىز پۇشايمان قىلمايتى . خەجلىنىپ كەتكەن پۇلنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ھەم جەرىمانىنى تۆلەش ئۈچۈن جاپپار ئۆينى ساتتى ھەم بۇرۇنقى كونا بىناغا كۆچۈپ كەلدى . جاپپار مەھكىمە باشلىقى بولغاندىن كېيىن مېھراي ۋە نۇرخاننىڭ زورى بىلەن ئىككى قەۋەتلىك ئۆينى قەرز بېجىرىپ ئالغان ھەم بۇ ئۆيىنىمۇ ھەر ئېھتىمالغا قارشى ساقلاپ قويغانىدى .

مېھراي دادىسىدىن نەپرەتلەندى . دادىسى ئۇنى ئويلاپمۇ قويـ-
مىغانىدى . ئەمدى ئۇ قايسى يۈزى بىلەن سوت مەھكىمىسىدە
ئىشلەيدۇ ؟ ئانىسى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن مېھرايمۇ خىزمەتكە
بارمىدى . ئۇ بۇنىڭسىزمۇ سوت مەھكىمىسىدىن زېرىككەنىدى .
ئىنىستىتۇتتا قانچىلىك ئۆگەنگىنى ئۆزىگە ئايان ، ئۇ ئۆزىنىڭ
بۇ رىقابەت كەسكىن ئىدارىدە پۇت تىرەپ تۇرالىغۇدەك ماجالىنىڭ
يوقلۇقىنى ھېس قىلدى . خىزمەت ھۆددىسىدىن چىقالمىسا دادى-
سىنىڭ يۈزىگىمۇ سەت بولاتتى . ئەمدى ئانىسىنىڭ بۇ ئىشى
چىقتى . مېھراي بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرگە بەرداشلىق بېرەلمىدى .
ئۇ ئانىسىنىڭ ئىشىنى خاتا دېسىمۇ ، لېكىن دادىسىنىڭ ئانىسىنى
تۇتۇپ بەرگەنلىكىنى كاللىسىدا قوبۇل قىلالمايتتى . شۇڭا ، دادى-
سىغا تەتۈر قاراپ يۈرەتتى . ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن دىشۋارچى-
لىقلار مېھراينى خېلىلا ئورۇقلاتقانىدى . ئۇ ھازىر يا كۆڭۈل
بۆلىدىغان ، يا دەردىنى تۆكەي دېسە مۇڭداشقۇدەك ئادىمى يوق
بەكمۇ بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى .

ھەشەمەتلىك قورۇدىن بىراقلا ئادەتتىكى ئۆيگە كۆچۈپ كىر-
گەن مېھراي غېرىبسىنىپ ئولتۇراتتى . دادىسى بالنىستتا ، نىيا-
سەم ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتىدۇ . مېھراينىڭ دادىسىنىڭ
يېنىغا بارغىسىمۇ يوق . ئىشىكنىڭ يېنىك چېكىلىشى مېھراينى
كۆڭۈلسىز خىيالدىن ئويغاتتى . ئۇ بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپ ،
ئەنسەرنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى . ئۇنى كۆ-
رۈپ نېمىشقىدۇر مېھراينىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ يىغا ياماشتى .
ئۇ ئارقىغا ئۆرۈلۈپلا ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى . ئەنسەر ئۆيگە
كىرىپ :

— مېھراي ، بولدى يىغلىماڭ ، دادىڭىزنى يوقلاپ بارغان ،
سىزگە كۆڭۈل بۆلۈشۈمنى تاپىلىدى ، قارىسام ئىدارىگە كەلمىگى-
لىمۇ ئىككى ھەپتە بولدى ، ئەھۋال سوراپ كەلگەن .

— تاماشا كۆرگىلى كەلگەنسىز تايىنلىق ، بولدى ، قايتىپ

كېتىڭ ، مەن ھېچكىمنىڭ تەسەللىسىگە موھتاج ئەمەس .

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز ؟ بىشىڭىزغا ئېغىر كۈنلەرنىڭ كەلگىنىنى بىلىمەن ، بىز بىر ئىنىستىتۇتتا ئوقۇغان خىزمەتداشـ لارمىز ، ئارىمىزدا ھېچقانداق كۆڭۈلسىز ئىش ئۆتۈلگىنى يوققۇ ؟

مېھراي جىمىدە ئولتۇراتتى .

— دادىڭىزنى توغرا چۈشىنىڭ ، — دېدى ئەنسەر ، — سىزمۇ قانۇن ئوقۇغان ، ياخشى بىلىسىز ، دادىڭىز قاتتىق قوللۇق قىلـ غاندەك تۇرغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ئانىڭىزنى قۇتقۇزۇۋالدى . بۇ ئىشنىڭ جاپپاركامدەك كەم ئۇچرايدىغان پاك ـ دىيانەتلىك ئادەمـ گە قانچىلىك ئېغىر كېلىدىغانلىقىنى بىلەمسىز ؟ ئەمەلىيەتتە دادىڭىزنىڭ قىلغىنى توغرا . سىز دادىڭىزنىڭ ھالىغا يېتىڭ .

— لېكىن ، ئانام…

— ئەھۋال بەكمۇ ئېغىر ئەمەس . ئۆزىنى مەلۇم قىلدى ، ئالغان پۇللار ئىگىلىرىگە ساق قايتۇرۇلدى ، ئەگەر بۇ ئىش مەلۇم قىلىنماي كېيىن تەپتىش ئورۇنلىرىدىن سېزىلىپ قالسا قانچىـ لىك جازا كېلىدىغىنى ھەممىمىزگە ئايان .

مېھراي ئەنسەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن سەمىمىيلىك ھەم دوستانىلىك ھېس قىلدى . مۇشۇنداق چاغدا ئەنسەرنىڭ كېلىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى . كۆڭلى خېلى تەسكىن تاپقان مېھراي ئۇنىڭغا ھال ئېيتتى :

— ئەنسەر ، مېنىڭ پەقەت خىزمەت قىلغۇم يوق ، سوت مەھكىمىسى دېگەن سىزدەك ، ئابىدەدەك تىرىشچان ، بىلىملىك ئادەملەرگە ماس كېلىدىكەن . بەش يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىـ نىمۇ ئويناپ ـ كۈلۈپ ئۆتكۈزۈپتىمەن . ئەمدى بولغاندا تىرىشىپ ئۆگىنىمەن دەپمۇ ئۆگىنىپ بولالمايمەن . مەن ئەسلىدىنلا سوت خىزمىتىگە ماس كەلمەيمەن . ئىدارىگە سەت كۆرۈنۈپ يۈرگەندىن خىزمەتتىن چېكىنىپ چىقىپ كېتەيمىكىن دەيمەن .

— خىزمەت قىلمىسىڭىز نېمە ئىش قىلىسىز ؟

— مەن تىجارەتكە قىزىقىمەن ، تىجارەت قىلالايمىكىن دەيمەن .

— دادىڭىز ئۇنىماس .

— ئۇنايدۇ ، ئانام ئۇنى بىر مۇنچە بالاغا قويىدى . ئەمدى مەنمۇ ئۇنىڭ يۈزىنى چۈشۈرمەي دەيمەن ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈ-رۈپمۇ خىزمەت قىلماي تىجارەت قىلىدىغانلار كۆپقۇ ؟ ئىقتىدارىم نېمىگە يەتسە شۇنى قىلاي دەيمەن .

مېھراينىڭ گېپىنى ئەنسەرمۇ توغرا تېپىپ قالدى . مەھكى-مىدە ئىشلىمەكمۇ يىلدىن يىلغا تەسلىشىپ كېتىۋاتىدۇ . مېھراي-نىڭ دۆلەتلىك ئەدلىيە ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ سوتچى بولالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئىدارىدە مېھرايغا بولغان باھا ، مۇئامىلى-مۇ ئانچە ياخشى ئەمەس بولۇپ ، ئەركە چوڭ بولغان مېھراي بۇلارنى كۆتۈرەلمەيتتى .

— گېپىڭىزغۇ توغرىدەك قىلىدۇ . مېنىڭ ناھايىتى باي بىر تىجارەتچى نەۋرە ئاكام بار ، چوڭ ـ چوڭ سودىلارنى قىلىدۇ . ئۆتكەندە ماڭا : «ئوقۇغان بىر ياردەمچى بولغان بولسا بولاتتى» دېگەن . شۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ قوياي ، تىجارەتنىڭ ئېپىنى ئۆگەن-گەچ ياردەملىشىپ ئىشلەپ تۇرامسىز…

— بولىدۇ ، — مېھراي جانلىنىپ كەتتى ، — ئۆزۈممۇ بۇرۇندىن تىجارەتكە قىزىقىمەن . كىتاب بىلەن خۇشۇم يوق ، سىز مېنى قاراپ تۇرۇپ ئورىغا ئىتتىرمەيسىز . ئەمىسە نەۋرە ئاكى-ڭىز بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىڭ…

ئەنسەر ئۇنىڭغا يەنە بىر مۇنچە كۆڭۈلنى ئاۋۇندۇرىدىغان گەپلەرنى قىلىپ كېتىپ قالدى . كۆڭلى خېلى كۆتۈرۈلۈپ قال-غان مېھراي بالكوندىن ئەنسەرنىڭ سېيماسى كۆزدىن يىتكۈچە قاراپ قالدى . ئاندىن ، پەلتويىنى كىيىپ دادىسىنىڭ يېنىغا ماڭدى .

*　*　*

ئەنسەر ئۆيدىن شۇ چىقىپ كەتكەنچە ئۆزىنىڭ دەريا بويىدىكى ئابدەنى باشلاپ كەلگەن ھېلىقى ئۆيگە كۆچۈپ كېلىۋالغانىدى . ئۆي تېخى زىنىنەتلەنمىگەن قۇپقۇرۇق بولغاچقا بەكمۇ كۆڭۈلسىز تۇيۇلاتتى . ئەنسەر ئۈچ ۋاخ تامىقىنى سىرتتا يەپ ئاخشىمى بۇ ئۆيگە ياتقىلىلا كىرەتتى .

بايىلا سىرتتا تاماق يەپ كىرگەن ئەنسەر كارىۋاتتا ئوڭدىسىغا يېتىپ خىيال سۈرمەكتە . يان تامغا ئابدەنىڭ بىر نەچچە سۈرىتى-نى ئەنسەر ئىداردىكى كۆپەيتىش ماشىنىسىدا چوڭايتىپ كۆپەي-تىپ چاپلىۋەتكەنىدى . يالغۇزچىلىقتا ئابدە تېخىمۇ بەك ئۇنىڭ خىيالىدىن چىقمايتتى . ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ بېسىلىشى بىلەن تەڭ ئەنسەر چۆچۈپ كەتتى . ئۇنى بۇ كەچتە ئىزدەپ كەلگەن كىمدۇ ؟ خاتا بېسىپ قالدىمۇ - يە ؟

ئەنسەر ئىشىكنى ئېچىشى بىلەن تەڭ قىزلارنىڭ چۇرقىراش-قان ئاۋازى كارىدورنى بىر ئالدى . ئەنسەرنىڭ بىر - بىرىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان قوشكېزەك سىڭىللىرى پاتىمە ، زۆھرە ئېتىلىپ كىرگەنچە ئاكىسىغا ئېسىلدى . ئىككى قىز ئاكى-سىغا تاپا - تەنە ، چاقچاقلارنى ياغدۇرۇۋەتتى :

— ئاكا ، ئەجەب باغرىڭ تاشكەن ، ئانام دەردىڭدە ساراڭ بولايلا دەپ قاپتۇ . ئۇنى شۇنداقمۇ ئازابلامسەن .

— يائاللا ، ئالمىغان خوتۇنىنى دەپ ئانامدىنمۇ ۋاز كېچەمسەن نېمە ؟

— ئەتىگەن كەلسەڭ سەن يوق ، كەچتە زۆھرە ئىككىمىز جاجاڭنى بەرگىلى كەلدۇق .

ئەنسەر ئامراق سىڭىللىرىغا سۆيۈنۈش بىلەن قارىدى . قىز-لار ئەنسەرنىڭ ئەكسىچە ئوتتۇرا بوي ، ئورۇق ، يۇزلىرى كىچىك ئىدى . تۇرقىدىن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغىلا ئوخشايتتى .

ھەر ئىككىسى بىر جۈپ قارا ماموق چاپان ، قارا پوسما كىيىپ ، پادىچىلار شىمى كىيىۋالغانىدى .

ئۇلار ھەر ئىككىسى تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتتىن قىشلىق تەتىل قىلىپ كەلگەن ، مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇراتتى . ئاكا ـ سىڭىللار بىر ـ بىرىگە بەكمۇ ئىجىل ، ئامراق ئىدى . ئۇلار بىر ھازا قىزغىن كۈلكە ـ چاقچاق قىلىشقاندىن كېيىن رەسمىي پاراڭغا چۈشتى :

— ئاناممۇ قىزىقكەن ، — دېدى پاتىمە ، — نىكاھ ئىشىغا ئارىلىشىپ نېمە قىلىدۇ ؟ مەن ئەھۋالنى ئۇقۇپ ئانامنى ئەيىبلىدىم . ئانام ئۆزىمۇ قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ .

— ئەمدى ئانامدىن يامانلىما ، — دېدى زۆھرە ، — ئانام توي ئىشىڭلارغا قوشۇلدى . بۇنىڭغا پاتىمە بەك كۈچ چىقاردى .

— رەھمەت سىلەرگە ، سىلەر كەلسەڭلارلا ئائىلىمىزدە خۇشاللىق بولىدۇ .

— پاتىمە ئۆزىگە يول ئاچماقچى ، شۇڭا كۈچەۋاتقان گەپ .

— نېمە ؟ مەن چۈشەنمىدىمغۇ ؟

پاتىمە زۆھرەنى قوغلاپ ئۇرۇپ كەتتى :

— نېمىشقا كېلەر ـ كەلمەي ھەممىسىگە دەيسەن ؟ ئەجەب ئەسكىكەنسەن .

— راست ئاكا ، پاتىمە بىر يېزىلىق بالا بىلەن يۈرگەن ، ئانامنى قوشۇلماي قالمىسۇن دەپ ئانامغا يېڭىچە نىكاھ قارىشى سىڭدۈرۈۋاتىدۇ .

— ھە ، ئەسلىي جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدىكەنغۇ ؟

— يامان بولمىغاندۇ ، ئاكا مەندىن خۇشال بولساڭ بولىدۇ ، ئاڭلىسام بولغۇسى يەڭگىمىزنى بەك ياخشى قىز دەيدۇ ، ئاۋۇ رەسىمدىكى شۇمۇ ؟ ئەجەب چىرايلىقكەن ، بولسا تېزرەك توي قىلىڭلارچۇ ؟

— ئاندىن نۆۋەت ساڭا تېزرەك كېلىدۇ ، — دېدى زۆھرە چېقىشىپ .

— ھە… يېڭىلىقلىقۇ، نەدىن سورايمىز؟ — دېدى ئەنسەر پاتىمەگە قاراپ.

— بىر سىنىپتا ئوقۇيمىز، يېزىلىق بىر دېھقاننىڭ بالىسى. لېكىن، شۇنداق تىرىشچان، بىلىملىك بالا. كۆڭلىمۇ بەك ياخشى، لېكىن زۆھرە ئۇنى بەك بوزەك ئېتىدۇ.

— مەن ئەسلىي بىلمەيتتىم. دەسلەپ ئۇ بالا ئىككىمىزنى پەرقلەندۇرەلمەي بىر قېتىم مېنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. چاندۇرماي مېھمان بولۇپ كەلدىم. ھازىرغىچە تەستە پەرقلەندۇرىدۇ.

ئۇلار ئۇزاق كۈلكە - چاقچاق قىلىشتى. ئاندىن، پاتىمە ئاكىسىنىڭ قولىدىن تارتتى:

— يۈر ئاكا، ئۆيگە كېتەيلى. بۇ قۇپقۇرۇق ئۆيدە قانداق تۇرىسەن. قارا، كىيىملىرىڭ دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ. بىز سېنى ئەكەتكىلى كەلدۇق. بۇ ئۆيدە تويۇڭنى قىلىپ ئاندىن ئولتۇر، ئانام كۆز ياش قىلىپ يولۇڭغا قاراپ قالدى، — قىزلار ھەش - پەش دېگۈچە ئەنسەرنىڭ نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئەنسەرنى تارتقۇشلاپ ئېلىپ ماڭدى.

ئۆزىنىڭمۇ بەك ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئەنسەر سىڭىللىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى.

## ئون بەشىنچى باب

# خارلانغان سەبىيلەر

ئابىدە رازاق سوتچىنىڭ زادى قانداق خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى ھېچ بىلەلمىدى . ھەپتىدە ئىككى - ئۈچ قېتىم پەيدا بولۇپ قالاتتى . ئابىدە كەلگىلى بىر ئايدەك بولۇپ قالغان بولسىمۇ ، لېكىن بىر قېتىممۇ قانۇن - تەرتىپ بىلەن سوت ئېچىلىپ باقمىدى . ئۇنىڭ نېمە ئىش بىلەن ئالدىراشلىقىنى بىلىپ بولمايتتى .

بۈگۈن ئەتىگەن رازاق كېلىپلا ئىشخانىغا كىرىپ كەتتى . ئابىدەگە زۆرۈر ئىش بولمىسا گەپ قىلمايتتى . ئۇ دەسلەپ ئابىدەنىمۇ باشقا كاتىپلاردەك ھەپتىدە ئىككى - ئۈچ قېتىم كېلىپ - كېتىدۇ دەپ ئويلىغانىدى . لېكىن ، ئابىدەنىڭ بۇ يەردە ئۆي تۇتۇپلا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تۇتۇلۇپ قالدى . ئۇنىڭچە بولغاندا ، بۇ يەرنىڭ ئىشلىرىنى ئىداردىكىلەر بىلمەسلىكى كېرەك ئىدى . ئابىدەنىڭ ئالاھىدە تالانتلىق ، تىرىشچان قىز ئىكەنلىكىنى باشقىلاردىن ئاڭلىغان ، بۇنداق ئادەمنىڭ يېنىدا بولۇشى رازاق ئۈچۈن پايدىسىز ئىدى . شۇڭا ، ئابىدەگە بەك چىراي ئېچىپ كەتمەيتتى .

رازاق تېلېفوندا سۆزلىشىپ بولۇپ شوپۇرنى توۋلىدى :

— غوپۇرجان ، غاچچىدە ئېغىلغا بىر بېرىپ كېلىڭلار . ئاخشام ئىككى قوي جان تالىشىپ قاپتىكەن . ئەنەيتۇل ئۇنى بوغۇزلىۋېتىپتۇ . بېرىپ گۆشىنى ئەكېلىپ چوڭ ئۆيگە تاشلاپ قويۇپ كېلىڭلار...

غوپۇرجان ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى . زېرىكىپ تۇرغان ئابىدەنىڭ بىللە بارغۇسى كەلدى .

— غوپۇرجان ، مەنمۇ بارايچۇ ؟ ئىچىم پۇشۇپ كەتتى .

— ۋاي بەك يىراق ، يولمۇ ئەسكى ، ئۇ مەينەتچىلىككە بېرىپ نېمە قىلىسىز ؟

— بۇ يەردە باشقا ئىشمۇ يوق ، بېرىپ كۆرۈپ كېلەي .

ئابىدەنىڭ ماشىنىغا چىقىپ كەتكىنىنى رازاق كۆرمىدى . ماشىنا تاش يولدىن يانغا بۇرۇلغان تار يولغا چۈشتى . دەرۋەقە يول ناچار ، يىراق ئىدى . ئۇلار يېرىدىن ئۇزاپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن چوڭ ئېغىلغا كەلدى . ئۈستى يېپىق ياغاچ بىلەن قاشالانغان ئېغىلدا بىر ـ ئىككى يۈزدەك قويلار بار ئىدى .

غوپۇرجان «ئەنەيتۇلكا» دەپ توۋلىغىنىچە قوتان يېنىدىكى كەپىسىمان بىر ئۆيگە كىرىپ كەتتى . قوتان يېنىدا سەككىز ـ توققۇز ياشلاردىكى بىر بالا قۇلاقچىنى چۆكۈرۈپ كىيگىنىچە سوغۇقتىن تىترەپ دۈگدىيىپ ئولتۇراتتى . پۇتىغا چوخەي كىيگەن ، ئۇستۇبېشىمۇ ئاۋارە ئىدى .

— سەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن ؟ — دېدى ئابىدەنىڭ بالىغا ئىچى ئاغرىپ .

— قويلارغا قارايمەن .

— مەكتەپتە ئوقۇمامسەن ؟

— ئوقۇيتتۇم ، دادام ئەۋەتمىدى .

بالىنىڭ كىچىككىنە ئاغزى ئۈمچەيدى .

— داداڭ نېمە ئىش قىلىدۇ ؟

بالا جاۋاب ئورنىدا غوپۇرجان كىرىپ كەتكەن ئۆينى ئىما قىلدى . ئابىدە ئاستا بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە بېشىنى تىقىپلا سېسىقچىلىقتىن سەسكىنىپ كەتتى . پاكار تورۇس ئابىدەنىڭ بېشىغا تاقىشاي دەپ تۇراتتى . ئۆينىڭ يېرىمىنى ئىگىلىگەن كاڭ ئۈستىدە رەڭگى ـ تەلەتىگە قارىغۇسىز بىرى مەستلى-

كىدىن يېشىلەلمەي ئىرغاڭشىپ ئولتۇراتتى . كاڭ ئۈستىدىكى يۇمىلاق ئۈستەل ئۈستىدە بوشىغان هاراق بوتۇلكىلىرى ، گۆش-نىڭ غاجاپ تاشلانغان ئۇستىخانلىرى چېچىلىپ ياتاتتى . ئۆيدە ئابدە كىرىپ ئولتۇرغۇدەك تۇزۇك جاي يوق بولسىمۇ ، ئابدەنىڭ سېسىقچىلىقتا مەست ئەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرغۇسى كەلمەي سوغۇقتا تالادا تۇردى . بالا ئىككى قولىنى يەڭلىرى ئىچىگە تىقد-ۋالغان ، چىڭ تۈگۈلۈۋالغان ، يېرىلىپ كەتكەن مەڭـزلىرى سوغۇقتىن قىزىرىپ كەتكەندى .

— ئاپاڭ بارمۇ ؟ — دېدى ئابدە بالىغا ئىچى ئاغرىپ .

— بار ، دادام ئۇرۇپ هەيدىۋەتتى .

— ئاپاڭنىڭ يېنىغا كەتسەڭ بولمامدۇ ؟

— ئاپام مېنى نەچچە قېتىم ئەكەتكەن ، دادام بېرىپ ئاپامنى ئۇرۇپ مېنى ياندۇرۇپ كەلدى .

— ئىسمىڭ نېمە ؟

— نەبىجان .

— هەي بىچارە بالا ، مۇشۇ يېشىڭدا كۆرىدىغان كۈنمۇ بۇ ، ئاپاڭنىڭ يېنىدا بولساڭ هېچبولمىسا قورسىقىڭغا ئىسسىق بىر قاچا ئاش بولسىمۇ ئىچەرىدىڭ ؟

ئابدە بالىنىڭ بېشىنى سىلىغۇسى ، نېمىلەرنىدۇر بەرگۈسى كەلدى ، لېكىن يېنىغا هېچنەرسە سېلىۋالمىغانىدى . ئاڭغىچە ئۆيـدىن غوپۇرجان ، كـەينىدـىن دەلدەڭشىپ ئەنەيتۇل چىقىپ كەلدى .

— ئاخشام ئاغىنىلەر كەلگەن ، ئولتۇرۇپ قاپتىمىز ، بىر-دەمدە ئوغلۇم يۈگۈرۈپ كېلىپ ئىككى قوي ئۆلەي دەپ قالدى دەيدۇ . چىقسام تاس قاپتۇ هارام بولۇپ قالغىلى . غاچچىدە سويۇ-ۋەتتۇق ،— دېدى ئەنەيتۇل .

ئابدە ئۇنىڭ يىرگىنچلىك تۇرقىغا قاراپ سەسكەندى . ئەنەي-تۇل چاپاننىڭ تۆپىگە چاپان كىيىۋالغان ، ئىچىدىكى چاپىنىنىڭ

بىر پېشى ئىشتاننىڭ ئىچىدە، يەنە بىر پېشى تېشىدا ئىدى. مەينەت يەردە ئولتۇرغان بولسا كېرەك، ئىشتىنىنىڭ ئارقىسىغا قارىغۇسىز ئىدى. چۇۋۇلغان كىر چاچلىرى، هاراقتىن قىزار-غان كۆزى تولىمۇ بەتبەشىرە ئىدى. ئەنەيتۇل خۇددى «چىرايلىق قىزنى كۆرگەندە كۆپرەك قارىۋالاي» دېگەندەك دەممۇ دەم ئابىدە-گە قاراپ قوياتتى. ئۇلار قوتاننىڭ بىر چېتىدىكى بوش يەرگە قورۇلغان كانارا يېنىغا كەلدى. يېرىم كېگىزنىڭ ئورنىچىلىك يەردە قىپقىزىل قان مۇز بولۇپ قېتىپ قالغان، بىر چەتتە يېيىلغان تېرە ئۈستىدە قوينىڭ تازىلانمىغان ئىچ - باغىرلىرى تاشلىنىپ تۇراتتى. كانارىدا پەقەت بىرلا قوي ئېسىقلىق ئىدى.

— يەنە بىر قويچۇ؟ — دېدى غوپۇرجان.

ئەنەيتۇل غوپۇرجانغا يېقىمسىز ھجايدى:

— ئەمدى شۇ، ئاخشام ئاغىنىلەر قوي سويغاننىڭ تۆپىگىلا كېلىپ قالدى. مۇسۇلماندارچىلىقتا بۇ قوي مېنىڭ ئەمەس دېگىد-لى بولمايدىكەن، يەپ كەتتۇق.

— رازاقكامغا نېمە دەيمىز؟

— مۇشۇنداق دەۋېرىڭلار. رازاق سوتچىمۇ بىر قوينىڭ گۆشىگە قاراشلىق ئادەم بولمىغاندىكىن. يەپ كەتكەن قوينىڭ پۇلىنى مۇشۇ تۆلەيدۇ، — دېدى ئەنەيتۇل نەبىنى شەرەت قىلىپ.

— مۇشۇ بالا؟ بۇ بالا قانداق تۆلەپ بېرىدۇ؟ — دېدى ئابىدە سۆز قىستۇرۇپ.

— رازاق سوتچى ئەگەر ئۇ قوي بېقىپ بەرسە كۆنلۈكىگە ئون يۈەندىن بېرىدىغان بولغان. شۇ قوينىڭ ھەققىگە بىرەر ئاي قوي بېقىپ بەرمەمدۇ؟

ئابىدە ئەمدى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي غەزەپلەندى:

— سىز ئۇنىڭ دادىسىمۇ ئەمەسمۇ، سىزنىڭ هاراق ئىچىپ يەپ تۈگەتكەن قويىڭىزنى مۇشۇ بىچارە بالا جاڭ - جاڭ سوغۇقتا قوي بېقىپ تۆلەمدۇ؟...

ئەنەيتۇلىنىڭ ئېلىشاڭغۇ كۆزلىرىدىكى بېزەڭلىكنىڭ ئورنىنى بىرخىل كۆكەرمىلىك ئىگىلىدى :

— سىلىنىڭ نېمە كارلىرى خېنىم ! بالا ئۆزۈمنىڭ ، قوي باقامدۇ ، ئېشەك باقامدۇ ، ئۆزىمىزنىڭ ئىشى . دېهقان خەقنىڭ بالىسى دېگەن مۇشۇنداق چوڭ بولىدۇ .

ئابىدە گەپ قىلالماي قالدى . غوپۇرجان بىر قوينىڭ گۆش ، ئۆپكە - زاسۇيلىرىنى ماشىنا كەينىگە جايلاشتۇردى . ئابىدە ئۆزىگە مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرغان نەبىجانغا ئاخىرقى قېتىم قارىۋېتىپ ماشىنىغا چىقىپ ئولتۇردى . ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇچقانىدى .

— بۇ قويلار نەنىڭ قويلىرى ؟ — دەپ سورىدى ئابىدە .

— نەنىڭ بولماقچىدى ، رازاقكامىنىڭ قويلىرى...

— شۇنچە كۆپ قوينىڭ ھەممىسى رازاقكامىنىڭمۇ ؟

— بۇ قويلار قانچىلىك نېمىتى ؟ رازاقكامىنىڭ يەنە ئۆز نامىدا ئاچقان يۈز مودەك يېرى ، نەچچە يەردە باغ - زېمىنلىرى بار .

— قول - ئىلكىدە راۋۇرۇس باركەن - دە ؟

غوپۇرجان ئابىدەگە «سىز نېمانچە ساددا» دېگەندەك بېشىنى چايقاپ كۈلۈپ قويدى .

— ئەمدى نەگە بارىمىز ؟

— قوينى رازاقكامىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىمىز .

— رازاقكامىنىڭ چوڭ ئۆيىمۇ قوشدۆڭدىمۇ ؟

— ھەئە .

غوپۇرجان ماشىنىنى خېلى ئۇزۇن ھەيدىگەندىن كېيىن خىش بىلەن كۆتۈرمە قىلىپ سېلىنغان ، ئەتراپىدىكى ئۆيلەردىن ھەشەمەتلىكى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر قورۇ ئالدىغا كېلىپ توختىتىپ سىگنال بەردى .

ئۆيدىن رازاق ئىرغاڭلاپ چىقىپ كەلدى . ئەتىگەن ئىشخانىدا قالغان رازاق بىردەمدىلا كېلىپ بولغانىدى . ئۇ ماشىنىنىڭ

ئىچىدىكى ئابدەنى كۆرۈپ ئازراق ھودۇقتىيۇ ، لېكىن چاندۇرمىدى :

— ھە... ئۆيگە كىرىڭلار باللار ، توڭلاپ كەتكەنسىلەر .

غوپۇرجان ماشىنىدىن بىر قوينىڭ گۆشىنى كۆتۈرۈپ قورۇ ئىچىگە كىرىپ كەتتى . ئابدەنىڭ كىرگۈسى بولمىسىمۇ ، لېكىن ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغاچقا ئامالسىز كىرىپ چوڭلار بىلەن كۆرۈشتى ، رازاقىنىڭ ئانىسى ئۇلارنى : «چۇشلۇك تاماقنى مۇشۇ يەردە يەپ مېڭىڭلار » دەپ تۇتۇۋالدى . غوپۇرجان رازاق بىلەن سىرتتا نېمىلەرنىدۇر قىلىپ يۈرەتتى . ئابدە ياسىداق مېھمانخانىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ زېرىكىپ ئاشخانىغا چىقتى . بىرى گۆش پارچىلاپ قازانغا سېلىۋاتاتتى . رازاقىنىڭ ئانىسى چۆپ يېيىۋاتاتتى .

— يالغۇز ئولتۇرۇپ زېرىكىپ قالدىم ، — دېدى ئابدە ، — مەن سىلىگە ياردەملىشەي .

— سىلى مېھمان تۇرسىلا ، قانداق بولىدۇ . كىرىپ ئولتۇرسىلا .

— ياقەي ، نوغۇچنى بەرسىلە ، چۆپ يېيىشقا خېلى پەمىم بار...

ئايال ئامالسىز نوغۇچنى ئابدەگە بېرىۋېتىپ :

— قېرىغاندا چۆپ يايماق تەس كېلىدىكەن . ھازىر چۆپ يايسام بېلىم ئاغرىپ ئالالمايلا قالىمەن . رازاقجان گۆش سېلىڭلار دېگەن . سۇيىگە قۇشقاچ تىلى قىلىپ كېسىپ چۆپ سالايلى ، — دېدى ، ئاندىن نېمىنىدۇر ئېسىگە ئېلىپ ئىچكىرىكى ئۆيگە قاراپ توۋلىدى ، — ئاينۇر ، بۇياققا چىق .

ئىچكىرىكى ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە مىلەڭزە ئورنىدا تارتىلغان يېشىل يۇڭ ئەدىيال قايرىلىپ ئون ئىككى - ئون ئۈچ ياشلاردىكى ئورۇق ، ۋىجىك بىر قىز چىقىپ كەلدى . ئابدە بۇ يەردە كۆرگەن يۈزلىرى يازىچە ئاپتاپتا كۆيۈپ قارايغان ، مەڭزلىرى يېرىلغان قىزلارنىڭ ئەكسىچە ئاينۇرنىڭ يۈزى سۈت بىلەن يۇغۇرغاندەك

ئاپئاق ، مەڭزلىرى قىپقىزىل ئىدى . كۆز قارىچۇقى سۇس ئاس-
مان رەڭگىگە مايىل بۇنىداق كۆزلەر بەكمۇ ئاز ئۇچرايتتى .
ئەگەر ، پاكىز يۇيۇندۇرۇپ چىرايلىق كىيىندۈرىدىغان بولسا ،
شەك ـ شۈبھىسىز قاراپ ئولتۇرغۇدەك چىرايلىق قىز بولاتتى .
لېكىن ، قىز ئۇچىسىغا يېشىغا ماسلاشمىغان چوڭ ئاياللارنىڭ
شاپتۇل چېچەكلىك رەڭلىك يوغان يۇڭ پوپايكا ، كونا بىر ئىشتان
كىيىۋالغانىدى ، پۇتىغا ماكچىيىپ كەتكەن خورۇم ئايىغىمۇ چوڭ-
لارنىڭ ئىدى . چىگىۋالغان يېشىل رەڭلىك يۇڭ ياغلىقنىڭ
تېگىدىن قويۇق دولقۇنسىمان چاچلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . تۇرقى
تولىمۇ مىسكىن ، بىچارە ئىدى .
— بالا ئۇخلىدىمۇ ؟ — دەپ سورىدى رازاقىنىڭ ئانىسى .
— ھەئە ، ھازىرلا ئۇخلىدى .
— ئۇنداق بولسا تالادىكى ئۆيكە ـ زاسۇينى ئەكىرىپ تازىلى-
ۋەتكىن .
قىز ئىتائەتمەنلىك بىلەن تالاغا ماڭدى .
— بۇ قىز كىم بولىدۇ ؟ — دېدى ئابىدە .
— قىزىمنىڭ بالىسىنى باقىدۇ . ئانىسى بەش يىل بۇرۇن
باشقا ئەرگە بۇزۇلۇپ قېچىپ كېتىپتىكەن . بۇ قىز دادىسى بىلەن
قاپتۇ . دادىسى ياۋاش ، كەمبەغەل بىر ئادەم ، قولىغا ھەر ئايلىق
ئازراق پۇل بېرىپ بۇ قىزنى ئەكېلىۋالدۇق .
ئابىدەنىڭ ئەتىگەنكى نەبىجاننىڭ ئەھۋالىدىن ئېچىشىۋاتقان
يۈرىكىگە يېڭى بىر ئېچىنىش قوشۇلدى .
ئاينۇر چوڭ بىر داستا ئۆيكە ـ ھېسىپنى كۆتۈرۈپ كېلىپ
تازىلاشقا باشلىدى .
— سىڭلىم ، سىز ئوقۇغانمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئابىدە .
— بەشىنچى سىنىپىنى پۈتتۈرگىچە ئوقۇغان . كېيىن ،
ئوقۇيالمىدىم .
— دادىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ ؟

— دېھقان ، يېرىمىزمۇ ئاز . دادام شۇنچە ئىشلىسىمۇ باشقىلاردەك پۇل تاپالمايدۇغۇ ـ تاڭ ،— كىچىك بولغىنىغا قارىماي ئاينۇرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى جايىدا ، قوللىرى ئىشقا چاققانىدى .

— ھاجەتخانا قەيەردە ؟— دېدى ئابىدە .

ئاينۇر ھويلا ئالدىدىكى باغ چېتىنى كۆرسەتتى . ئابىدە ئۇ كۆرسەتكەن جايغا بېرىشىغا تامنىڭ كەينىدىن رازاقنىڭ قەھر ـ غەزەپلىك ئاۋازى ئاڭلاندى :

— ھەي قاپاقۋاش ، دۆت ، ئابىدەنى نېمىشقا ئۇ يەرگە باشلاپ بارىسەن ؟

— مەن باشـلاپ بارمىـدىم ، — بۇ غوپـۇرجاندىنىڭ ئاۋازى ئىدى ، — ئۇ ئۆزى مەنمـۇ بېردـپ كېلـەي دەپ ماشىنـىغا چىقىۋالغان .

— ئۇنىمىساڭ بولمامدۇ ، بىزنىڭ ئىدارىدىكى خەقنىڭ ئەسكىلىكىنى بىلمەمسەن ! كۆزى قىزىرىپ ئاران تۇرغاندا بولۇپ بېرىدۇ ئۇ غەيۋەتچىلەرگە ، ئابىدە بولۇنغان گەپنى ئاڭلىدىمۇ ؟

— ياق ، ئەنەيتۇلكام مەست بولۇپ قاپتىكەن . ئابىدە تالادا كىچىك بالا بىلەن گەپلىشىپ قالدى .

— قويلارنىڭ مېنىڭ ئىكەنلىكىنى دېمىگەنسەن ؟

— يـاق ،— دېـدى غوپـۇرجان ئاسـتا ، — ئابىـدەمۇ سورىمىدى .

— ياخشى ، بۇمۇ كىچىك بولغىنى بىلەن ئاتىكارچى نېمە . ئەگەر ، سوراپ قالسا ، ئەنەيتۇل يېزىنىڭ قويچىسى ، يېزىدىكى خەقنىڭ قويلىرىنى يىغىپ بېقىپ بېرىدۇ دەپ قوي جۇمۇ…

ئابىدە بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىر تۇرۇپ كۈلگىسى ، بىر تۇرۇپ ئاچچىقى كەلدى . «يېزا دېگەندە ئەجەب ئىشلارنى كۆرىدىكەن ئادەم» دەپ ئويلىدى كۆڭلىدە .

ئابىدە چۈپنى نېپىز قىلىپ يېيىپ ، ئىنچىكە قۇشقاچ تىلى قىلىپ كەستى . گۆشنىڭ سۆيگە پىياز ، زەنجىۋىل ، سامساقلارنى

توغراپ سالدى . ئۇ بۇنداق ئىشلارغا ئۇستا ئىدى . ئاندىن ، زاسۇي تازىلاشتا يالغۇزلۇق قىلىۋاتقان ئاينۇرغا قاراشتى .

— ئاچا ، سىز كادىرمۇ ؟ — دېدى ئاينۇر .

— ھەئە ، رازاق ئاكىڭىز بىلەن بىللە ئىشلەيمەن .

— كادىر ئاچاشلار بەك چىرايلىق بولىدىكەن . بىزنىڭ زىباگۇل مۇئەللىممۇ بەك چىرايلىق .

— سىزمۇ چوڭ بولسىڭىز مەندىنمۇ چىرايلىق بولىسىز .

— لېكىن ، مەن كادىر بولالمايمەن . مېنىڭمۇ ياخشى ئوقۇپ كادىر بولغۇم بار ئىدى . زىباگۇل مۇئەللىم ماڭا : «سىز سەنئەتكە ئىمتىھان بەرسىڭىز چوقۇم ئۇسسۇلچى بولىسىز» دېگەن .

— ئۇسسۇل ئويناشنى ياخشى كۆرەمسىز ؟

— ھەئە ، ھەرقانداق ئۇسسۇلنى تېلېۋىزورلاردىن بىرلا كۆرسەم ئويناليايمەن .

— دادىڭىزغا دەپ داۋاملىق ئوقۇسىڭىز بولمامدۇ ؟

— زىباگۇل مۇئەللىم مېنى ياندۇرۇپ ئەكەتمەكچىدىمۇ بولغان ، لېكىن رازاق ئاكام ئۇنىمىدى .

— نېمىشقا ؟ — ئابىدە ھەيران بولۇپ سورىدى .

— رازاق ئاكام : «ئاينۇر كەتسە ، بالىنى كىم باقىدۇ ؟ ئانامغا كىم ھەمراھ بولىدۇ» دەپ ئۇنىمىدى .

— باشقا ئادەم تاپسىلا بولىدىغۇ ؟

— ھازىر بالا باققۇچى تاپماق بەك تەس . بۇرۇنقى بالا باققۇچى ئۆيدىكى پۇلنى ئوغرىلاپ بىر ياشلىق بالىنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ قېچىپ كېتىپتىكەن . شۇڭا ، ئۇلار باشقا ئادەمنى ئەكەلمەيدۇ .

— بۇ بولماپتۇ ئاينۇر . مەن رازاقكامغا ، دادىڭىزغا دەي ، مەكتەپتە ئوقۇڭ .

— شۇنداق قىلىڭچۇ ئاچا . مەكتەپكە بەك بارغۇم بار ، بۇ ئۆيدىن خويمۇ زېرىكتىم .

ئابىدە ئاينۇرغا ئىچىكىپ قالدى . ئامراقلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان باشقا نەرسە تاپالماي ، بېشىغا كىيىپ كېلىپ ماشىنىغا قويۇپ قويغان چىرايلىق ئاق يۇڭ پوسمىسىنى ئەكېلىپ ئاينۇرغا كىيدۈرۈپ قويدى .

*　　*　　*

رازاق ئارقا ھويلىدا توخۇلارغا قاراپ تۇراتتى . ئۇ بىر خەلق سوتچىسىغا ئەمەس ، بەلكى بېيىش يولىدا ئىگىلىك تىكلەۋاتقان باقمىچىغا ئوخشايتتى . بېجىرگەن دېلونىڭ تايىنى يوق ، كىملەر بىلەندۇر يەرنىڭ ، باغنىڭ ، مال ـ ۋاراننىڭ گېپىنى قىلىشاتتى . شوپۇرنى بىر يەرلەردىن قوي ، يەنە بىر يەرلەردىن يەم ـ خەشەككە ئوخشاش نەرسىلەرنى ئەكېلىشكە بۇيرۇيتتى . ئىشخانىنىڭ ئىشى پۈتۈنلەي ئابىدەگە قالغانىدى . زېرەك ، چېچەن ئابىدە بۇنداق كېتىۋېرىشنى خالىماي يېزىلىق ھۆكۈمەتكە كىرىپ ئاياللار جۇرى- نىنى تېپىپ ، يېزىدىكى ئاياللارنى يىغىپ نىكاھ قانۇنى ھەم ئاياللار ـ بالىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنىدىن دەرس ئۆتمەكچى بولدى . يېزىلىق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ جۇرى- نى بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولدى ھەم دەرھال ھەرقايسى كەنت ئاياللار جۇرىنىنى يىغىپ ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىپ ، ئابىدە يېزىغا قاراشلىق يەتتە كەنتكە بىر كۈندىن بېرىپ دەرس سۆزلەي- دىغان بولدى . ئابىدە بۇنى رازاققا مەسلىھەت سېلىۋىدى ، ئۇ خۇددى مۇناسىۋەتسىز ئىشتەك : «ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى» دەپ قويدى . ئابىدە ئەتىدىن باشلاپ دەرس سۆزلىمەكچى . ئۇ بۈگۈن ئاينۇرنىڭ ئىشى توغرۇلۇق رازاق بىلەن كۆرۈشمەكچى .

— رازاقكا ، — دېدى ئابىدە توخۇلارغا قاراپ نېمىنىدۇر ھېسابلاۋاتقان رازاقنىڭ دىققىتىنى بۆلۈپ ، — سىز بىلەن ئاينۇرنىڭ ئىشى توغرۇلۇق سۆزلىشەي دېگەن .

— قايسى ئاينۇر ؟

— سىلەرنىڭ چوڭ ئۆيدىكى بالا باقىدىغان ئاينۇر .

— يائاللا ، دىققەت قىلمايدىغان ئادىمىكەنمىز يوقكەن . ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ ؟

— ئوقۇش يېشىدىكى قىزكەن ، ئۆزىنىڭمۇ ئوقۇش ئارزۇسى بەك كۈچلۈككەن . شۇ قىزغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى . بولسا ئوقۇۋالسا بوپتىكەن .

رازاقنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى .

— ئۇكام ، بۇ سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دائىرىسىدىكى ئىش ئەمەسقۇ دەيمەن .

— ئۇنداقمۇ ئەمەس ، لېكىن ھازىر مەجبۇرىي مائارىپ يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ ، قاراپ تۇرۇپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىنىڭ ئوقۇشىغا توسقۇنلۇق قىلساق ياخشى بولماس .

— ھە ، ئەمدى ماڭا ئۇستاتلىق قىلغۇڭىز كېلىۋاتامدۇ ، بىلسىڭىز ، ئاينۇر مۇشۇ كۆنگە خوش بولسا بولىدۇ . ئاچ - يالىڭاچ قالاي دېگەندە ئۆيگە ئەكېلىپ دادا - بالا ئىككىسىنى بېقىۋاتىمەن . قولىغا پۇل بېرىۋاتىمەن ، يامان قىلمىغاندىمەن . ئوقۇغۇدەك ئەھۋالى بولسا ئوقا ، بىزنىڭ ئۆيدىن ئايرىلسا ئوقۇش تۈگۈل قورسىقىغا نانمۇ تېپىپ يېيەلمەيدۇ . ياخشىسى ، سىز بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماڭ .

— سىلەرنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمىدىم رازاقكا ، سىز دېگەن قانۇن كادىرى ، ئاشۇ بالىنىڭ ئىستىقبالىنى ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ ؟ بىر يېزا سوتىنىڭ باشلىقى تۇرۇپ ئۆزىڭىز مۇشۇنداق قىلسىڭىز قانداق بولىدۇ ؟ ئوقۇش يېشىدىكى بالىنى مەجبۇرىي چىقىرىۋېلىپ ئۆي ئىشلىرىغا سېلىش مائارىپ قانۇنىغا ئۇيغۇن كېلەمدۇ ؟ ئەگەر مەكتەپتىن بىلىپ قالسا چارە كۆرىدۇ .

— يۇگۇرۇك ، بېرىپ مەكتەپ مۇدىرىغا دەڭ . بىلەمسىز ، ماڭا بۇ بالىنى ئاشۇ مۇدىر ئۇقۇشۇپ تېپىپ بەرگەن . سىز

ئۆزىڭىزچە مېنى ھېچنېمە بىلمەيدىغان چاغلاۋاتامسىز . يەنە بىر ئەسكەرتىپ قوياي ، مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلاشماڭ !

رازاق شۇنداق دەپلا ئىشخانىغا قاراپ ماڭدى . ئابىدە نېمە دېيىشىنى بىلمەي يۇرىكى ئۆرتەنگەن ھالدا تۇرۇپ قالدى .

ئەتىسى ئابىدە ئاياللار جۇرنىنى بىلەن بىللە يېزىدىكى ئەڭ يىراق بىر كەنتكە باردى . كەنت ئاياللار جۇرنىنى ئاياللارنى يىغىپ تۇرغانىكەن . خىلمۇ خىل رەڭدە كىيىنىشكەن ئاياللار يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشلىرىمۇ ، ئوتتۇرا ياشلىرىمۇ ، ياشانغانلارمۇ بار ئىدى . بەزىلىرى زاكىلانغان بوۋاق بالىنىمۇ كۆتۈرۈپ كەلگەنىدى . ئاياللار يەنە داۋاملىق كېلىۋاتاتتى . ئابىدە بۇگۇن سوت فورمىسى كىيىپ ، رەتلىك ياسانغانىدى . يېزىلىق ئاياللار ئابىدەنىڭ سوت فورمىسى بەكمۇ ياراشقان زىلۋا قامىتىگە ھەۋەس بىلەن قارىشىپ ئولتۇراتتى .

ئابىدە دەرسنى باشلىدى . ئۇ ئەتراپلىق تەييارلىق قىلغان ھەم قانۇن بىلىمىمۇ پۇختا بولغاچقا دەرس تولىمۇ مەزمۇنلۇق ، جەلپ قىلارلىق بولدى . ئابىدە ئەمەلىي مىساللارنى نەقىل كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ، كۆپرەك يېزا ئاياللىرى دۇچ كېلىۋاتقان قانۇن مەسىلىلىرى ئۈستىدە نۇقتىلىق توختالدى .

قانۇن ئارقىلىق ئۆزىنى قوغداشنى بىلمەسلىك يېزا ئاياللىرىنى بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە دۇچار قىلاتتى . ئېرىدىن ئۆلگۈدەك تاياق يەپ قوۋۇرغىلىرى ئۇشتۇلۇپ كەتسىمۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئولتۇراتتى . ئاتا - ئانىلىرى ئاجرىشىپ كەتكەن بالىلار ، بالا راسخوتىدىن بەھرىمەن بولالمايتتى . ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن كېلىنلەر نەچچە يىل ئەجىر قىلىپ تۇتقان ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىپ ، بالىلىرىنى يېتىلەپ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يېنىپ كېلەتتى . ياشانغان ئاتا - ئانىلار بالىلىرى تۇرۇپ بېقىمسىز قالاتتى . ئوقۇش يېشىدىكى بالىلار مەكتەپتىن مەجبۇرىي چىقىرىۋېلىنىپ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا سېلىناتتى .

ئابىدە بۇ ھەقتە مۇناسىۋەتلىك قانۇنلاردىن ئۇزاق سۆزلىدى. ئايالىلار خۇددى ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقى بۇنىڭدىن كېيىن كاپالەتكە ئىگە بولىدىغاندەك ناھايىتى خۇشال بولۇشتى ھەم ئابىدەگە چۈشەنمىگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە سوئالىلارنى ياغدۇرۇۋەتتى. ئابىدە ھەممىگە قايىل قىلارلىق جاۋاب بېرەتتى. دەرس تۈگەپ تارقاشقا باشلىغاندا، ئابىدەنىڭ يېنىغا يىگىرمە ئۈچ - يىگىرمە تۆت ياشلاردىكى قارا قۇمچاق بىر چوكان تارتىنغان ھالدا كەلدى:

— بىر گەپنى دەپ باقاي دېگەن...

— نېمە گەپ...

— مەن ئۆتكەن يىلى ئاجراشقان، بىر ئوغلۇم بار ئىدى، — ئايال شۇنداق دەپلا يىغلاپ كەتتى، — قوشدۆڭ سوتىدا رازاق سوتچى ئاجراشتۇرغان. ھۆكۈمدە قاراپ تۇرۇپلا ئوغلۇمنى دادىسىغا بۇيرۇۋەتتى. بالامغا بەك ئامراق ئىدىم. دادىسى دېگەن ھاراقكەش ئوغلۇمنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېتىپ قوي باققىلى ساپتۇ. ئەرز قىلسام ئوغلۇمنى ماڭا بۇيرۇپ بەرگىلى بولارمۇ؟

ئابىدەنىڭ كۆز ئالدىغا لاپپىدە ئەنەيتۇل بىلەن نەبىجان كەلدى.

— بالىڭىزنىڭ ئىسمى نەبىجانمۇ؟

— ۋاي شۇ، سىز قانداق بىلىسىز؟

— مەن ئۇنى كۆرگەن، بالىنى ئۆزىڭىز باققۇڭىز بارمۇ؟

— ۋاي بولمامدىغان، كېچىلىرى چۈشۈمگە كىرىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنى بەك سېغىندىم. كۆرگىلى بارسام دادىسى دېگەن ھاراقكەش ئۇرۇشىدۇ، سىڭلىم شەھەردە مۇئەللىم. شۇنىڭ يېنىدا ئوقۇتاي دېگەن. بالام قاراپ تۇرۇپ تۈگىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

— ئۇنداق بولسا سىز سوتقا بېرىپ بېقىش مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىش توغرۇلۇق ئەرز سۇنۇڭ. مۇھىمى، سىز بالىنىڭ مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىنغانلىقى، جاڭگالدا قوي بېقىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق مۇناسىۋەتلىك دەلىل - ئىسپاتلارنى يىغىڭ. كېلەر

دۈشەنبە قوشدۆك سوتىغا بېرىپ مېنى ئىزدىسىڭىز بولىدۇ .
— رەھمەت خانىم ، رەھمەت…

ئايال خۇشال بولۇپ چىقىپ كەتتى . ئابدە پۈتۈن كۈچى بىلەن نەبىجاننى ئانىسىغا بۇيرۇپ بېرىشقا ياردەم قىلماقچى بولدى . بىر ھەپتىنى ئابدە كەنتمۇ كەنت يۈرۈپ دەرس سۆزلەش ، ھەرخىل مەسىلىلەرگە يولۇقۇش ھەم جاۋاب بېرىش بىلەن ئالدىراش ، مەنىلىك ئۆتكۈزدى . ئابدەنى يېزىدىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تونۇپ كەتتى . بېشىغا غەم چۈشسە قوشدۆك سوتىغا كېلىپ ئۇنى ئىزدەيدىغان ، دەرد تۆكۈپ مۇڭدىشىپ كېتىدىغان بولدى . قوبۇل قىلىدىغان دېلولارمۇ ئۆزلۈكىدىن كۆپەيدى . ئابدە قوشدۆك ئاياللىرىنىڭ دىلكەش دوستىغا ئايلاندى .

*　　*　　*

شەنبە كۈنى ئىدى . ئابدە شەنبە ، يەكشەنبىدىن قاچىدىغان بولۇپ قالدى . شەنبە ، يەكشەنبە قورۇدا ھېچكىم قالمايتتى . تىلىۋالدى ئانچە ـ مۇنچە كىرىپ ـ چىققاننى ھېسابقا ئالمىغاندا پۈتۈن قورۇ تىمتاسلىققا چۆمەتتى . ئابدە ئۆزىنى ھەممە ئادەم ئۇنتۇپ كەتكەندەك ، خۇددى ساندۇقنىڭ كەينىگە چۈشۈپ كەتكەن بىر تال تۈگمە ھېچكىمنىڭ ئېسىگە كىرىپ چىقمىغاندەك ، بۇ جاھاندا ئۆزىنى ئەسلەپ قويىدىغان ھېچكىم يوقتەك ھېس قىلاتتى . گاھى قايناق بازارلارنى ، ئەل ـ ئاغىنىلىرىنى سېغىنىپ قالاتتى . لېكىن ، شەھەرگە كىرگۈسى كەلمەيتتى . ۋاقتىنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن سائەتلەپ كىتاب كۆرەتتى ، ئۆگىنەتتى ، تەرجىمە قىلاتتى . ماقالە يازاتتى ، يېزىدا ئىشلەش ئۇنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن يېتەرلىك ۋاقىت بىلەن تەمىن ئېتەتتى .

كىتاب كۆرۈپ چارچىغان ئابدە بىردەم ھەرىكەت قىلماقچى بولدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ياتاق تازىلاشقا باشلىدى . ياتاق

دىگەندىن كۆرە ئۆي دېسە بولاتتى ، دېمىسىمۇ ئابىدە ئۆينى كۆچۈ-رۈپلا كەلگەن ، ئاشخانا جابدۇقلىرىمۇ تولۇق ئىدى . تاماقنى ئابى-دە ئۆزى ئېتىپ يەيتتى .

ئىشىك چېكىلدى . ئابىدە : «تىلىۋالدىكام كەلگەن ئوخشاي-دۇ » دەپ يۈگۈرۈپ ئىشىكنى ئاچتىيۇ ، تۇرۇپ قالدى . ئىشىكتە بىرمۇنچە نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ ئەنسەر تۇراتتى .

— ياخشىمۇ سىز ئابىدە ، — ئەنسەر ئابىدەگە چوڭقۇر مېھ-رى بىلەن قارىغاچ ئەھۋال سورىدى .

— ياخشى ، — ئابىدە ئوڭايسىز ئەھۋالدا ئۇنى ئۆيگە باشلىدى .

ئەنسەر ئۆيگە كىرىپ قولىدىكى نەرسىلەرنى ئۈستەلگە قويغاندىن كېيىن گۈرۈلدەپ ئوت كۆيۈۋاتقان مەش ئالدىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئۆيگە سەپسالدى :

— ۋاھ ، ئەجەب چىرايلىق ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرۇپسىزغۇ !

— شۇ ، كەمبەغەل پەدىسىدە تۇتۇپ ئولتۇردۇق .

ئابىدە چاي دەملەشكە تۇتۇندى . ئەنسەر ئەكەلگەن نەرسىلە-رنى خالتىدىن چىقىرىپ ئالدى . ھەرخىل قۇتىلىق يەيدىغان نەرسىلەر ، پېچىنە ـ پىرەنىك ، شاكىلات ، تەييار چۆپ ، تونۇر كاۋاپ ، ئىچىملىك ھەتتا چاچ سوپۇنى ، يۈز سوپۇنىغىچە ئەكەلگەنىدى .

— نېمانچە ئاۋارە بولغانسىز ، — دېدى ئابىدە ، — مەندەك بىر سەھرالىقنىڭ كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلمۇېتەي دەپسىز ـ دە ؟

— ئۇنداق ئەمەس . سىزنى يوقلاپمۇ كېلەلمىدىم . نەچچە رەت كېلەي دەپ ئويلىدىميۇ ، سىزگە ياخشىراق ئويلىنىش ۋاقتى بېرەي ، دەپ كەلمىدىم . لېكىن ، چىدىمىدىم . ئابىدە ، ئەمدى مەن بەرداشلىق بېرەلمەيمەن ، بىز بۇ ھالەتكە خاتىمە بېرەيلى··· مېنى ئۇنچە ئازابلىماڭ .

— چىدىمىغىنىڭىز يالغان ، نەچچە ئاي چىدىدىڭىزغۇ

ئەنە··· يەنە شۇنداق چىدىسىڭىز بولىدۇ .
بۇ گەپ بىلەن ئابىدە ئۆزىنىڭ سېغىنىشىنى ئاشكارىلاپ قويدى . ئەنسەرنىڭ ئىككى ئايدەك جىمىپ كېتىشى بىلەن ئابىدە ئۇنى قاتتىق سېغىنغان ، كۆڭلى رەنجىگەنىدى . بايىقى گېپىدىن قېيداش ئارىلاش سېغىنىش ئىپادىلىنىپ قالغانىدى .
— بىلىمەن ئابىدە ، سىزمۇ مېنى سېغىندىڭىز ، نېمىشقا ئۆزىڭىزنى بۇنداق ئازابلايسىز ؟ ئانام هازىر قىلغان ئىشىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى . ئۇ : «ئابىدە ئۆيگە كەلسە بېشىمدا كۆتۈرۈپ گۇناهىمنى يۇيىمەن» دەيدۇ . ئانام خاتالىقىدىنى تونۇغاندىكەن كەچۈرۈۋەتسىڭىز بولمامدۇ ؟
— بىراق ئانام···
— ئايىمخان هەدەمنىڭ ئويلايدىغىنىمۇ شۇ سىزنىڭ بەختىڭىز . سىز بۇنداق ئازابلىنىپ يۈرسىڭىز ئانىڭىزنىڭ روهىنى قورۇندۇرۇپ قويىسىز . ئەگەر ، ئايىمخان هەدەم هايات بولغان بولسا ، بىزنىڭ توي ئىشىمىزغا چوقۇم قوشۇلغان بولاتتى .
ئىككىسى پاراڭلاشقاچ تاتلىق - تۈرۈمىلەر بىلەن چاي ئىچىشتى . ئابىدە ئەنسەرگە چاندۇرماي قاراپ ئۇنىڭ ياداپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ يۈرىكى «ۋىژژىدە» قىلدى .
— مەن مەنسۇركامغا دېدىم ، — دېدى ئەنسەر ، — سىزنى ئىدارىگە ياندۇرۇپ كېلىدىغان بولدى .
— ياق ، ئەنسەر مەن هازىر قايتىپ كەتسەم بولمايدۇ .
— نېمىشقا ؟
— مەن بۇ يەرگە كۆنۈپ قالدىم . ئۇنىڭ ئۈستىگە···
ئابىدە ئەنسەرگە قوشدۆڭگە كەلگەندىن بېرى كۆرگەن ، ئاڭلىغان ، هېس قىلغانلىرىنى دەپ بەردى . ئاخىرىدا :
— ئاشۇ ئىككى بالىنى تولا ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم . ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىشى بىر تەرەپ بولمىغىچە كەتمەي تۇراي .
— قوشدۆڭگە كېلىشنى هېچكىم خالىمايتتى . بۇ يەرگە

مېھرىڭىز چۈشۈپ قاپتۇ جۇمۇڭ .

— شۇنداق دېسەممۇ بولىدۇ . ئەگەر ، سوتچىلىق سالاھىيە-تىم بولغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە ؟

— ئىمتىھان نەتىجىسىمۇ چىقاي دەپ قالدى . ئۆتۈپ كېتەرسىز ؟

— ئىمتىھانىنغۇ ياخشى بەرگەن ، ئۆتۈشۈمگە ئىشىنىمەن . سوتچى بولسامىمۇ مۇشۇ قوشدۆڭدە سوتچى بولىمەن . بۇ يەر ماڭا تېخىمۇ ئېھتىياجلىق ، شەھەردىكى تۈگىمەس چاي ، توي ـ تۆ-كۈن ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلۇق تۇرمۇش بىلەن خۇشۇم يوق . يارال-مىشتىن يېزىغا لايىق تۆرەلگەن ئوخشايمەن .

— بولىدۇ ، رايىڭىزغا باقاي ، قوشدۆڭدە ئىشلىسىڭىزمۇ مەيلى . تويىمىزنى قانداق قىلىمىز ؟

— نېمە ، تويدىنلا چۈشتىڭىزغۇ تېخى . بىز تېخى يارىشىپ قالمىدۇق .

— مەن ھەرگىز ئىككىمىزنى ئايرىلىپ كەتتۇق دەپ ئويلاپ باقمىدىم . پەقەت سىزنىڭ ئاچچىقىڭىزنىڭ يېنىشىنى كۈتتۇم . ئەمدى بۇنىڭدىن ئارتۇق كۈتەلمەيمەن .

ئەنسەر كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزلەۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن سۆز-لىرىدىن كەسكىنلىك چىقىپ تۇراتتى .

ئابىدە تاماقنا تۇتۇش قىلىش ئۈچۈن ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى . ئۇ ئەمدىلا گۆشنى قولىغا ئېلىۋىدى ، ئەنسەر ئارقىسىدىن كېلىپ كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئۇنى قۇچاقلىدى :

— يۈرۈڭ ، شەھەرگە بارايلى...

ئابىدە يۈلقۇنغانسېرى ئەنسەر ئۇنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلايتتى .

— جېنىم ئابىدە ، بولدى قىلىڭ . ئۆيدىكىلەر مېنى سىزنى چوقۇم ئېلىپ كەل دېدى . ئەتە بىزنىڭ ئۆيگە بارىمىز .

— ياق بارمايمەن ، ھەرگىز بارمايمەن .
— ئۇنداق بولسا سىزنى ھەرگىز قويۇۋەتمەيمەن .

ئۇلار خېلى ئۇزۇن تىركىشىپ تۇرغاندىن كېيىن ئابىدە جىمىپ يىغلاشقا باشلىدى . ئۇ بىردىنلا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئەنسەرگە ئۆزىنى ئاتتى ـ دە ، «پاڭگىدە» يىغلىۋەتتى .

# ئون ئالتىنچى باب

# ئابدەنىڭ خاتىرىسى

ئايىمخاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئامىنەم ئۆز - ئۆزىدىن خۇدۇكسىرەپلا يۈرىدىغان بولۇپ قالدى . ئايىمخاننىڭ يۈرەك كې-سەللىنىڭ قوزغىلىشىغا ئامىنەم سەۋەب بولۇپ قالغاچقا ئۇ ئابباس-نىڭ ، ئەنسەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى گۇناھكار سېزەتتى . ئايىمخان-نىڭ ئۆلۈمى بىلەن نۇرخاننىڭ قولغا ئېلىنىشى ئامىنەمنىڭ ئەن-سەرنىڭ بولغۇسى تويى ھەققىدىكى شېرىن خىياللىرىنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋەتتى .

ئۇ ئابدەنىڭ جاپپارنىڭ ئۆز قىزى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ جەبىر - جاپاسىنى يەتكۈچە تارتىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىمۇ ئازاب بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن ئانىسىغا بەكمۇ ئېچىندى .

شۇ كۈنى ئامىنەم نېمانچىمۇ باغرى قاتتىق ئازازۇل بولۇپ كەتتىكىن ؟ تويغا زادى قوشۇلمىسا باشقىچە ئامال تاپسىمۇ بولاتتى-تىكەن ئەمەسمۇ ؟ مانا ئەمدى ئامىنەم قارىغاندا بىر ئۆمۈر ۋىجدان ئازابى تارتىدىغاندەك تۇراتتى . ئۇ ھۆرىيەتدىن مېھرايىنىڭ ئويۇن قېپى ، خىزمەتتە ئىقتىدارسىز ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇۋىدى ، بىر كۈنى مېھرايىنىڭ ئۆزىنى تاسادىپىي كۆ-رۈپ قېلىپ تېخىمۇ كۆڭۈلسىز بولۇپ قالدى . يەل تويتەك سەم-رىپ كەتكەن مېھراي ئامىنەمنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى مېھراي بىلەن ئاسمان - زېمىن پەرقلىنەتتى .

ئامىنەم ئۆزىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى، ئەنسەر بىلەن ئابدەگە ئۆۋال قىلغانلىقىنى تونۇپ يەتتى، ئەمدى بولغاندا ئوغلىدىن كەچۈرۈم سوراي دېسە ئوغلى بۇ ئۆيگە كەلمەيدۇ، ئابدەدىن كەچۈرۈم سوراپ بېرىشىدى، ئابدە ئۇنى كەچۈرمىدى، ئۇ ئابدە-نىڭ تال چىشىقتەك بەرنا تۇرقىغا، گۈزەل چىرايىغا، لاتاپىتىگە قاراپ ئوغلۇمنىڭ ھەقىقەتەن كۆزى باركەن دەپ ئويلىدى، ئوغ-لىغا نەچچە رەت تېلېفون ئۇرۇپ قايتىپ كېلىشنى ئۆتۈنسىمۇ، لېكىن ئەنسەر جاۋاب بەرمەي تېلېفوننى قويۇۋەتتى. ئوغلىنى بەكمۇ چوڭ بىلىدىغان ئامىنەم بۇ ھالدىن بەكمۇ ئازابلىناتتى.

ئۈرۈمچىدىن تەتىل قىلىپ كەلگەن قىزلار ھەر ھالدا ئائىلە-سىدىكى بۇرۇقتۇرما كەيپىياتنى ئوقۇشىدى، ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان قىزلار تۇشمۇتۇشتىن ئاكىسىنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ ئامى-نەمنى ئەيىبلەپ كېتىشتى. نىكاھ، توي ھەققىدىكى ئىككى خىل قاراشتا ئامىنەم ئائىلىدە يالغۇز يېتىم قالدى. ھەممىسى بىر تەرەپ بولۇپ، ئۇنىڭغا نىكاھ، ئائىلە، مۇھەببەت ھەققىدە دەرس ئۆتەتتى. قىزلار ئاخىر ئەنسەرنى ئالدىغا سېلىپ ئۆيگە ياندۇرۇپ كەلدى. ئامىنەمنىڭ ھەر ھالدا كۆڭلى تىندى. ئۆزى تەشەببۇس-كارلىق بىلەن ئەنسەردىن ئابدەنى ئۆيگە باشلاپ كېلىشنى، ئابدە قوشۇلسا ئۇنى ئۆز قىزىدەك كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بۇگۈن ئەنسەرنىڭ گېپى بويىچە «خۇدايىم بۇيرۇسا» ئابدە-نى باشلاپ كەلمەكچى، ئىككى قىز جىددىي تەييارلىقتا چۈشكەن-دى. پاتىمە ئاشخانىدا تاماقتا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. زۆھرە ئۆينى رەتلەپ، جابدۇپ ئۇستەللەرگە تاتلىق - تۈرۈملەرنى تىزى-ۋاتاتتى. ئاكىسىغا ئامراق ئاق كۆڭۈل قىزلار بولغۇسى يەڭگىسى-نى ئوبدان كۈتۈپ، ئاكىسىنى بىر خۇشال قىلغۇسى كېلەتتى.

پەستىن ئەنسەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ، پاتىمە - زۆھرەلەر ئىشىك ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتى. ئاباس بىلەن ئامىنەم بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇپ ئىشىك ئالدىغىراق كەلدى. ئەنسەر

خۇشال ھالدا ئابدەنى باشلاپ كىردى. ئابدە ھەممەيلەن بىلەن ئەدەپ بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ بۈگۈن ئۇچىسىغا قارا پەلتو، قارا ئۆتۈك كىيگەندى، ئۇ بوسۇغىدىچە گىلەم سېلىنغان ئۆيگە كىرىپ ئۆتۈكىنى سېلىپ، پەلتويىنى يېشىپ ئاسقۇغا ئىلدى. شۇندىلا ئۇنىڭ ئورۇق بەستىگە چىپپىدە كېلىدىغان قارا مايكىسى بىلەن چاقماق قاتلاق يوپكا كىيگەن زىلۋا ئىگىز بويى كۆپچىلىكنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. خىيالىغا نېمە كەلسە دەۋېرىدىغان زۆھرە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماستىن:

— ۋاھ، ئابدە ھەدە، بويىڭىز ئەجەبمۇ ئېگىزكەن، مۇشۇ تۇرقىڭىز بىلەن ئەسلى مودېل بولسىڭىز بولاتتىكەن، — دەپ ئابدەنى قىزارتىۋەتتى.

— ساراڭدەك گەپ قىلمىغىنە، — دېدى پاتىمە، — قېنى ئابدە ھەدە، يۇقىرىغا ئۆتۈڭ...

ئۆيدىكى ھەممەيلەن بىر - بىرىدىن قىزغىن ئىدى.

بۇنىڭدىن ئابدەنىڭ كەيپىياتىدىكى ھودۇقۇش، تەمتىرەشلەر يوقاپ خېلى ئازادە بولۇپ قالدى. يۈزى تۆۋەن قىزلار ئۈچۈن تۇنجى قېتىم يىگىتىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىشتىنمۇ تەس ئىش بولمىسا كېرەك. ئەنسەر يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالغاچقا ئابدە تەستە كەلگەندى. ئاباس بىلەن ئامىنەم ئابدە ئەكەلگەن «ئارمان»نىڭ يۇرۇشلۇك تالقانلىرىنى رەھمەت ئېيتىپ تۇرۇپ ئالدى. پاتىمە، زۆھرەمۇ ناھايىتى چىقىشقاق بولغاچقا ئۆزلىرىدىن ئىككى ياشلا چوڭ ئابدە بىلەن بىردەمدە چىقىشىپ كەتتى.

— يېزىدا جاپا تارتتىڭىزمۇ قىزىم؟ — دېدى باياتىن جىم ئولتۇرغان ئاباس.

— ياق، ئۇ يەرگە كۆنۈپلا قالدىم، يېزىدا ئىشلەشمۇ بىر ھېسابتا ياخشىكەن.

— ئەنسەر سىزنى يۆتكىلىپ كېلىدۇ دەيدىغۇ؟

— مېنىڭ ھازىرچە قوشدۆڭدىن ئايرىلغۇم يوق، بەلكىم

داۋاملىق شۇ يەردە قېلىشىم مۇمكىن .
— ئۇ يەرگە كۆنۈپ قاپسىز - دە ؟
— ھەئە ، ئۆزۈممۇ شەھەرگە قارىغاندا يېزىنى ياقتۇرۇپ قالدىم .
— رازاقچۇ ، ئىشلەۋاتامدۇ ؟
رازاقنىڭ گېپى چىقىشى بىلەن ئابىدە بىر قىسما بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشمۇ ئاباسنىڭ دىققىتىنى تارتتى .
— ھەئە ، بىللە ئىشلەۋاتىمىز ، — دېدى ئابىدە .
— ھەي ، بۇ رازاق بىلەن بىللە ئىشلىمەكمۇ تەس ، — دېدى ئابباس ، — مەن قوشدۆڭگە قايتا تەربىيىگە چۈشكەن يىللاردا ئۇ قوشدۆڭدە تازا دەۋر سۈرۈۋېتىپتىكەن ، قىلمىغان ئەسكىلىكى ئاز قالغان ئادەم ئىدى ، ئىنقىلابتىن كېيىن بىر يۇمىلاپلا سوت مەھكىمىسىگە كىرىۋالغىنىغا ھەيرانمەن ، ئەمەلىيەتتە تولۇقسىز - نىمۇ تۈزۈك ئوقۇمىغان ئادەم .
— ئۇ ئادەم ئاستا پېنسىيىگە چىقسا بولاتتى ، — دېدى ئەنسەر ، — يا ئورۇندىن بىكارلىمىغان ، يا ئۆزى تۈزۈك ئىشلىمىگەن .
پاتىمە ، زۆھرەلەر ئۇستەلدىكى تاتلىق - تۈرۈملەرنى يىغىش - تۇرۇپ ھەرخىل قورۇملارنى ئەكىرىپ تىزىشقا باشلىدى . ئۇلار ئىككىسى گۆرۈچنى دۇملەپ ، خىلمۇ خىل سەي قورۇغانىدى . ھەربىر تەخسە قورۇما چىققاندا زۆھرە : «ماۋۇنى مەن قورۇغان ، ماۋۇنى پاتىمە قورىدى» دەپ ئەسكەرتىپ تۇراتتى ، ئۇلار خۇشال كەيپىياتتا تاماق يېدى . ئامىنەم ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئابىدەنى تاماققا تەكلىپ قىلاتتى .
تاماقتىن كېيىن ئۇ ئابىدەنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ قولىنى مېھرىبانلارچە سىلاپ :
— قىزىم ئابىدە ، مەن ئالدىڭلاردا بەكمۇ خىجىل ، ئاپىڭىز

بىلەن ئىككىڭلارغا يۈز كېلەلمەيمەن ، ھازىر ، قىلغانلىرىمغا بەكمۇ پۇشايمان قىلىۋاتىمەن ، مېنى كەچۈرۈڭ قىزىم . ئانىڭىزنىڭ ئورنىدا سىزنى ئۆز قىزىمدەك كۆرۈپ گۇناھىمنى يۇياي دەيمەن ، — دېدى .

ئابىدەنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاپ كەتتى . ئۇ ئامىنەمنىڭ سەممىي مۇئامىلىسىدىن بۇ گەپلەرنى چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ دەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇ ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن ئامىنەمگە قاراپ ئۇنىڭ قولىنى يېنىك سىقتى .

— بېشىڭىزغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەندە ياردەمدە بولالمىدۇق ، — دېدى ئابباس ، — ئەمەلىيەتتە ئانىڭىز بىلەنمۇ كونا تونۇشلار ئىدۇق ، بىچارە ئارىمىزدىن ۋاقىتسىز كېتىپ قالدى . توۋا ، شۇنچە يىللار بىر شەھەردە تۇرۇپ ئانىڭىزنى بىر قېتىممۇ كۆرمەپتۇق .

— ئانام كىشىلەرگە ئانچە ئارىلاشمايتتى ، — دېدى ئابىدە ئانىسىنى ئەسلەپ ، — سىرتلارغىمۇ يۈزىنى يېپىپ چىقاتتى . مەن ئۇنىڭ نېمىشقا ئادەم كۆپ يەردىن قاچىدىغانلىقىغا ھەيران قالاتتىم .

— دادىڭىز بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ ؟ — دېدى ئابباس .

— ياق ، بەلكىم كۆرۈشمىگىنىم ياخشىدۇر ، — دېدى ئابىدە ئويچان ھالدا ، — كىچىك ۋاقىتلىرىمدا دائىم دادامنىڭ توساتتىن يىراق يەرلەردىن قايتىپ كېلىشىنى ، مېنىڭمۇ دوستلىرىمدەك دادام بولۇشىنى شۇنداق ئارزۇ قىلغان چاغلىرىم بولغان . ھازىر چوڭ بولدۇم ، ھەرقانچە ئويلىساممۇ بۇ رېئاللىقنى قوبۇل قىلالمايۋاتىمەن ، راستىنىلا بۇ ئىشقا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلەلمەي قالدىم .

— ھازىر جاپپارنىڭ ئەڭ چوڭ خۇشاللىقى سىز ، — دېدى ئابباس ، — يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ ئائىلىسىمۇ خاتىرجەم

ئەمەس ، جاپپار ئۆزىمۇ بۇ ئەلەملەرنى كۆتۈرەلمىگەندەك قىلىدۇ . قايسى كۈنى بارسام ، ئۇ : «ھەر نېمە بولسا ئىزىمنى باسقۇدەك قىزىم باركەن» دەپ سىزنى تىلغا ئالغاندا غەمكىن چىرايى ئېچىلىپلا كەتتى . دادىڭىزنى كەچۈرۈۋېتىڭ ، ئۇنى دادا ئورنىدا كۆرۈڭ ، ھازىر ئۇنىڭ ئۈچۈن سىزنىڭ ئۇنى دادا دېيىشىڭىزدىن ئارتۇق تەسەللى يوق .

ئابىدە ئۆزىنىڭ جاپپارنى «دادا» دەپ چاقىرغان ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشى بىلەنلا بىر چەتتە بويۇن قىسىپ قاراپ تۇرغان مېھرايىنى كۆرگەندەك بولدى . ئۇ دىلكەش قەلبى بىلەن مېھرايىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى تولۇق چۈشىنەتتى ، ئابىدە مېھرايىنىڭ دادىسىغا بەكمۇ ئامراقلىقىنى بىلەتتى . چۈنكى ، مېھراي دائىم ، ئىپتىخارلىنىش ۋە سۆيۈنۈش بىلەن ئابىدەگە دادىسىنىڭ گېپىنى قىلىپ بېرەتتى . ھازىر مېھرايىنىڭ ئانىسى قاماقتا ، مېھرايىنىڭ يېنىدا بىرەر دىل كۆيەر ئادىمىمۇ يوق ۋاقىتتا ، ئۇ جاپپارنىڭ قىزى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقسا مېھرايغا بەكمۇ ئەلەم بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابىدەنىڭ تۇغۇلۇشىدىن دادا مېھرىدىن مەھرۇم قالغان يۈرىكى توساتتىن پەيدا بولۇپ قالغان بۇ ناتونۇش دادىنى ئىتتىكلا قەلبىگە سىڭدۈرەلمەيتتى . ئابىدەنىڭ قەلبىدە تېخى جاپپارغا نىسبەتەن ھېچقانداق بالىلىق سېزىم ، ئاتا - بالىلىق مۇھەببەت تۇيغۇسى ئويغانمىغانىدى . شۇڭا ، بۇ ئىشقا كەلگەندە ئالدىراپ ئىپادە بىلدۈرمىدى . ئابىدەنىڭ ئېغىر - بېسىق ، سالماق مىجەزى ھەممەيلەنگە ياراپ كەتتى . ئۇلارنىڭ تۇتۇشى بىلەن ئابىدە خېلى ئۇزۇن ئولتۇرۇپ خوشلاشتى . ئەنسەر ئابىدەنى بېكەتكىچە ئۇزىتىپ قويماقچى بولۇپ بىللە ماڭدى ، ئامىنەم ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن رازىمەنلىك بىلەن قاراپ يېنىك تىندى .

شۇ كۈنى كەچتە ئابىدە خاتىرىسىگە مۇنۇلارنى يازدى:

«ئاپا، ئەقىلسىز قىزىڭىزنى كەچۈرۈڭ، سىزنىڭ كۆز
يۇمۇش ئالدىدا: ‹ئەنسەر بىلەن ھەرگىز توي قىلما، خارلى-
نىپ قالىسەن›، دېگەن گېپىڭىز ھېلىمۇ يادىمدا، ئىرادى-
ڭىزگە خىلاپ ئىش قىلىدىغان بولدۇم. ئەنسەر بىلەن
ياخشىلىشىپ قالدىم. ھەتتا، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە باردىم، ئەن-
سەرنىڭ ئانىسى بەكمۇ پۇشايمان قىپتۇ، يىغلاپ تۇرۇپ
سىزگە يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەنمۇ بولغان
ئەھۋاللارنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋەتتىم، لېكىن بۇ ھەرگىز-
مۇ ئارىمىزدىن كەتسىڭىزلا سىزنىڭ نەسىھەتىڭىزنى ئۇنتۇپ
قالغىنىم ئەمەس، قەدىرلىك ئاپا، يۈرىكىمنى چۈشىنىڭ،
مېنىڭ ئەنسەردىن، ساپ سۆيگۈ - مۇھەببىتىمدىن ۋاز كەچ-
كۈم يوق. بۇ دۇنيادا ماڭا ھەقىقىي سۆيگۈ - مۇھەببەتنى
پەقەت ئەنسەرلا بېرەلەيدۇ. شۇڭا، مەن بۇ مۇھەببەتنى
قەدىرلەيمەن ھەم قوغدايمەن. ئاپا، بۇ بەلكىم ئىككىمىزنىڭ
مىجەزىمىزدىكى ئوخشاشماسلىق بولسا كېرەك، سىزنى
ئەيىبلىمەكچى ئەمەسمەن، لېكىن مەن سىزنىڭ تارتقان جە-
بىر - جاپا، مۇشەققەتلىرىڭىزنى ئويلاپ ئاپام نېمىشقا بەخت-
لىك ئائىلىسىدىن، ياخشى كۆرگەن ئادىمىدىن شۇنچە تېز
ئۈمىدىنى ئۈزگەندۇ؟ نېمىشقا شۇنچە يىلنى يالغۇزلۇق،
تەنھالىق ھەم ئازاب ئىچىدە ئۆتكۈزگەندۇ دەپ ئويلاپ قال-
دىم، مەن باشقىلاردىن ھەممىنى ئاڭلىدىم، بىلدىم، دادام-
مۇ ئەسلىدە سىزنى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرىدىكەن،
شۇنچە يىلنى سىزنى ۋە مېنى غايىبانە سېغىنىش ئىچىدە
ئۆتكۈزۈپتۇ. مەنمۇ سىزنىڭ ئاخىرقى تىنىقىڭىزدىن قالغۇ-
چە دادامنى ئىزچىل تۇردە سۆيۈپ كەلگەنلىكىڭىزنى بىلدى-
مەن. ئاپا، رېئاللىقتىن نېمىشقا ئۆزىڭىزنى قاچۇرغان

بولغىيتتىڭىز؟ چۈنكى، سىزدىن ھېچقانداق سەۋەنلىك ئۆت-
مىگەن، سەۋەنلىكنى باشقىلار سادىر قىلغان، سىز بېشى-
ڭىزنى تىك تۇتۇپ ياشاشقا، ئۆز مۇھەببىتىڭىزنى قوغداشقا،
مېنىڭ كىمـــلىكىم قىـــزى ئىكەنلىكىمنى خەلقـــئالەمگە ئو-
چۇق - ئاشكارە جاكارلاشقا تامامەن ھەقلىق ئىدىڭىز. توغ-
را، بەلكىم سىز ئامالسىز قالغان بولۇشىڭىز مۇمكىن،
باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە، ئۇۋال قىلىشىغا ئۇچرىغان
بولۇشىڭىز مۇمكىن، بىراق كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان پا-
كىت، دادامنىڭ سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇ-
رۇپ ئۆزىڭىزنى ئازاب دېڭىزىغا ئىتتىرگەنلىكىڭىزگە ئېچى-
نىمەن. جېنىم ئاپا، سىز ئۆزىڭىزنى ئازراقمۇ ئاياپ قوي-
ماي، بارلىق يۈرەك قېنىڭىزنى، مېھىر - مۇھەببىتىڭىزنى
ماڭا، پەقەت ماڭىلا سەرپ ئەتتىڭىز، مەن چوڭ بولۇپ
مۇشۇنچىلىك بولغۇچە سىزنى يەتكۈچە ھارغۇزدۇم، تالغۇز-
دۇم، ئالتۇندەك ياشلىق باھارىڭىز رەھىمسىز تۇرمۇشنىڭ
جۇدۇن - چاپقۇنلىرىدا ۋاقىتسىز خازان بولۇپ، قەددى -
قامىتىڭىز يادەك ئېگىلگەندە، گۈزەل رۇخسارىڭىز سولاش-
قاندا، ۋۇجۇدىڭىزدىكى كۈچ - مادار خوراپ تۈگىگەندە مەن
ئاران چوڭ بولدۇم. بىراق، مەن سىزگە ھېچ نەرسە قىلىپ
بېرەلمىدىم. ئەجرىڭىزگە لايىق جاۋاب قايتۇرۇش ماڭا نې-
سىپ بولمىدى، مەن بۇنىڭغا بىر ئۆمۈر ئۆكۈنىمەن. ئاپا،
سىز كۆز يۇمغاندىن كېيىن مەن سىزنىڭ ھاياتىڭىزغا مۇنا-
سىۋەتلىك نۇرغۇن ئىشلارنى ئاڭلىدىم، كۆپ ئويلاندىم.
ئاپا، سىزگە ھېسداشلىق قىلىمەن، لېكىن قىلغانلىرىڭىز-
نى توغرا دەپ قارىمايمەن، ئاپا، مەن بىر قانۇن كادىرى،
مېنىڭ چۈشەنچەمدە ئادەم ئۆزى قىلغان ھەربىر ئىشقا
مەسئۇل بولۇشى كېـــرەك. دادا دېـــگەن سۆزگە تىلىم گال
بولسىمۇ، لېـــكىن ئـــۇ مېنىڭ ھاياتىمـــنىڭ سەۋەبـــچىسى

بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنى دادا دەپ تۇراي، مەيلى قانۇن بويىچە بولسۇن ياكى ئەخلاق - مىزان، ئۆرپ - ئادەت بويىچە بولسۇن سىلەر ئايرىلىپ كەتكەن بولساڭلارمۇ دادامنىڭ مېنى بېقىش مەسئۇلىيىتى بار، ئەگەر ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا دادامنىڭ بارلىقىنى بىلسەم چوقۇم ئۇنى ئىزدەپ بارغان بولاتتىم. سىز يېمەي - ئىچمەي، داۋالانماي كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە ئىشلەپ بىر يۈەن، بىر يۈەنلەپ يىغىپ ماڭا بېرىدىغان ئوقۇش پۇلۇمنى ئاشۇ دادامدىن ئالاتتىم، سىزگە سالغان يۈكۈمنىڭ ئېغىرىنى دادامغا ئارتاتتىم. شۇنداق بولغاندا، سىزنى تىنىم تاپماي ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىدىغان تۇرمۇش غەملىرىڭىز ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللەرمىدى ئاپا، ئوقۇش پۇلۇمدىن غەم قىلماي تاپقان پۇلىڭىزغا داۋالىنار بولغىيتىڭىزمۇ؟ ھېيت - ئايەملەردە بىرەر ياقىلىق كىيىم كىيىپ ئەينەككە قاراپ كۈلۈمسىرەر بولغىيتىڭىزمۇ؟

توغرا، سىزنىڭ غۇرۇرىڭىز مېنى دادامنىڭ ئالدىغا ئاپىرىشتىن توسقان، غەيرەت - شىجائىتىڭىز رەھىمسىز تۇرمۇشنىڭ ئېغىر يۈكىنى تەنھا زىممىڭىزغا ئېلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن، تۇرمۇشقا بولغان ئۈمىد - ئىشەنچىڭىز مېنى ياراملىق قىلىپ تەربىيىلەپ قاتارغا قوشۇشقا ئۈندىگەن. ئاپا، سىز ئارزۇيىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇردىڭىز، ئەمما ناتىۋان يۈرىكىمگە نۇرغۇنلىغان ئارمانلارنى قالدۇرۇپ ئارىمىزدىن كەتتىڭىز. دادامغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ھازىرغىچە بىلمىدىم، كىشىلەر دادامنى ناھايىتىمۇ ھەققانىي، ئادىل، پاك - دىيانەتلىك، كەم تېپىلىدىغان ئېسىل كادىر دېيىشىدۇ. مېنىڭ نەزىرىمدىمۇ ئۇ بىر ياخشى رەھبەر، نىياسەم ھەدەم ماڭا دادام توغرۇلۇق نۇرغۇن ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەردى، دادام ھازىرغىچە سىزنىڭ ئېتىڭىزنى ئۈنسىز يادلاپ، سىزنى سېغىنىش بىلەن ئۆتۈپ كەپتۇ. ماڭا

نسبەتەن بۇلارنى ئەمدى بىلگەننىڭ نېمە پايدىسى؟ مېنىڭ قارىشىمچە، سىزنىڭ پۈتۈن بەختسىزلىكىڭىزگە شۇ ئادەم سەۋەبچى. شۇ ئادەم سىزنى خۇشاللىق، بەخت، راھەت - پاراغەتتىن مەھرۇم قىلىپ سىزنى بىر ئۆمۈر ئازاب دېڭىزىغا ئىتتىرىۋەتتى. مەيلى قانداقلا سەۋەب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئانا - بالا ئىككىمىزگە قىلچىمۇ ئىگە بولمىدى. بۇلارنى ئويلىسام غەزەپلىنىمەن، دادامغا ئۆچلۈكۈم كېلىدۇ. بىر تەرەپتىن ئويلىسام سىزمۇ دادامغا دادىلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش پۇرسىتى بەرمەپسىز، بولمىسا شۇنچە چوڭ ھوقۇق تۇتقان، توققۇزى تەل ئادەم ماڭا ئاتىدارچىلىق قىلىشتىن باش تارتمايتتى. ئەمدى ماڭا ھېچكىمنىڭ ئاتىدارچىلىقىنىڭ لازىمى يوق، ھايات سەپىرىمنى مۇستەقىل داۋاملاشتۇرالايمەن. ئاپا، بالىلىق مېھىر - مۇھەببىتىم مەڭگۈ پەقەت سىزگىلا تەئەللۇق.

ئاپا، مېنىڭ ئەنسەر بىلەن توي قىلىشىمغا قوشۇلۇڭ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىشكە ھەرگىز چىدىيالمىغۇدەكمەن، مۇھىمى ئۇمۇ مېنى چىن قەلبىدىن سۆيىدۇ. سىزمۇ مېنىڭ بىر ئۆمۈر ئازابلىنىپ يۈرۈشۈمنى خالىمايسىزغۇ، ئاپا، سۈرىتىڭىزگە بەختلىك كۈلۈمسىرەپ قارىسام دەيمەن.

ئاپا، خاتىرجەم بولۇڭ، مەن بەختىم ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن، چوقۇم گۈزەل تۇرمۇشۇم، بەختلىك كۈلكەم بىلەن روھىڭىزنى خۇشال قىلىمەن...»

ئابدە يۇقىرىقى قۇرلارنى يېزىپ بولۇپ توختاپ قالدى، ئۇ ۋاقىتنىڭ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ چىراغنى ئۆچۈرۈپ ئۇخلاشقا ياتقان بولسىمۇ، كۆزىگە پەقەتلا ئۇيقۇ كەلمىدى.

ئاي نۇرى ئابدەنىڭ كىچىككىنە خانىسىگە تەڭگە

نۇرلارنى چۇشۇرۇپ ئۇنى ئىختىيارسىز دېرىزىدىن ئايغا قاراتتى . يۇپيۇمىلاق ئاي ئابىدەگە «سەنمۇ ماڭا ئوخشاش يالغۇزمۇ ؟» دېگەندەك مىسكىن قاراپ تۇراتتى . كېچە قاراڭغۇلۇقىدا چاقناپ تۇرغان تەنها ئاي ئابىدەنىڭ قەلبىدە لىرىك ھېسسىياتلارنى ئۇرغۇتۇپ قەلبى شائىرانە تۇيغۇلارغا چۆمۈلدى ، ئاچچىق - تاتلىق خىياللار بىلەن قاچانلاردىدۇر كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىندى .

# ئون يەتتىنچى باب

# نىياسەمنىڭ ئىرى

نەبىجاننىڭ ئانىسى زىلەيگۈل قوشدۆك سوتىغا كىلىپ بالد-
سىنى قايتۇرۇپ ئىلىۋىلىش توغرىسىدا ئەرز سۇندى . ئەنەيتۇل
سوتتا بالىنى ھەرگىز بەرمەيدىغانلىقىنى دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى .
تۇرقىدىن ئۆزىگە قاتتىق ئىشەنچى باردەك قىلاتتى . زىلەيگۈل
ئابىدەنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە مەكتەپنىڭ نەبىجاننىڭ ئوقۇش-
تىن چىكىنگەنلىكى توغرىسىدىكى ئىسپاتىنى ھەم نەبىجاننىڭ
قوي بىقىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بىر نەچچە
گۇۋاھچىلارنى سوتقا ئەكەلگەن بولسىمۇ ، لىكىن رازاق ئۇ ئىس-
پاتلارنى ئىرەڭسىزلىك بىلەن قاراپ قويۇپ ، سوتنى خۇشياقمى-
غان ھالدا ئىچىپ تۈگەتتى .

سوت تۈگىگەندىن كىيىن ، زىلەيگۈل ئابىدەدىن ئەنسىرەپ
سورىدى :

— رازاق سوتچى ئەنەيتۇل بىلەن بۇرۇندىن كونا تونۇش ،
سوت نەتىجىسى قانداق بولۇپ كىتەر ؟

— ئەنسىرىمەڭ ، نىكاھ قانۇنىدا بۇ توغرۇلۇق بەلگىلىمە
ئىنىق ، چوقۇم ئادىل ھۆكۈم چىقىدۇ .

زىلەيگۈل كەتتى . رازاق ئابىدەنى ئىشخانىغا چاقىردى . ئابى-
دە كىرگەندە ئەنەيتۇل بۇلۇڭدىكى ساپادا ئۆزىنى تاشلاپ قىڭغى-
يىپ ئولتۇراتتى . رازاق ئابىدەگە دەۋالاشقۇچىلار ئالدىدىلا قاتتىق
تەگدى :

— ئۇكام قىلىقلىرىڭىز بەكلا ئېشىپ كېتىپ بارامدۇ قانداق؟

— مەن نېمە ئىشنى خاتا قىلدىم؟

— كەنتمۇ كەنت بېرىپ خوتۇنلارنى يىغىپ دەرس ئۆتتۈم، دەپ ئۇلارنى ئەرلىرىنى ئەرز قىلىشقا كۈشكۈرتۈپسىز، مانا ئەمدى خوتۇنلار ئەرلىرى قولىنى كۆتۈرۈپ بولغۇچە ئەرز قىلىپ بوسۇغىمىزدا ياتىدىغان بولدى. سىز بىر كاتىپ، سوتچى ئەمەس. ۋەزىپىڭىز دائىرىسىدە ئىش قىلسىڭىز بولارمىكىن؟

— رازاقكا، مەن ھېچكىمنى ئەرز قىلىشقا كۈشكۈرتمىدىم. پەقەت ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداشنى ئۆگەتتىم.

— زىلەيگۈلنىچۇ؟ ئەرز قىلىشنى، دەلىل - ئىسپات توپلاشنى سىز ئۆگەتمىسىڭىز ئۇ ساۋاتسىز خوتۇن نەدىن بىلىدۇ؟

— ئۇنىڭ ئەرز قىلىشى توغرا. ئۇنىڭغا ئەرز قىلىشنى مېنىڭ ئۆگەتكىنىممۇ راست. لېكىن، مەن پۈتۈنلەي ئاشۇ نارەسىدە بالىنىڭ بەختىنى ئويلاپ شۇنداق قىلدىم. ئويلاپ بېقىڭە، سەككىز ياشقا كىرگەن گۆدەك بالا مۇشۇ سوغۇقتا جاڭگالدا قوي بېقىپ، ئاچ - توق يۈرسە، ئوقۇشسىز قالسا ئۇنىڭ كەلگۈسى قانداق بولماقچى؟ بۇ دادا بولغۇچىمۇ ئۆزىنىڭ دادىلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلماي، ئاشۇ كىچىككىنە بالىنى سوغۇقتا قوي باقتۇرۇپ، تاپقان پۇلىغا ئۆزى يەپ - ئىچىپ ئويناپ يۈرسە، ئانىسىنىڭ ئەرز قىلىش يولى يوقمۇ؟

— بەس! ئۆپكىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، — دېدى رازاق كىنايە بىلەن، — سىز سوتتا خاتىرىنى تولۇق، توغرا يازسىڭىزلا بولىدۇ. قانداق ھۆكۈم چىقىرىش مېنىڭ ئىشىم، بىلدىڭىزمۇ؟

— بىلدىم، سىزمۇ بىلىپ قويۇڭ، قانۇن دېگەن سىز خالىغانچە بۇرمىلاپ ئوينايدىغان ئويۇنچۇق ئەمەس. سىزنىمۇ باشقۇرىدىغان قانۇن بار.

رازاق ئەسلىي ئابىدەنى ئوبدان ئەدەپلەپ قويماقچى بولغاند.
دى . لېكىن ، ئابىدەنىڭ پەيلىدىن قورقۇپ قالدى . ئابىدە ئادەتتە
مۇلايىم كۆرۈنگەن بىلەن ھەق ـ ناھەق قارىشى كۈچلۈك ، ناھەق.
چىلىككە چىداپ تۇرالمايدىغان قەيسەر خاراكتېرلىك ئىدى .
ئەگەر ، رازاق شۇنداقلا ھەددىدىن ئاشسا چاۋىسىنى چىتقا يايىد.
غاندەك تۇراتتى . ئابىدە رازاقنىڭ چىتقا يايىدىغان چاۋىسىنىمۇ
خېلىلا بىلىپ قالغانىدى .

ئابىدە غەزەپ بىلەن چىقىپ كەتتى . ئەگەر ، رازاق نەبىنى
يەنىلا دادىسىغا بۇيرۇپ بېرىدىغان بولسا ، ئابىدەنىڭ ئۇنىڭ بىلەن
ئېلىشقىنى ئېلىشقانىدى .

دەرۋەقە نەچچە كۈن ئۆتمەيلا ھۆكۈم چىقتى . ئابىدەنىڭ
ئويلىغىنىدەك رازاق زىلەيگۈلنىڭ دەۋا تەلىپىنى رەت قىلىپ ،
نەبىجاننى يەنىلا دادىسىنىڭ داۋاملىق بېقىپ تەربىيىلىشىگە
ھۆكۈم چىقارغانىدى .

— ئەمدى قانداق قىلارمەن ،— دېدى زىلەيگۈل يىغلاپ ،—
مۇشۇنداق بولارىنى بىلگەنىدىم .

— يىغلىماڭ ، بۇ ھۆكۈمگە قايىل بولمىسىڭىز نارازىلىق
ئەرزى بېرىش ھوقۇقىڭىز بار . ئوتتۇرا سوتقا نارازىلىق ئەرزى
بېرەيلى . سوتچى دېگەن يالغۇز رازاقكاملا ئەمەس . ئادىل ، توغرا
ئىشلەيدىغان سوتچىلارمۇ بار .

— بولىدۇ ، جېنىم ئۇكام ، ماڭا بىر ياردەم قىلىڭ . تۇنۇ.
گۈن بالامنى كۆرگىلى قوتانغا بارسام بىچارە بالام مېنى كۆرۈپ
«پاڭمدە» يىغلاپ كەتتى . ئۇ ھاراقكەش كېچىچە ئاغىنىلىرىنى
يىغىپ ئۆيدە ھاراق ئىچكەن ئوخشايدۇ . بالام نەچچە كۈن بويتۇ
قوتاندا يېتىۋېتىپتۇ . ئورۇقلاپ شۇمشىيىپلا كېتىپتۇ . مەن
ھايات تۇرسام ، بالام شۇ كۈنگە قالسا قانداق بولىدۇ !

— رازاقكام بىلەن ئەنەيتۇلىنىڭ مۇناسىۋىتى بەك يېقىنكەن .
رازاقكام ، نەبىجان قوي بېقىپ بەرسە كۈنلۈكىگە ئون يۈەن

بېرىدىغان بوپتۇ. شۇڭا، ئەنەيتۇل بالىنى بەرگىلى ئۇنىمىغان گەپ.

— قارىغاندا ئەنەيتۇل بېقىۋاتقان قوي رازاق سوتچىنىڭ ئوخشىمامدۇ؟ ۋۇ پەس ئوغرى، خۇدايىم نېمىشقىمۇ شۇنداق ئادەملەرنى جازالىمايدىغاندۇ؟ رازاق سوتچىنىڭ قانداق ئادەملىكىنى قوشدۆڭدە بىلمەيدىغان ئادەم يوق. مەن ئاجراشقان چاغدا: «ئوغلۇمنى ماڭا بۇيرۇپ بەرسىلە» دەپ يىغلاپ كىرسەم ماڭىمۇ ناھايىتى سەت تەلەپتىن بىرنى قويۇپ ئىشخانىدىلا ئېسىلغان. يۈزىگە تۈكۈرۈپ، تىللاپ چىقىپ كەتكەنىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن بىلەن قېرىشىپ ئوغلۇمنى قەستەن ئاشۇ ھاراقكەش دادىسىغا بۇيرۇپ بەرگەن. دەۋاغا كەلگەنلەردىن تەلەپ قىلىپ تۇرۇپ پارا ئالىدۇ. ئەمدى مەنمۇ بوش تۇرمايمەن. شەھەردە مۇئەللىم سىڭلىم بار. ئېرى نەدە ئىشلەيدۇ، ئەيتاۋۇر قاسقان شەپكىلىك ساقچى.

زىلەيگۈل قايناپ ئولتۇرۇپ ئابىدەگە رازاقنىڭ ئابىدە بىلمەيدىغان نۇرغۇن سەتچىلىكلىرىنى ئېيتىپ بەردى. ئابىدەنىڭ قانۇننى دەستەك قىلىۋېلىپ بىر يېزىنى ئالىقىنىدا ئوينىتىۋاتقان بۇ ئادەمگە تېخىمۇ ئۆچلۈكى كەلدى. كەچتە، ئىسسىق مەشنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈۋاتقان ئابىدە قانداق ئۇخلاپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى. ئۇ تۇيۇقسىز بىرىنىڭ: «ئاچا... ئاچا» دەپ چاقىرغانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلىپ ئوڭى ياكى چۈشى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قالدى. ئۇ چۆچۈپ تام سائىتىگە قارىدى. كەچ سائەت ئون بىرلەر بولغانىدى. دېرىزىدىن بىر كىمنىڭ سايىسى كۆرۈنگەندەك بولۇپ، ئابىدەنى سۈر بېسىپ قورقۇپ كەتتى. ئەمدى تالادىن قىز بالىنىڭ «ئاچا» دېگەن ئاۋازى ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— كىم! — دېدى ئابىدە ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ.

— مەن... ئاچا ... مەن ئاينۇر...

ئابىدە دەرھال ئىشىكنى ئېچىپ ، ئىشىك ئالدىدا لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان كىچىك بىر گەۋدىنى كۆردى . ئاينۇر ئىچ كىيىم بىلەنلا يالاڭۋاش ئىشىك ئالدىدا تۇراتتى . سوغۇقتىن چىرايى كۆكەرگەن ، ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەيتتى . ئابىدە ئۇنى يېتىلەپ ئىشخانىغا ، ئاندىن ياندىكى ياتاق ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ مەشنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ ئولتۇرغۇزدى ھەم قايناق سۇ ئېلىپ كەلدى .

سوغۇقتىن ھەم قاتتىق قورقۇشتىن ئاينۇرنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتكەن . قوللىرى قېتىپ قالغاندەك بولۇپ ، پىيالىنىمۇ تۇتالمايۋاتاتتى .

— جېنىم ئۇكام ، نېمە بولدىڭىز ؟ بۇ كېچىدە نېمىشقا بۇنداق يالاڭ يۈردىڭىز … ،— ئابىدە جىددىيلىشىپ بىردەم لۆڭگىنى ئىسسىق سۇغا چىلاپ ئاينۇرنىڭ يۈز - كۆزىنى سۈرتسە ، بىردەم قوللىرىنى ئۇۋۇلايتتى .

ئاينۇرنىڭ تۇرقى نورمالسىز بولۇپ ، ئۇچىسىدا كونا ئىچ مايكا ، يۇڭ ئىشتىنىنىڭ يىرتىقلىرىدىن يالاڭ ئېتى ھەم ھېلىقى كۈنى سۆرەپ كىيىۋالغان چوڭ ئايىغىدىن پايپاقسىز پۇتلىرى كۆرۈنۈپ قالغانىدى . قارىغاندا ، ئۇخلاۋاتقان يېرىدىن قوپۇپلا قېچىپ كەلگەندەك قىلاتتى . ئابىدە ئوتى ئۆچەي دەپ قالغان مەشكە كۆمۈر سېلىپ ئوتنى ئۇلغايتتى . ئەدىيالنى ئېلىپ ئاينۇرنى يۆگەپ قويدى . قايناق سۇ ئىچىپ خېلى تىترىكى بېسىلغان ئاينۇر تولىمۇ بىچارە ھالەتتە ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ كەتتى :

— جېنىم ئاچا ، مېنى قوغلىۋەتمەڭ ، ئۇ ئۆيگە ئەمدى بارمايمەن ، مەن بەك قورقىمەن .

— ئاينۇر… ئاستىراق سۆزلەڭ ، ماڭا دەپ بېرىڭ ، زادى نېمە ئىش بولدى ؟

— ئاچا ئۆتكەندە مەن سىزگە بەك ئامراق بولۇپ قالغانىدىم . رازاقكام ھەر كەلسە سىزنى سوراپ تۇردۇم . سىزنى ئىزدەپ نەچچە كېلەي دېگەن ، ئۆيدىن چىقالمىدىم . ئاپئاق ئاچا ، مېنى قۇتقۇلدۇرۇۋېلىڭ !

ئاينۇر ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى . ئابىدە ئۇنى باغرىغا بېسىپ
ئىسسىق ئالىقانلىرى بىلەن ئۇنىڭ كىچىك قوللىرىنى سىلىدى .
— ئاينۇر ، قانىداق بولۇپ بۇ كېچىدە يالاڭلا قېچىپ
كەلدىڭىز ؟

— سىزگە دەپ بېرەي ئاچا . ئۇ ئائىلىدە مەن بەك تەس
كۈنگە قالدىم . مەن بېقىۋاتقان بالىنىڭ دادىسى يېقىندىن بېرى
يالغۇز قالساملا ئۇ يەر ، بۇ يەرلىرىمنى سىلاپ تۇتۇۋالىدىغان
بولۇپ قالغان . دەسلەپ قورقۇپ گەپ قىلالمىدىم . ئۆتكەندە بىر
ئاخشام ، ئۇخلاۋاتسام مەن ياتقان ئۆيگە كىرىپ يوتقىنىمغا كىرد-
ۋاپتۇ . مەن ۋارقىراپ باشقىلارنى ئويغىتىۋەتكەن . ئۇ قېچىپ
چىقىپ كەتتى . بۈگۈن ئاخشام ، — ئاينۇر قورقۇنچلۇق مەنزىرە
كۆز ئالدىغا كەلگەندەك يېنىك تىترىدى ، — ھاجەتكە چىققانىدىم .
ھاجەت قىلىپ بولۇپ چىقىۋاتسام ، ئۇ ئاغزىمنى ئېتىپلا ھويلا
چېتىدىكى ئامبار ئۆيگە سۆرەپ ئەكىرىپ ، دۆۋىلەكلىك تاغارنىڭ
تۆپىسىگە بېسىۋالدى . ئۇنىڭ يۈزلىرىنى تاتىلاپ ، تەپسەممۇ كۈ-
چۈم يەتمىدى . بىر كەمدە خوتۇنى كېلىپ ئىككىسى ئۇرۇشۇپ
كەتتى . ئۇ ئايال ئېرىنىڭ ئارقىسىدىن ماراپ چىققان ئوخشايدۇ .
مەن ھېچقانداق گۇناھ ئۆتكۈزمىسەممۇ يۈزۈمگە بىر تەستەك سې-
لىپ : «يوقال شاپاقچى» دەپ تىللىدى . ئۆيگىمۇ كىرمەي يۈگۈ-
رۈپ قېچىپ چىقتىم . دادامنىڭ يېنىغا باراي دېسەم ئۇرۇشىدىن
قورقۇپ ، ئاخىر يېنىڭىزغا كەلدىم . ئاچا··· ماڭا ئىچىڭىز
ئاغرىسۇن··· مېنى كەتكۈزۈۋەتمەڭ ؟
— ئۇنداق دېمەڭ ، نېمىشقا سىزنى كەتكۈزۈۋەتكۈدەكمەن ؟
ئەمدى سىز خاتىرجەم ئۇخلاڭ . سىزگە چوقۇم ياردەم قىلىمەن .
ئابىدە ئاينۇرغا تەسەللى بېرىپ كارىۋاتقا ياتقۇزدى ھەم ئۆزد-
مۇ يېنىغا كېلىپ ياتتى . ئاينۇرنىڭ پەرىشتىلەردەك پاك بىغۇبار
سۈزۈك يۈزىگە قاراپ كۆڭلى بۇزۇلدى . بىچارە قىز كىچىككىنە
تۇرۇپ يا ئاتا مېھرىنى ، يا ئانا مېھرىنى كۆرمەي كىشىلەرنىڭ

ئىشىكىدە خار - زار بولۇپ قىزىلگۈلدەك چىرايىنى غېرىب،
مىسكىنلىك باسقان، بالىلارچە شوخلۇقى ئاللىقاياقلارغا يوقىـ
لىپ، پاك قەلبىدىكى گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرى رەھىمسىز
تۇرمۇش دەستىدىن تۇنجۇققانىدى. ئابىدەدە بىردىنلا ئۇنىڭغا قاردـ
تا كۈچلۈك مېھىر قوزغالدى. ئۇ ئۇخلاپ قالغان ئاينۇرنىڭ
يۇمشاق قوڭۇر چاچلىرىنى سىلىدى.

ئەتىسى ئابىدە ئاينۇر بىلەن ئولتۇرۇپ ياڭاق، مېغىزلار
بىلەن ئەتىگەنلىك چاي ئىچتى.

— بۇرۇن قايسى مەكتەپتە ئوقۇغان؟— دېدى ئابىدە.

— قوشدۆڭ باشلانغۇچ مەكتەپتە بەشىنچى سىنىپنىڭ يېرىدـ
مىنى تۈگەتمەيلا دادام مەكتەپتىن چىقىرىۋالغان.

— ھازىر ئوقۇشنى خالامسىز؟

— خالىمايچۇ؟ زىباگۈل مۇئەللىمگە دېسەم چوقۇم ئوقۇشقا
ئالىدۇ.

— زىباگۈل مۇئەللىممۇ ئاشۇ مەكتەپتىمۇ؟

— ھەئە.

ئابىدە كېچىچە ئويلىنىپ ئاينۇرنى نېمىلا قىلمىسۇن مەكتەپـ
كە ئاپىرىپ بېرىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. ھازىر دەل بالىلارنىڭ
قىشلىق تەتىلدىن يىغىلىدىغان ۋاقتى. پۇرسەتنى چىڭ تۇتمىسا
ۋاقىت ئۆتۈپ كېتەتتى.

— مەن بۈگۈنلا سىزنى مەكتەپكە ئاپىراي…

— بىراق ئاچا، مېنىڭ كىيىملىرىم يوق…

— راست، — ئابىدەنىڭ بېشى قاتتى. ئېگىز بويلۇق ئابىدەـ
نىڭ ھەرقانچە كىچىك كىيىملىرىمۇ ئاينۇرغا كەلمەيتتى. ئابىدە
ئاينۇرنى ياتاقتا قالدۇرۇپ يېزا بازىرىغا كەلدى. مەش، قازاندىن
تارتىپ ئۇپا ئەڭلىككىچە ھەممە نەرسىنى تۆكمە قىلىپ ساتىدىغان
يېزا دۇكىنىدىن ئاينۇرغا لايىق كەلگۈدەك ئەرزان باھالىق بىر
ساياھەت ئايىغىدىن باشقا ھېچنەرسە تېپىلمىدى.

ئابدە ساياھەت ئايغىنى ئېلىپ يېنىپ كەلدى. ئانىسى يىگىرمە يىل ئىشلەتكەن تىكىش ماشىنىسى ئالدىدا ئولتۇرۇپ، كونا پادىچىلار شىمىنىڭ پۇچقىقىنى كېسىپ ئوڭشىدى.

— ئاچا، سىز كادىر تۇرۇپ كىيىم تىككۈچىلىكمۇ قىلالامسىز؟

— مەن دېگەن كىيىم تىككۈچىنىڭ قىزى. كىچىكىمدىن ماشىنىنىڭ جىرىلداپ ماڭغان ئاۋازى ئىچىدە چوڭ بولدۇم. ئەتىل كۈنلىرىدە ئانامغا ياردەملىشىپ ماشىنىنىڭ يىڭنىسىغا يىپ ئۆتكۈزۈپ بېرەتتىم. كەپسىزلىك قىلىپ ماشىنىنى خالىغانچە تېپىپ نەچچە قېتىم ئانامدىن تىلمۇ ئاڭلىغان. شۇنداق قىلىپ ئانچە - مۇنچە قولۇم كېلىدىغان بولۇپ قالغان.

ئابدە كونا - يېڭى كىيىملىرىنى ئوڭشاپ، ئاينۇرنى يۇيۇپ تاراپ تالاغا چىققۇدەك ھالغا كەلتۈردى. ئۇلار ياتاقتىن چىقىشىغا ھېچقاچان بۇنداق ئەتىگەن كەلمەيدىغان رازاق ئۇلارغا قورۇدىلا دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئاينۇر قورقۇپ تىترەشكە باشلىدى.

— سەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟— دېدى ئۇ ئاينۇرغا قاراپ،— نەگە ماڭدىڭلار؟ نېمە ئىش بولدى؟— رازاق چۆچۈپ سورىدى.

— نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۆيىڭىزگە بېرىپ سىڭلىڭىزنىڭ يولدىشىدىن سوراپ بېقىڭ.

— نېمە؟... نېمە ئىش بوپتۇ؟ سىلەر راستىنلا ساقچىخانىغا ماڭدىڭلارمۇ؟ ئابدە، يۈرۈڭ ئىشخانىغا كىرىپ پاراڭلىشايلى.

ئابدە ئاينۇرنى ياتاققا كىرگۈزۈۋېتىپ، رازاقنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى.

— نېمە ئىش بوپتۇ؟— ئابدەنىڭ چاقچاق قىلمايدىغانلىقىنى بىلىدىغان رازاق ئالاقزادە بولغانىدى.

— رازاقكا، ئاينۇرنى ياندۇرۇۋېتەيلى دېسەم ئۇنىمايلا، مانا ئەمدى ئىشنىڭ چوڭى چىقىپتۇ.

— نېمە بوپتۇ ؟
— سىڭلىڭىزنىڭ يولدىشى نەچچە قېتىم ئاينۇرغا يامان نىيەتتە بولغانىكەن . ئاخشام ئۇ ئاينۇرنى ھاجەتكە چىققان يېرىدە تۇتۇۋېلىپ ، ئامبار ئۆيىگە سۆرەپ ئەكىرىپ باسقۇنچىلىق قىلماقچى بوپتۇ . ئايالى كەينىدىن كېلىپ قېلىپ مەقسىتى ئەمەلگە ئاشماپتۇ . سىڭلىڭىز ئاينۇرنى تىللاپ قوغلىۋېتىپتۇ . ئاينۇر شۇ كېچىدە ، ئىچ كىيىملىرى بىلەن يېنىمغا كەپتۇ .
— ھۇ دەيۈز ، ھەزىلەكنىڭ قىلغان ئىشىنى ، — رازاق كۈيئوغلىنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى ،— كىچىككىنە بالىغا نىيىتى بۇزۇلۇپتۇمۇ ؟
— مەسىلە دەل شۇ ئاينۇرنىڭ كىچىكلىكىدە . ئاينۇر ئەمدىلا ئون ئىككى ياشقا كىرگەن تۇرسا . مەقسىتى ئەمەلگە ئاشسۇن - ئاشمىسۇن ئۇنىڭ قىلمىشىدىن باسقۇنچىلىق جىنايىتى شەكىللىنىدۇ . يىرتىلغان كىيىملەر ھازىرمۇ يانىقتا بار ، — ئابىدە خۇدى راستىنىلا دېلو مەلۇم قىلىدىغاندەك قىياپەتتە ئىدى .
— ئۇكام ،— دېدى رازاق يۇمشاپ ،— بولار ئىش بوپتۇ . ئاقىۋىتىمۇ ئېغىر بولمىغاندىكىن ساقچىخانىغىمۇ بارماڭلار . ئۇ ھەزىلەكنىڭ ئەدىپىنى ئۆزۈملا بېرەي ، ئاينۇرمۇ بولدى دادىسىنىڭ يېنىغا كەتسۇن .
— رازاقكا ، مەن ئەسلىي راستىنىلا ساقچىخانىغا مەلۇم قىلماقچىدىم . لېكىن ، مەنمۇ سىلىنىڭ يۈزلىرىنى قىلاي ، ئاينۇرغىمۇ روھىي بېسىم بولۇپ قالمىسۇن ، دادىسى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنى مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرەي .
— ھە بوپتۇلا ، شۇنداق قىلسىڭىزمۇ قىلىڭ ، ئۇمۇ بىزنىڭ ئۆيدە تۇرسا بىزگە ئىش تېپىپ بەرگۈدەك .
ئۇلار ئىشخانىدىن چىققاندا ئاينۇر تالادا تۇراتتى . رازاقنى كۆرۈپلا ، ئۇ خۇددى مۇئەللىمدىن تەنقىد ئاڭلىغان ئوقۇغۇچىلاردەك قورقۇمسىراپ يەرگە قارىدى . كىيىملەر ھەر ھالدا ئۇنى

بۇرۇنقىدىن كۆپ رەتلىك، پاكىز كۆرسەتكەنىدى. رازاق ئۇنىڭغا كۆيۈنگەن قىياپەتتە:

— ئاينۇر، بىزنىڭ ئۆيدە تۇرغۇڭ بولمىسا مەيلى، ئابىدە ئاچاڭ سېنى مەكتەپكە ئاپىرىپ بەرسۇن. كىچىك بولغاندىكىن مەكتەپتە ئوقۇ، — دېدى ھەم يانچۇقىدىن يۈز يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى چىقىرىپ، — مە، ماۋۇنىڭغا كىتاب - دەپتەر ئالارسەن، — دەپ قوشۇپ قويدى.

رازاقنىڭ يالغان بولسىمۇ قىلىۋاتقان ياخشى مۇئامىلىسىدىن ئاينۇرنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىۋەتتى ھەم پۇلنى تەستە ئالدى. ئۇلار سوت دەرۋازىسىدىن چىقىپ كېتىشىگە رازاقنىڭ چىرايىدىكى ياسالما كۇلكە يوقاپ، قەھرلىك تۈس ئالدى. شۇ تاپتا ئابىدەنى چايناپ پۇركۇۋەتكىسى كېلىپ كەتتى.

ئۇ ئابىدەدىن چۆچۈگەنىدى. ئۇنى دەرھال كۆزدىن يوقاتمىسا قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلدى. توغرا، ئۇنى مەھكىمە باشلىقى مەنسۇرغا چېقىش كېرەك. ئۇنىڭ كىشىلەرنى ئەرز قىلىشقا كۇشكۇرتكەنلىكىنى، مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا چېپىلىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى دېيىش كېرەك. ئۇنى بۇ يەردىن يۆتكەپ، بولمىدى دېگەندە گۇزەلنۇرنى ئەكېلىۋالسىمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ رازاق ئابىدەنى بىرنېمىلەرنى قىلىپ قوشدۆڭدىن يوقىتىش پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشتى.

ئابىدە ئاينۇرنىڭ باشلىشى بىلەن قوشدۆڭ باشلانغۇچ مەكتەپكە كەلدى، ئاينۇر ئاغزىدىن چۇشۇرمەيدىغان زىباگۇل مۇئەللىمنىڭ ئىشخانىسىغا ئابىدەنى باشلاپ كىردى:

— زىباگۇل مۇئەللىم! — ئاينۇر ھاياجان بىلەن بۇلۇڭ ئۇستەلدە ئولتۇرغان ياشقىنە مۇئەللىمنىڭ يېنىغا يۇگۇرۇپ باردى.

— ۋۇي، ئاينۇرغۇسىز، ئوقۇيدىغان بولدىڭىزمۇ؟

— ھەئە، مېنى ئابىدە ئاچام ئەكەلدى.

زىباگۈل مۇئەللىم ئابدەنى كۆرۈپلا توۋلىۋەتتى :

— ۋاي ، ئابدەغۇ سىز ؟ خۇدايا توۋا… بۇ يەردە سىزنى كۆرەرمەن دەپ پەقەت ئويلىماپتىمەن .

— ئاينۇر گېپىڭىزنى شۇنداق قىلدۇ . بۇ يەردە مۇئەللىملىك قىلىۋاتقىنىڭىزنى پەقەتلا بىلمەپتىمەن .

ئۇلار تولۇق ئوتتۇردا بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلار ئىدى . زىباگۈل مەكتەپتە تارتىنچاق ، يۈزى تۆۋەن ، ئەخلاقلىق قىز ئىدى . ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا ئوبلاستلىق دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان ھەم مۇشۇ قوشدۆڭ باشلانغۇچ مەكتەپكە تەقسىم قىلىنغانىدى . ئۇ بۇرۇنقى تېقىمىدا ئويناپ تۇرىدىغان ئۇزۇن ئىككى ئۆرۈمە چېچىنى كەينىگە بانتىلاپ تۈگۈۋالغان ، ئۇچىسىغا مېغىزرەڭ ئۇزۇن پەلتو ، پۇتىغا قارا ئۆتۈك كىيىۋالغانىدى . چىرايى يەنىلا بۇرۇنقىدەكلا چىرايلىق . ئۇلار قىزغىن پاراڭلىشىپ كەتتى . زىباگۈل ئابدەنىڭ ئىككى ئايدىن بېرى قوشدۆڭدە ئىشلەۋاتقانلىقىنى بىلىپ ھەيران ھەم خۇشال بولدى . ئابدە ئاينۇر بىلەن تونۇشۇپ قېلىشىنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بەردى .

— ئاينۇرنىڭ دادىسى بەك ياۋاش ئادەم ،— دېدى زىباگۈل ،— گەپ شۇ رازاق سوتچىدا ، دائىم مەكتەپتىن ئۇ سەۋەب ، بۇ سەۋەب بىلەن چىقىپ كەتكەن قىزلارنى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ ئىشىغا سېلىپ بېرىدۇ . ئوقۇغۇچى يىغقىلى شۇ ئادەمنىڭ ئۆيىگىمۇ نەچچە رەت باردىم . لېكىن ، بارسامىلا دەشنەم ئىشىتىپ كېلىمەن . ئاينۇر ئۆگىنىشتە سىنىپنىڭ ئالدى ئىدى . كاللىسى بەك ئىشلەيدۇ ، ئۇسسۇل ئوينىغىنىنى كۆرسىڭىز ئارتىسنىڭ ئۆزى ، بىراق شۇ ئائىلىسى بەك نامرات .

— مەنمۇ ياردەم قىلسام ، بىر ئامال قىلىپ ئوقۇپ كەتسە…

— دەل ۋاقتىدا كەپسىلەر ، ئەتىدىن باشلاپ دەرس

باشلايمىز . مەن ئاينۇرنى سىنىپقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياي . دەرسلىك كىتابلارنى ئالىدىغان گەپ ، يۇرۇڭلار...

ئابدە ئوقۇش پۇلىنى تۆلىدى ھەم دەرسلىك كىتابلارنى ئالدى ، زىباگۈل مۇئەللىم ئاينۇرغا بىر سومكا بەردى . ئاينۇر خۇشاللىقتىن قىنى - قىنىغا پاتماي كەتكەنىدى . ئۇ مەيداندا ئويناۋاتقان بالىلارغا قاراپ ھاياجانلىناتتى . كونا ساۋاقداشلىرى بىلەن خۇشال كۆرۈشەتتى . ئاينۇر ئۆتكەن يىلى ، مەۋسۇمنىڭ يېرىمىدا چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بەشىنچى يىللىقنى ئىككىنچى مەۋسۇمىدىن باشلاپ ئوقۇيدىغان بولدى . ئابدە ئاينۇرنىڭ دەپ بەرگەن ئادرېسى بويىچە ئاينۇرنىڭ دادىسىنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ تاپتى .

ئابدە ئالدىغا بىر دۆۋە قىغ دۆۋىلەپ قويۇلغان ، ھاكلانمىغان ، پاكار تاملىق بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدى . ھويلىغا تاممۇ چۆرىدىمىگەن بولۇپ ، ئابدە «كىرەيمۇ ، كىرمەيمۇ» دەپ ئىككىلىنىپ ئاخىر ئىشىكنى چەكتى . ئىچىدىن ئىڭراشقا ئوخشايدىغان بىر ئاۋاز چىقتى . ئۇ يا كىرىشكە ئىجازەت بېرىلگەن ئاۋازغا ، يا بىرىنى چاقىرغان ئاۋازغا ئوخشىمايتتى . ئابدە ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىردى . ئۆي ئىچى قاپقاراڭغۇ ئىدى . كىچىككىنە روجەكلەرنىڭ ئۆمۈچۈك تورلىرى ، توپا باسقان ئەينەكلىرى شۇنچە سىخىي قۇياش نۇرىنى توسۇپ تۇراتتى . ئابدە بىر پەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئەتراپنى ئاندىن ئىلغا قىلالىدى .

— كىمسەن بالام؟ خاتا كىرىپ قالدىڭمۇ دەيمەن ، — بۇلۇڭدىن خىرقىراق ئاۋاز ئاڭلاندى .

ئابدە چۆچۈپ ، كاڭنىڭ تۆپىدە رەڭگىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان يوتقانغا پۈركىنىپ ياتقان بىر بوۋاي سىياقى ئادەمنى كۆردى .

— قاسىمكام دېگەن سىلى بولامىلا ؟

— ھەئە مەن ، قارىسام كادىر بالىكەنسەن ، مەندىن پۇل

يىغقىلى كەلگەن بولساڭ ئىسسىق جاندىن باشقا ھېچنېمە يوق.
قاسىمكام دېگىنى، يەنى ئاينۇرنىڭ دادىسى ئۇنچىۋالا قېرى بولمىسىمۇ، لېكىن بولۇشىغا قويۇۋەتكەن چاچ - ساقاللىرى، بېشىغا كىيىۋالغان شاپاق دوپپىسى ئۇنى قېرىپ ھالىدىن كەتكەن بوۋايغىلا ئوخشىتىپ قويغاندى. تۇرۇپ قاتتىق يۆتىلىپ كېتەتتى.
— قاسىمكا، مەن سىلى بىلەن ئاينۇر توغرۇلۇق سۆزلەشكىلى كەلگەن.
— ھە مۇئەللىمەمۇ سىز؟ ئۇنى ئىزدىسىڭىز، رازاق سوتچىنىڭ ئۆيىگە بارسىڭىز بولىدۇ.
— مەن مۇئەللىم ئەمەس. رازاق سوتچى بىلەن بىللە ئىشلەيمەن. قاسىمكا، ئاينۇر رازاقكامنىڭ ئەمەس سىلىنىڭ قىزلىرى. ئۆز قىزلىرىنىڭ نېمە بولۇشى بىلەن كارلىرى يوق ئۇنى خەققە ئىتتىرىپ قويسىڭىز قانداق بولىدۇ؟
قاسىماخۇن بىر ھازا جىمىپ كەتتى. ئابىدە ئۆيگە سەپسالدى، بىر مۇنچە ئەسكى - تۇسكىلەردىن باشقا ئۆي بىساتى سانالغۇدەك بىرەر نەرسە يوق ئىدى.
— مەن ئاينۇرنى رازاق سوتچىغا بالىچىلاپ بېرىۋەتتىم، — قاسىماخۇن ئاخىر ئېغىز ئاچتى، — مەندە ھازىر ئۇ بالىغا ئاتىدارچىلىق قىلغۇدەك، ئۇنى بېقىپ قاتارغا قوشقۇدەك كۈچ - ماجال يوق. ئىسسىق جېنىمنى ساقلاپ يېتىۋاتىمەن، كېسىلىم بارغانچە ئەدەۋاتىدۇ. ئاينۇرنى ياندۇرۇپ كەلسەم ئۇ بالا بۇ ئۆيدە قىينىلىپ قالىدۇ. رازاق سوتچى نېمىلا دېگەنبىلەن ھۆكۈمەتنىڭ كادىرى. شۇ ئۆيدە بولسىمۇ ئانچە - مۇنچە راھەت كۆرسۇن.
— بىراق، قاسىمكا، ئاينۇر ئۇ ئۆيدە راھەت كۆرۈش ئەمەس خارلىنىپ قاپتۇ. ئۇ بۇ يېشى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە ئىشلەمچىلىككە ئەمەس مەكتەپتە ئوقۇشقا لايىق.
ئابىدە قاسىماخۇنغا بولغان ئىشلارنىڭ جەريانىنى تولۇق

سۆزلەپ بەردى . قاسىماخۇن بىردىنلا يۇم ـ يۇم يىغلاپ كەتتى :
— ئاھ خۇدا ، قىلغان قايسى گۇناھىمغا مېنى مۇنداق خار-لىققا قويىدىغانسەن ! ئاشۇ بىچارە قىزىمنى ھىمايە قىلالمىسام مېنىڭ نەرىم ئەر ، دادا… ، ئاھ قىزىم ، مېنى كەچۈر .
ئابىدەنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە قاسىماخۇن باغرى يۇمشاق ، ياۋاش ئادەم ئىدى . ئابىدە ئۇنىڭغا بۇگۈن ئاينۇرنى مەكتەپكە ئاپىرىپ بەرگەنلىكىنى ، ئۇنىڭ ئوقۇشىغا ئۆزى ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىۋىدى ، قاسىماخۇن خۇددى خىزىرغا يولۇق-قاندەك خۇشال بولۇپ كەتتى .
— دېگىنىڭىز راستلا بولسا خۇدايىم تىلىكىمنى ئىجابەت قىلىپتۇ . ئولتۇرسام ، قوپسام شۇ يالغۇز قىزىمنىڭ بەختىنى تىلەيتتىم . ئەمدى ئۆلسەممۇ خاتىرجەم ئۆلىدىغان بولدۇم . بەخ-تىڭىزگە دۇئا قىلاي قىزىم . مۇشۇ بىر بىچارە قىزىمنى ھۆكۈ-مەتكە تاپشۇردۇم . ھۆكۈمەت ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويار .
— سىلى ئۆزلىرىنى ئاسرىسىلا ، — دېدى ئابىدە ، — قارىغاندا دوختۇرغا كۆرۈنمىسىلە بولماپتۇ .
— دوختۇرغا كۆرۈنگەنىنىڭ پايدىسى يوق . ماڭا مۇشۇ كۈن ھەق .
— نېمىشقا ئۇنداق دەيلا ؟
— مەن مۇشۇ كېسەل بىلەن ئۆلۈشكە لايىق . چۈنكى ، مېنىڭمۇ بىر ئاجىزەگە ئۇۋال قىلىپ قويغان يېرىم بار . تۇنجى ئايالىم بەكمۇ مېھرىبان ، كۆيۈمچان ، بەلەن خوتۇن ئىدى . لې-كىنزە ، تۇغماس چىقىپ قالدى . شۇ ئەيىبى ئۈچۈن بىچارە بەك ئازاب چېكىپ كەتتى . مەن ئۇنى تىللاپ ، ھاقارەتلىسەممۇ ، ئۇرۇپ ، دۇمبالىسامىمۇ مۇشۇ ئۆي ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىغانىدى . ئاخىر ، مەن ئۇنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقاردىم . ئۇنىڭ كۆزىچىدىلا ئاينۇرنىڭ ئانىسىنى ئۆيگە ئەكېلىۋالدىم . بىچارە بىر كۆزى قان ،

بىر كۆزى ياش شەھەرگە ئاكىسىنىڭ يېنىغا كەتتى .

ئابىدەنىڭ خىيالىغا يالت قىلىپ نىياسەم كىرىۋالدى .

— بۇرۇنقى ئاياللىرىنىڭ ئىسمى نىياسەم ئەمەستۇ ؟

— دەل شۇ ، سىلى قانداق بىلىلا بالام ؟

— مەن نىياسەم ھەدەم بىلەن يېقىن تونۇش ، ئۇ ئۆز تۇرمۇشى ھەققىدە ماڭا ئانچە - مۇنچە سۆزلەپ بەرگەن . بىراق ، قاسىمـكا ، سىلى قانـداق بولۇپ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىـلا ؟— ئابىدەنىڭ ھەيرانلىقى ئاشماقتا ئىدى .

— نىياسەمنى تونۇيمەن دېدىڭىزمۇ قىزىم ؟ ئۇ ھازىر بارمۇ ؟ ئۆزى قانداقراق تۇرۇۋاتىدۇ ؟— قاسىماخۇن روھلىنىپ سوراپلا كەتتى .

ئابىدە لايىقىدا جاۋاب بەرگەندىن كېيىن ، ئۇ بىر ئۇھسىنىۋېتىپ سۆزلەشكە باشلىدى :

— ھەممە بالا ماڭا ئاينۇرنىڭ ئانىسىدىن كەلدى ، ئۇ خوتۇن ئازازۇل ، ئويۇنچى ، بېشەم خوتۇن ئىدى . توي قىلىپ ئىككى يىل ئىچىدە تاپقان - تەرگىنىمنى كۆلدەك توزۇتۇۋەتتى .

نەچچە يىل نىياسەم جاپا تارتىپ قۇشقاچ چاڭگا تىزغاندەك يىغىپ تۆشەپ تۇتقان ئۆي توزغاقتەك توزۇشقا باشلىدى . بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن ئۇ مەھەللىمىزگە ئىشلەمچىلىككە كەلگەن بىر ياش يىگىت بىلەن تېپىشىۋالدى . كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ ئالتە ياشلىق ئاينۇرغىمۇ قارىماي ئاشۇ ئىشلەمچىنىڭ ئارقىسىدىن قېچىپ كەتتى . ئۆيدىكى قالدى بىسات ، پۇل - پۇچەكنى سۈپۈرۈپلا قېچىپتۇ . مېنى نىياسەمنىڭ قىساسى تۇتـقان چېـغى . شۇنىڭدىن كېيىن ، ھەرقانچە ئىشلىسەممۇ روناق تاپمىدىم . بارغانسېرى سورۇلۇپ ، ئاخىر مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىم .

ئابىدە نىياسەمنىڭ بۇرۇنقى يولدىشى ، يەنى قاسىماخۇنغا

قارىغىنىچە داڭ قېتىپ ئولتۇرۇپ قالدى . بۇنداق تاسادىپىي-
لىقلار ، ئۇدۇل كېلىشلەر پەقەت ھېكايە ، رومان ، كىنولاردىلا
بولسا كېرەك . ئۇلارنى پەقەت ئاپتور ئۇستىلىق بىلەن قۇراشتۇر-
غان ۋەقەلىك دەپ بىلەتتى . لېكىن ، بۇلارنىڭ ھەممىسى رېئال-
لىقتا ئابىدەنىڭ بېشىغا كېلىۋاتاتتى . تەقدىرنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق
يېزىۋاتقان بۇ رومانىنىڭ داۋامى قانداق بولاركىن ؟ قانداق ئاياغ-
لىشاركىن ؟ ئابىدەنىڭ بېشى قايمۇقۇپ كەتتى .

## ئون سەككىزىنچى باب

# شەيتان ئازدۇرغان كۆڭۈل

كامېر ئىشكىنىڭ تاراقلاپ ئېچىلىشى بىلەن كامېردىكى ئۈچ ئايال مەھبۇس قەددىنى رۇسلاپ دىققەتتە تۇردى.

— شەرۋان! — دەپ چاقىردى ئايال تۈرمە ساقچىسى.

— مانا مەن، — شەرۋان ئىسىملىك ياش ئايال مەھبۇس تۈرمە ساقچىسىنىڭ ئالدىغا باردى. ساقچى ئايال كامېردىكىلەرگە بىر قۇر قاراپ قويغاندىن كېيىن، ئىشىكنى قۇلۇپلاپ شەرۋاننى ئالدىغا سېلىپ مېڭىپ كەتتى.

نۇرخان بۇتتەك قېتىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ھازىر كېسىلگەن قىرقىم چاچلىرى، ئۇچىسىغا كىيىۋالغان چوڭ نومۇرلۇق تېگى كۆك ئاق يوللۇق مەھبۇسلار كىيىمى بىلەن تونۇغۇسىز بولۇپ قالغانىدى. ئىلگىرىكى قاچانلا قارىسا قويۇق پەرداز بىلەن پارقىراپ تۇرىدىغان چىرايى خۇددى سۇيى قېچىپ قۇرۇپ قالاي دېگەن قوغۇندەك پۈرلەشكەن، چېكە چاچلىرىدىكى ئاقلارمۇ كۆپىيىپ ئون نەچچە ياش قېرىپ كەتكەندەك بولۇپ قالغانىدى. بىرخىل قېتىپ تۇرغان چىرايىدىن ھېچقانداق ئىپادىنى بىلگىلى بولمايتتى.

ئۇ كامېرنىڭ يېرىمىنى ئىگىلىگەن سېمونت سۇپىدا ئولتۇراتتى، نېرىقى چەتتە ئىقلىمخان ئىسىملىك قىرىق ياشلار چامىسىدا، كۆزلىرى قىيسىق، بۇغداي ئۆڭ، ئەركەك چىراي بىر خوتۇن ئولتۇراتتى. نۇرخانغىمۇ، بايا چىقىپ كەتكەن شەرۋانغىمۇ

«سەن »لەپ گەپ قىلىدىغان بۇ خوتۇن دەسلەپ نۇرخاندىن
ئۇنى ـ بۇنى سوراپ نۇرخاننى ئېغىز ئاچۇرماقچى بولدى . ئۇنىڭ
ئۆزىنى خۇددى يېقىن دوستىدەك سەنلەپ گەپ قىلىشىدىن
نۇرخان هاقارەت هېس قىلدى . ئۇنىڭ بەتبەشىرە رەڭگىگىمۇ
قارىماي تەتۈر قاراپ ئولتۇردى ، تۇرۇپلا شۇ خوتۇن كېلىپلا
نۇرخاننىڭ گېلىدىن بوغۇدىغاندەك قورقۇپ كېتەتتى . كىملەر-
دىندۇر نىجاتلىق تىلىگەندەك تورۇسقا ئۈمىد بىلەن تىكىلەتتى .
ئۆتكەن هاياتىدىكى ھەشەمەتلىك تۇرمۇش ، باغلام ـ باغلام پۇل-
لار ، قاتار چايلاردىكى ئىززەت ـ ئېكراملار ، خۇشامەتلەر خۇددى
ئۇنىڭغا چۈشتەك تۇيۇلاتتى . تۇرۇپلا هازىرقى هالىتى بىر قابا-
هەتلىك چۈشتەك بىلىنەتتى ، ئۇ بۇ چۈشتىن تېزرەك ئويغىنىش-
نى ، ئويغىنىپ ئۆزىنى هەشەمەتلىك هۇجرىسىدىكى يۇمشاق كارى-
ۋىتىدا كۆرۈشنى ئارزۇلايتتى . لېكىن ، ئۇ كۈنلەر نۇرخان
ئۈچۈن پەقەتلا گۈزەل چۈش بولۇپ قالغانىدى .
نۇرخان ئۆزى دۇتار چېلىپ ئېيتىدىغان قايسىبىر ناخشىدى-
كى «كۆكۈلىنىڭ كەينىگە كىرمەڭ ، كۆكۈل هەر يانغا باشلايدۇ ،
سەمەرقەند ئالمىسىدەك ئاپىرىپ چۆللەرگە تاشلايدۇ » دېگەن مىس-
رانى ئەسلەپ قالدى . «كۆكۈلىنىڭ كەينىگە كىرىش» دېگەن گەپ
توغرۇلۇق نۇرخان بۇرۇن قىلچە ئويلىنىپ باقمىغانىدى .
سوغۇق كامېردا ، سېمونت سۇپىدا ئولتۇرۇپ ئۇ ئۆزىنىڭ
بارلىق سەۋەنلىكلىرىنى ئاشۇ بەڭۋاش كۆڭلىگە دۆڭگەپ قويدى ،
كۆكۈلنى ئازدۇرغان شەيتاننى مىڭ قېتىملاپ قارغىدى . دەرۋە-
قە ، نۇرخان ئاشۇ بەڭۋاش كۆكۈلىنىڭ كەينىگە كىرىپ نېمىلەرنى
قىلمىدى ؟
گۆدەك قىز چاغلىرىدىمۇ ئاشۇ شەيتان ئازدۇرغان كۆكۈل-
نىڭ كەينىگە كىرىپ بىر ئوبدان ئائىلىنى بۇزۇپ نۇرغۇن يامان
ئاتاقلارنى ئېلىپ جاپپارغا تەگدى . ئۆزىگە ئوخشاش ئاجىز ، ناتى-
ۋان بىر بەندىنىڭ ئۆمۈرلۈك بەختىگە ئولتۇرغىنى ئۇنىڭ

خىيالىغا كىرىپ چىقمىغانىدى . نەتىجىدە ، ئۆزىمۇ ، جاپپارمۇ ، بىچارە گۈلئايىممۇ بەختلىك بولالمىدى . پۇل - بايلىققا دۇم چۈشۈپ ، خورىكى يوغىناپ كەتكەن شۇ كۈنلەردە ، ئۇ مەھكىمە باشلىقى ئىرىلا بولىدىكەن ھەرقانداق توردىن ئامان - ئېسەن قۇتۇلۇپ كېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىپ يۈردى . ئىنىسى : «ئۆيۈڭ بىخەتەر ، ساقلاپ بەرسەڭ» دەپ خىروئىن ئەكېلىپ بەرسە ، ئاشۇ بەگۋاش ئىنىسىنىڭ بىر يول تېپىپ بېيىپ كېتىشى ئۈچۈن ساقلاپ بەردى ھەم تىجارىتىنىڭ ئېقىشى ئۈچۈن پۇل بەردى . مانا بۇلار مۇشۇ ساراڭ كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرگەن بولماي نېمە ؟ نۇرخان ئاقىۋەت نېمىگە ئېرىشتى ؟ نۇرخان : «مەن نېمىگە ئېرىشتىم ؟» دەپ ئۆزىگە سوئال قويغاندا ، كۆز ئالدىغا سوغۇق پارقىراپ تۇرغان كويزا كېلىپ تېنى شۈركۈندى .

نۇرخان قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى . ھەشەمەتلىك تۇرمۇشقا كۆنگەن ، ئېسىل يېمەك - ئىچمەك ، نەمۇ نەدىن ئەكەلدۈرۈپ ئىچىدىغان ھەرخىل ئېسىل دورىلارنىڭ تەسىرىدىن توقماقتەك تۇرىدىغان تېنى ئاجىزلاپ ، كېسەللىرى بىلىنىشكە باشلىغانىدى . ھېلى توڭلاپ تىترەپ ، ھېلى قىزىپ تەرلەپلا تۇراتتى . تۇرمە ساقچىلىرى ئەكىرىپ بەرگەن ئۈنۈمسىز دورىلار كارمۇ قىلمايتتى . ئۇ تۇرمىگە كىرگەن دەسلەپكى كۈنلەردە ئېرىنى يەتمىش پۇشتىغىچە قارغاپ تىللىدى . شۇنداق بىر ئادەمگە خوتۇن بولۇپ ئۆتكۈزگەن ئۆمرىگە ، ئاشۇ ئادەمگە قىلغان ئەقىدىسىگە ئېچىندى ، كېيىن بەزى تۇرمە ساقچىلىرىنىڭ تەربىيە قىلىشى ، قانۇن ماددىلارنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈشى بىلەن ئۇ بارا - بارا جاپپاردىنمۇ ئاغرىنمايدىغان بولدى . «ئۆزۈم تاپقان بالاغا ، نەگە باراي داۋاغا» دەپ كىمدىن ئاغرىنغۇلۇق ؟ دەسلەپ قولغا ئېلىنغاندا ، يارىلانغان ئېيىقتەك غەزەپلىك كەيپىياتتا تۇرغان نۇرخان بارا - بارا تۆۋە قىلىشقا ، پۇشايمان قىلىشقا باشلىدى . تۆۋە قىلغانسېرى ياۋاشلاپ ، شۈكلەپ ئادەمنىڭ ئىچى

ئاغرىغۇدەك جىمىغۇرلىشىپ كەتتى .
ئىشىك تاراقىلاپ ئېچىلىپ ، شەرۋان قولىدا بىر پارچە قەغەزنى كۆتۈرۈپ كەلدى .
— ھە ، نەچچە يىل كېسىلىپسەن ؟ — دەپ سورىدى ئىقلىمخان شەرۋاننىڭ قولىدىكى ھۆكۈم قەغىزىگە بويۇنداپ قاراپ . نۇرخانمۇ گەرچە ئۇلار بىلەن پاراڭلاشمىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئىقلىمخانغا قارىغاندا كۆزىگە خېلى ئىسسىق كۆرۈنگەن شەرۋاننىڭ قولىدىكى ھۆكۈمگە ئەنسىزلىك بىلەن تىكىلدى .
— ئاز كەسمەيدىغىنىنى بىلەتتىم ، — دېدى شەرۋان تەمكىنلىك بىلەن ، — نېمىلا دېگەنبىلەن ئىنتىقامىمنى ئالدىم ، ئېتىراپ قىلىمەن بۇنى ، يوق . ئەمدى كىچىك قىزىم ئۈچۈن بولسىمۇ ياخشى ئۆزگىرىپ بالدۇرراق چىقىشقا تىرىشىمەن .
ئىقلىمخان بىلەن قىلىشقان گەپلىرىدىن شەرۋاننىڭ ئېرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى بىلگەن نۇرخان ، مۇشۇ ياشقىنە چىرايلىق چوكاننىڭ ئۆز ئېرىنى ئورغاق بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى . نۇرخاندىن باشقا ھەر ئىككىسى زەخمىلەندۈرۈپ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولۇش جىنايىتى بىلەن قامالغانلار ئىدى . بۇلارنى ئويلىسا ، نۇرخاننىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كېچىسىمۇ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى .
— نارازىلىق ئەرزى بېرىپ باق بولمىسا ، — دېدى ئىقلىمخان ، — بىر - ئىككى يىل بولسىمۇ يېنىكلىتىپ قالامدۇ تېخى...
— ياق ، مەن ھۆكۈمگە قايىل ، ياخشى ئۆزگىرىپ ئۆز ئىپادەم بىلەن كەچۈرۈم ئالىمەن .
نۇرخانغا جىن - ئالۋاستىدەك كۆرۈنگەن بۇ خوتۇنلار بارا - بارا ئۆزلىشىشكە باشلىدى . نۇرخانمۇ ئۇلارغا ئوخشاشلا بىر مەھبۇس . بۇ يەردە مەن يۇقىرى قاتلامدىن چىققان ، دەپ ھاكاۋۇرلۇق قىلىشقىلى بولمايتتى ، تېخى ئۇلار ئوقۇمىغان قارا

قورساقلارغا قارىغاندا ، ئوقۇغان كادىرلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈ-
شىنى تېخىمۇ ئېغىر ئالاتتى . ئۇلارنىڭ شۇنداق ئويلىغىنىمۇ خاتا
ئەمەس . نۇرخانغا نېمە كەم ؟ «توقلۇقتىن چىققان شوخلۇق» ،
پۇلغا تويمايدىغان ئاچ كۆز نەپسى ئۇنى ئاشۇ بەختلىك ئائىلىسى-
دىن ، سۆيۈملۈك قىزىدىن ئايرىپ ، مۇشۇ خوتۇنلار بىلەن كامېر-
داش ، تەقدىرداش قىلىپ قويدى . ئەمدى ئۇنىڭغا ئۇ خوتۇنلاردىن
يىرگىنچنى ، ئۇلارنى تۆۋەن كۆرۈشنى كىم قويۇپتۇ ؟ ئاشۇ ئەۋ-
زەل شارائىت ، بەخت ئىچىدە يايراپ تۇرۇپمۇ شۇ پەسكەش جىنا-
يەتنى سادىر قىلغاندىكىن نۇرخان ئۇلاردىنمۇ يىرگىنچلىك ،
ئۇلاردىنمۇ قەبىھ ، بەتبەشىرە . شۇلارنى ئويلاپ ئۆپكىسى ئۆرۈل-
گەن نۇرخان شەرۋانغا ھېسداشلىق بىلەن تىكىلدى :

— نېمانداق تەنتەكلىك قىلغانسىز سىڭلىم ؟ — دېدى نۇر-
خان شەرۋانغا ، — ھەرقانچە ئىش بولسىمۇ ئاچچىققا ھاي بېرىش
كېرەكتى...

شەرۋانىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ ، كۆزلىرىدىن ئاچچىق غە-
زەپ ئۇچقۇنداپ ئۆتتى .

— سىز بىلمەيسىز ئاچا ، مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن كۈن
ھېچكىمنىڭ بېشىغا كەلمىسۇن . ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكىنىمگە پۇشاي-
مان قىلمايمەن ، ھازىر ئويلىسامىمۇ ئۇنى قىيما - چىيما قىلىپ
ئۆلۈكىنى ئىتلارغا تاشلاپ بەرگۈم كېلىدۇ . ئۇنىڭغا شۇ ئۆلۈم
ھەق...

— ھەي ، قايناۋەرمىگىنە ، — دېدى ئىقلىمخان خۇددى لۈك-
چەك ئەردەك قوللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ ، — ھېلىمۇ ئورغاق
بىلەن بېشىنى چېپىپ ئۆلتۈرۈپ بولدۇڭ ، سورىسا كەچكىچە
شۇنداقلا دەيسەن ، نېمە سەۋەب بىلەن قانداق ئۆلتۈرۈپ قويدۇڭ ؟
بىزگىمۇ سۆزلەپ بەر ، ئىچىڭ بوشاپ قالىدۇ ، كەچكىچە تامغا
قاراپ گۆشىيىپ ئولتۇرماي سۆزلىگەچ ئولتۇرايلى ، ئۇچىلىمىز
گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەر ، بىر - بىرىمىزنىڭ تۆۋە پۇشايمانلىرىنى

ئاڭلىساقمۇ بىر ساۋاق بولار... قانداق دېدىم خوتۇنلار؟

نۇرخان بىلەن شەرۋان جىممىپ قالدى، بىرئاز ئۆتكەندىن كېيىن شەرۋان سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن سۆزلەپ بېرەي، ياش بولغىنىم بىلەن بېشىمدىن نۇرغۇن بەختسىز كەچمىشلەر ئۆتكەن ئايالمەن. تۇنجى ئېرىم ئۆلۈپ كەتكەندە ئارانلا يىگىرمە بەش ياشتا ئىدىم، چوڭ قىزىم زۆھرە ئالتە ياشقا، كىچىك قىزىم زەينەپ ئىككى ياشقا كىرگەندى، ئېرىم قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچراپ بەكمۇ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتتى. ئاتا - ئاناممۇ يوق قارا يېتىم ئىدىم. ئىككى بالا بىلەن ھېچقانداق يار - يۆلەكسىز، كىرىمسىز قالدىم. كىشىلەرنىڭ ئىتتىرىدا يالىنىپ ئىشلەپ مىڭ بىر جاپادا ئىككى قىزىمنى بېقىپ چوڭ قىلدىم. ئىككى قىزىم بىر - بىرىدىن چىرايلىق ئىدى، بولۇپمۇ چوڭ قىزىم زۆھرە ھەممە ئادەمنىڭ ئامراقلىقى كەلگۈدەك ئوماق، ئەقىللىق قىز ئىدى، ئۇ تولۇقسىزنى پۈتتۈردىغان يىلى ھەرقانچە تىرىشساممۇ ئائىلىمىز بارغانسېرى نامراتلىشىپ ئىككى بالىنى ئوقۇتقۇدەك ھالىم قالمىدى، قولۇم - قوشنىلار ماڭا نەسىھەت قىلىپ بۇنچە قىينىلىپ يۈرگۈچە گۈلدەك چىرايىمنىڭ بارىدا ئەرگە تېگىشىمنى مەسلىھەت قىلىشتى. ھەي، ھەرقانچە قىينالساممۇ غەيرەت قىلسام بوپتىكەن، پەقەت بولمىسا تىلەمچىلىك قىلساممۇ بۇ كۈننى كۆرمەستىم. ئەقلىمگە پوق يەپ خەق تونۇشتۇرغان سەمەت ئىسىملىك ھال - ئوقىتى يامان ئەمەس، خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەن بىر دېھقان بىلەن توي قىلدىم. توي قىلىپ ئىككى يىلغىچە خەق دېگەندەك موھتاجلىقنىڭ دەردىنى تارتماي، ئەرنىڭ تاپقىنى بىلەن بالامنى بېقىپ كەلدىم. كېيىنكى كۈنلەردە زۆھرە نېمىشقىدۇر تولىمۇ جىمىغۇرلىشىپ، شۈكلەپ كەتتى. نەچچە قېتىم ئۇنىڭ يوشۇرۇنچە يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىسام پەقەتلا دېمەيتتى. ئاخىر، ئۇ شۇنچە توسقىنىمغا قارىماي

مەكتەپتىنمۇ چىقىۋالدى . مەن سارالىڭ خوتۇن ئەھۋالنى بىلمەي ئۇنى ئەيىبلەپ يۈرۈپتىمەن ، ھەتتا ئۇنى : «ئوقۇماي ئەرگە تەگ-كىلى كەلدىمۇ سارالىڭ ؟» دەپمۇ تىللىغان چاغلىرىمدا ، ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ ياش تۆككىنىچە ئۇن - تۈنسىز قاراپ تۇرغىنى ھەرگىز ئېسىمدىن چىقمايدۇ ، شۇ چاغدا ئۇ ماڭا شۇنداق يېلىنىش ، ئىلتىجا بىلەن بىچارىلەرچە قارىغانىدى .

شۇ يىلى يازدا ، زۆھرە بىر كۈنى چۈشتە كىر يۇيغىلى ئۆستەڭ بويىغا چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كىرمىدى . كەينىدىن ھەدىسىنى ئىزدەپ چىققان زەينەپ تاش ئۆستەڭنىڭ سېمونت پەلەمپىيىدە زۆھرە ئېلىپ چىقىپ كەتكەن كىر كىيىملەرنىڭ ، سوپۇنلارنىڭ چېچىلىپ تۇرغانلىقىنى ، زۆھرەنىڭ ھېچ يەردە يوق-لۇقىنى دەپ كىردى . كاللامغا بىر قاپاق سۇ قۇيغاندەك ئەندىكىپ كەتتىم . ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى . كەنت رەھبەرلىرىگىمۇ ئەھۋالنى ئېيتتىم . ئەتىسى كىشىلەر توسمىدىن ئۇنىڭ جەسىتى-نى سۈزۈپ ئەكەلدى ، ھېچقانداق گۇمانلىق ئەھۋال بولمىغاچقا ساقچىلارمۇ : «كىر يۇيۇۋېتىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن سۇغا چۈشۈپ كەتكەن» دەپ يەكۈن چىقىرىشتى . ئامراق قىزىمدىن ئەنە شۇنداق ئايرىلىپ قالدىم ، ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ ئايدەك گۈزەل چىرايى ، «ئاپا ، ھېرىپ كەتتىڭىزمۇ ؟» دېيىشلىرى ، كىچىك تۇرۇپ تاماق ئېتىپ سىڭلىسىنى بېقىشلىرى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ . ئۇنىڭ ئۆلۈمى ماڭا بىر سىرلىق تېپىشماق ئىدى . چۈنكى ، قىزىم ئەزەلدىن سېمونت قىرغاقلىق ، سۈيى ئۇلۇغ ئاقىدىغان ئۇ تاش ئۆستەڭگە چىقىپ كىر يۇيمايتتى . شۇ كۈنىمۇ ئۇنىڭ كەيپىياتى نورمالسىز ئىدى . لېكىن ، گۇمانىم گۇمان پېتى قېلىۋەردى . قىزىمنى كۆمۈپ قويۇپ خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇنىڭ دەردىدە يۈرەكلىرىم لەختە - لەختە قان يىغلاپ ئۆتتۇم ، دائىم ئۇنىڭ تۇپراق بېشىغا بارسام دوپپا كىيگەن چىرايلىق بىر ئوغۇل بالا بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالاتتىم ، كېيىن زۆھرەنىڭ يېقىن دوستى

ماڭا ئۇ بالىنىڭ زۆھرەنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇلار دەسلەپ ياخشى ئۆتۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن زۆھرە تۇيۇقسىز مەكتەپتىن چىكىنىپلا ئۇ بالا بىلەن ئىككىنچى كۆرۈشمىگەنلىكىنى، ئۇ بالىنىڭ ھېلىھەم زۆھرەنى ياد ئېتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. مەن تاكى تۇرمىگە كىرگۈچە شۇ بالا ئۆينىڭ ئىگىر - يېنىك ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىپ يۈردى.

بىر كۈنى چۈشتە، تاماق ئەتتىم ھەم ئېتىزدا ئىشلەۋاتقان سەمەتكە ئەۋەتىپ بەرمەكچى بولۇپ زەينەپنى چاقىردىم:

— زەينەپ بالام، ماۋۇ تاماقنى داداڭغا ئاپىرىپ بەرگىن.

— ياق، — دېدى زەينەپ، شۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا ئون ئىككى ياشقا كىرگەنىدى، — ئۆزۈڭ ئاپار.

— نېمىشقا گەپكە كىرمەيسەن؟ ئاپاڭغا ئازراق ياردەملەشسەڭ نېمە بولىدۇ؟

— زۆھرە ئاچام ماڭا سەمەتنىڭ قېشىغا ھەرگىز يالغۇز بارما، ئۆيدىمۇ ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز قالما دېگەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيرانلىقتىن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم، بېشىمدا چاقماق چاققاندەك بولۇپ ئولتۇرۇپ قاپتىمەن، زەينەپ يېنىمغا كېلىپ:

— ئاپا، ئاچام ماڭا نەچچە قېتىم شۇنداق دېگەن، ئۇ: «سەمەت ماڭا چېقىلدى، سەنمۇ ئۇنىڭدىن يىراق تۇر ئۇكام» دېگەن. ئاپا «چېقىلدى» دېگەن نېمە گەپ؟

ئىچ - ئىچىمدىن قايناپ چىققان بىر تەلۋە غەزەپ مېڭەمگە تېپىپ چىقتى. زۆھرەنىڭ ئۆلۈمىدىن گۇمانلانغان بولسامۇ، لېكىن بۇنداق بولۇشىنى پەقەتلا ئويلىمىغانىدىم. ھۇ ئىمانىنى ئىت يەپ كەتكەن جوھۇت، توڭگۇز، ئاشۇنداق ئىنسان قېلىپىدىن چىققان شەرمەندىچىلىكنى قىلغۇچە مېنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ بولماسمىتى! مەن نېمىدېگەن ئەقىلسىز ئانا - ھە؟ ئەرگە تەگدىم دەپ يۇمران قوزىلىرىمنى ياۋۇز چىل بۆرىنىڭ ئالدىغا

ئەكېلىپ تاشلاپ بېرىپتىمەن . ئاھ جېنىم قىزىم زۆھرە ، مەندىن قانچىلىك نەپرەتلەنگەنسەن؟ ئۆلۈم ئالدىدىمۇ بىچارە ئاپاڭنى ، ئائىلەڭنى ئويلاپسەن ، ساڭا يۈز كېلەلمەيمەن ، مېنى كەچۈر بالام .

شۇ كۈندىن باشلاپ دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپلا كەتتى ، كەنت رەھبەرلىكىگە دەيمىكىن دېسەم ئۆتكەن ئىشنى سورىماسمىكىن دەپ ئويلىدىم . ساقچىغا مەلۇم قىلايمىكىن دېسەم سەمەتنى جازا- لىسىغۇ مەيلى ، ئەگەر ئۇ جازادىن قۇتۇلۇپ قالسا ، ماڭا ، ھەممى- دىن بەك رەھمەتلىك قىزىم زۆھرەنىڭ يۈزىگە ناھايىتىمۇ سەت بولاتتى .

بىر كۈنى ، قوشنا يېزىغا ئۆلۈم پەتىسىگە بېرىپ قايتىپ كەلسەم يولدا سەمەت ئۇچرىدى ، «نەگە ماڭدىڭىز ؟ » دېسەم ، ئۇدۇق ـ بۇدۇق بولۇپ : «ئېتىزغا بېرىپ كېلەي دەيمەن» دەپ قويدى . ھويلىغا كىرىپ قارىسام زەينەپ ئوت ئالغىلى بارغاندا ئېلىپ بارىدىغان تاغار جايىدا يوق تۇرىدۇ . زەينەپ كۈندە مۇشۇ ۋاخ بىلەن ئوت ئالغىلى ئېتىزغا باراتتى . كۆڭلۈم بىر شۇملۇقنى سېزىپ ئۆيگىمۇ كىرمەي ئېتىزلىققا باردىم . بۇ چاغ قوناقلار تازا بوي تارتىپ ئۆسكەن چاغ ئىدى . مەن قويۇق قوناقلىققا قاراپ بۇلۇڭ تەرەپتە قوناقلارنىڭ ئۇچىنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ شۇ ياققا ماڭدىم ، يېقىن بېرىشىمغا سەمەتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى :

— زەينەپ ئۇنداق قىلما ، ھېچنېمە بولمايدۇ . ماقۇل دېسەڭ ساڭا چىرايلىق كۆڭلەك ئېلىپ بېرىمەن .

— ياق ، ئاپامغا دەيمەن... ئاپا... ئاپا...

ئاھ ، قايسى كۆزۈم بىلەن كۆرەي ، ئۇ جوھۇت قاۋاندەك بەستى بىلەن كىچىككىنە زەينەپنى ئاستىغا بېسىۋاپتۇ . كۆزۈمگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى . ئۇزۇندىن بۇيان قەلبىمدە يېنىپ كەل- گەن ئىنتىقام ئېلىش ئىستىكىم لاۋۇلداپ يېنىشقا باشلىدى . كۆزۈم تۇيۇقسىز بىر چەتتە تۇرغان ئورغاققا چۈشتى ـ دە ،

ئويلانماستىنلا ئورغاقنى ئېلىپ سەمەتنىڭ بېشىغا زەرب بىلەن چاپتىم . ئاچچىقىم بېسىلماي ، ئۇ يىقىلغاندىن كېيىنمۇ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە نەچچىنى چېپىۋەتتىم . زەينەپنىڭ ئەنسىز چىرقى-رىشىدىن ئېسىمگە كەلدىم - دە ، بىچارە قىزىمنى باغرىمغا باستىم . قانچە ئۇزۇن شۇنداق ئولتۇرغىنىمنى بىلمەيمەن ، ساق-چىخانىغىمۇ قانغا بويالغان ئانا - بالا قۇچاقلىشىپ كېلىپ ئەھۋال-نى دېدۇق . قاتىل بولۇپ كەتكەن بولسامۇ ، ھەر ھالدا كىچىك قىزىمنىمۇ بولسا ياۋۇز چىلبۆرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدىم . شۇنداق قىلىپ قامالدىم .

سوت ئاچقان كۈنى ، كەنت ئاياللار مۇدىرى زەينەپنى يېتى-لەپ ئەكەپتۇ . بىچارە قىزىم سوغۇق چۇشۇپ قالغان بولسىمۇ ، پۇتىغا يازلىق سۇلياۋ ئاياغ كىيىۋاپتۇ ، شۇنداق ئىچىم ئاغرىدى . بىر ئانىغا نىسبەتەن ھايات تۇرۇپ پەرزەنتىنى باقالماسلىقتىنمۇ ئارتۇق ئازاب بارمۇ ؟ ئاياللار مۇدىرىدىن قىزىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشنى ئۆتۈنۈپ سورىدىم ، بايىقى تۇرمە ساقچى-سى چوكانمۇ قوپالدەك تۇرغىنى بىلەن كۆڭلى ياخشىكەن . قى-زىمنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ يىغلاپ يالۋۇرسام بېرىپ يوقلاپ كەپتۇ . كىم شۇ قىزىمنىڭ بېشىنى سىلىسا تۈرمىدىن چىقىپ شۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىمەن . ئۆلۈپ كەتسەم باقىي ئالەمدە ئالدى-غا قىزىلگۈل كۆتۈرۈپ چىقىمەن .

شەرۋان تېلىقىپ يىغلاپ تۇرۇپ سۆزىنى تۈگەتتى ، نۇرخان-مۇ ، مۇز چىراي ئىقلىمخانمۇ يىغلاپ ئېقىپ كەتكەنىدى .

— يارايسەن !— دېدى ئىقلىمخان شەرۋاننىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ ،— قەھرىمان ئانىكەنسەن ، راستىنلا ئىمانسىز تۈگۈز ئىكەن ئۇ .

ئىقلىمخان بىر ھازا سەمەتنى ئاغزىنى بۇزۇپ ناھايىتى سەت تىللار بىلەن تىللىۋەتكەندىن كېيىن جىمىدى . ئاندىن ، ئۇلار نۆۋەت ساقچى كەلدى دېگەندەك نۇرخانغا قارىدى .

نۇرخان «يارايسەن !» دەپ مۇرىسىگە ئۇرغۇدەك باتۇرلۇق قىلغانمۇ ئەمەس، موھتاجلىقتىن، نامراتچىلىقتىن جىنايەت يولىغا كىرگەنمۇ ئەمەس. ئۇ قىلمىشىنى بۇ ئىككىيلەنگە نېمە-دەپ، قانداق يوسۇندا سۆزلەشنىمۇ بىلمىدى. تۇيۇقسىز تۇتۇپ كەتكەن قاتتىق يۆتەل ئۇنى بۇ تەڭقىسلىقتىن قۇتۇلدۇردى. ئۇ قېقىلىپ كۆزىدىن ياش چىققۇچە قاتتىق يۆتەلدى.

— ئۇھ، بىچارە بەكمۇ قىينالدى،— دېدى ئىقلىمخان،— ئەجەبمۇ ساقايمىدى بۇ ئاداشنىڭ يۆتىلى، بوپتۇ ئۆپكەڭ بې-سىلغۇچە مەن سۆزلەپ تۇراي، سەنمۇ قىزىڭنى قۇتۇلدۇرىمەن دەپ ئاچچىقچىلىقتا ئادەم ئۆلتۈرۈپسەن، نىيىتىڭ دۇرۇس بول-غاندىكىن خۇدايىممۇ كەچۈرەر... ماۋۇ ئاداشمۇ،— دېدى نۇرخان-نى كۆرسىتىپ،— تۇرقىدىن بەك يامان ئادەمدەك قىلمايدۇ، قارىغاندا ھەممىڭنىڭ ئەسكىسى مەن ئوخشايمەن.

مەن ئىككى قېتىم ئەرگە تېگىپ تۇغمىغاچقا ئۆي تۇتالمى-دىم، خېلى ئۇزاق تۇل ئولتۇرۇپ قالدىم، تۇلچىلىقتا مايماق دەسسەپ ھاراق - شارابقىمۇ، نېشىگىمۇ ئۆگىنىپ قالغاندىم. ئاخىر، ياش قىرىققا باراي دېگەندە بىر قىمارۋاز بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. قارىسام خېلى ئوغۇل بالىلىقى بار، بولىدىغان نەرسە-كەن، ئىككى - ئۈچ سورۇندا بىللە ئولتۇرۇپلا ئىندەككە كەل-دى. ئۇ ئاخىر خوتۇنىنى قويۇۋېتىپ مېنى ئالدى. ئۇنىڭ ئىككى قىزىنى ئانىسى ئېلىپ كەتكەنىكەن، پەرھات ئىسىملىك يەتتە ياشلاردىكى بىر ئوغلى دادىسىنىڭ يېنىدا قاپتۇ، بەكمۇ كەپسىز، شوخ، ساقلاندى ئىدى، دەسلەپ ماڭا خېلى ئەركىلەپ باقتى، لېكىن ئۆزۈم بالا تۇغۇپ باقمىغاچقىمۇ كىچىك بالىنى پەقەتلا ياقتۇرمايتتىم. ئۇلارنىڭ خەقىش قىلىشلىرىنى، كەپسىزلىكلى-رىنى كۆرسەم بېشىم ئاغرىيتتى. مېنىڭ مۇزدەك سوغۇق تەلە-تىم، قوپال سىلكىشلىرىمدىن كېيىنچە ئۇ مەندىن قورقىدىغان، ماڭا تىكىلىپمۇ قارىمايدىغان بولۇپ كەتتى. قىمارۋاز ئېرىم تولا

چاغلاردا كېچە - كېچىلەپ كەلمەيتتى ، كەلسىمۇ مەست كېلىپ مېنى سەۋەبسىز ئۇرۇپ دۇمبالايتتى ، مەن بۇ ئاچچىقنى ئۇنىڭدىن ئالالماي ئاشۇ سەبىي نارەسىدەدىن ئالاتتىم . ئېرىم ئۆيدىن يوقىلىشى بىلەنلا توم بىر چىۋىقنى ئېلىپ سەۋەبسىزلا پەرھاتنى ئۇرۇپ كېتەتتىم ، ئېرىم كۆپ ھاللاردا ئۆيدە بولمايتتى . مېنىڭ يالغۇز ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىدىغان ، نېشە چېكىدىغان ئادىتىم بار ئىدى ، بۇنداق چاغدا مىجەزىم تېخىمۇ ئوساللىشىپ كېتەتتى . بىچارە پەرھاتنىڭ بەدەنلىرىگە تاماكا ياققان ، ئۇنى تاملارغا ئۇستۇرگەن چاغلىرىمۇ بولغان .

نۇرخان بىلەن شەرۋان ھاڭ - تاڭ بولغان ھالدا ئىقلىمخاننىڭ جادۇگەرلىك قىيىسىق كۆزلىرىگە قاراپلا قالدى ، ھەر ئىككىسى : «بۇ خوتۇن ساراڭمىدۇ ، ئوڭمىدۇ ؟» دېگەنلەرنى ئويلاۋاتاتتى .

— پەرھاتنى ئۇرىدىغان ھېلىقى تاياقنىڭ ئۇچىمۇ ئاخىر ئىنچىكىلەپ كەتتى ، — دېدى ئىقلىمخان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — ھازىر ئويلىسام ئۇزۇن يىللىق ئىچىش ، چېكىش بىلەن ئۆتكەن تەرتىپسىز تۇرمۇش مەندىكى ئاياللىق خىسلەتنى ، قىسقىسى ئادىمىيلىك تۇيغۇمنى يەپ كەتكەنىكەن . خۇددى نەشىگە خۇمار بولغانغا ئوخشاش ئاشۇ بالىنى ئۇرۇپ - تىللاشقا خۇمار بولۇپ قاپتىمەن . ئاق كۆڭۈل قوشنىلىرىم نەسىھەت قىلىپ كىرسە ، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشاتتىم . بارا - بارا پەرھات گېپىنىمۇ تېپىپ قىلالمايدىغان ، ئۆزىچىلا چۆچۈپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى .

بىر كۈنى كەچتە ئېرىم يوق ئىدى ، پەرھات تۇيۇقسىز قىزىپ ئاغرىپ قالدى ، چاتىقىم بولماي ياتقۇزۇپ قويدۇم ، تۇيۇقسىز ئۇ : «قورسىقىم ئاغرىپ كەتتى» دەپ يۇملاپ كەتتى ھەم : «تەرەت قىلىمەن» دەپ پەسكە چۈشۈۋېتىپ سۈپىنىڭ گىرۋىكىگىلا چىقىرىۋەتتى . ئىچى سۈرۈپ كەتكەنىكەن ، كۆرپە - گىلەملەر بۇلغاندى ، مەن ئۇنى شاپىلاق بىلەن نەچچىنى ئۇرۇپ گىلەملەرنى

تازىلاشقا بۇيرۇدۇم، بىچارە، دەلدەڭشىپ يۈرۈپ گىلەملەرنى تازىلىدى، ئەمدى ياتاي دەپ تۇرۇۋىدىم، بۇرنۇمغا يەنە سىپسىق پۇراق ئۇرۇلدى. چىراغنى ياندۇرۇپ قارىسام پەرھات يەنە ئورنىغا چىقىرىۋېتىپتۇ، ئاچچىقىم نەدىن كەلدى، پەرھاتنىڭ قۇلىقىدىن سوزۇپ تامغا نەچچىنى ئۇستۇردۇم، بېقىنلىرىغا نەچچىنى ئۇرۇپ تېپىۋەتتىم.

بىردەمدە پەرھات: «ئەمدى چىچمايمەن» دەپلا جىمىپ قالدى. باشتا كارىم بولماپتۇ. بىردەمدە قارىسام چىرايى كۆكىرىپ غەلىتىلا تۇرىدۇ. قورقۇپ كەتتىم. تىنىقىنى تىڭشاپ باقسام تىنىق يوق. شۇ زامانلا: «ئوغلۇم ئۆلۈپ كەتتى» دەپ قولۇم ـ قوشنىلارنى چاقىردىم. «نېمە بولغان؟» دېگەنلەرگە: «كەچقۇرۇن ئىچى سۈرۈپ قىزىپ قالغان، تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ قالدى» دېدىم. ھېچكىم كۆرمىگەندىن كېيىن ماڭا گەپ كەلمەس دەپتىمەن. كىم بىلسۇن قانۇن دېگەن قىلىنى قىرىققا يارىدىكەن. قانۇن دوختۇرى بالىنى تەكشۈرۈپ بالىنىڭ قىزىپ، ئىچى سۈرگەنلىكتىن ئەمەس، بېشىنىڭ قاتتىق جىسىمغا ئۇرۇلۇپ توقۇلمىلىرىنىڭ زەخىملىنىش سەۋەبىدىن ئۆلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى. قولۇم ـ قوشنىلارمۇ مېنىڭ داۋاملىق پەرھاتنى ئۇرۇپ ـ خارلايدىغانلىقىم ھەققىدە گۇۋاھلىق بەرگەن ئوخشايدۇ، شۇنداق قىلىپ قولغا ئېلىندىم. ئاڭلىغانلا ئادەم «توۋا» دەپ ياقا سىقىشتى، ماڭا خۇددى ئالۋاستىغا قارىغاندەك قاراشتى.

مەن دەسلەپ ئىقرار قىلماي تۇرۇۋالغان، كادىر ـ ساقچىلار ماڭا «ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك» قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى، ئۆزۈممۇ كېيىنچە قىلغان ـ ئەتكەنلىرىمگە كۆپ پۇشايمان قىلدىم.

كىچىك بالا دېگەن ئۇ ئەسلىدە بىر پاك پەرىشتىكەن، ئۇنىڭدا نېمە گۇناھ؟ ئۇ مېنىڭ مېھرىمگە، كۆيۈنۈشۈمگە، پەرۋىشىمگە موھتاج ئىدى. قانداق بىر تەلۋىلىكىنىڭ مېنى شۇنداق بىر قان

ئىچەر ئالۋاستىدەك ياۋۇز قىلىۋەتكىنىگە ھەيرانمەن . شۇڭا ، ئۆتكۈزگەن جىنايىتىمنىڭ بىرىنىمۇ قويماي سوتتا ئوچۇق ـ ئاشكارا دېدىم . سورىغانلا ئادەمنىڭ ھەممىسىگە دېدىم . خەق مېنى قانچە تىللىسا ، ماڭا قانچە نەپرەت ياغدۇرسا شۇنىڭدىن تەسەللى تاپتىم .

خۇدانى تىلغا ئېلىشتىن قورقىمەن ، ساقچىلار مېنى ئېلىپ ماڭغاندا ھېلىقى قىمارۋاز ئېرىم : «خۇدايىم كۆرۈڭدىن تۇڭگۇز قوپار ئىلاھىم» دەپ قارغىدى . مەن خۇدا ئالدىدا ناھايىتى ئېغىر گۇناھ قىلدىم . مېنى نەچچە يىل كېسىۋەتسە ، ھەتتا ئېتىۋەتسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ . چەكچىيىپلا قالدىڭغۇ شەرۋان ؟ مېنى بوغۇپلا ئۆلتۈرگۈڭ كېلىۋاتامدۇ ؟ ماڭىلا نەپرەتلەنمەي ھېلىقى قىمارۋاز ئېرىمگىمۇ نەپرەتلەن ، سەن ئاجىز ئايال جېنىڭدا ئۆز پەرزەنتىڭنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قانچىلىك قىلمىدىڭ ؟ ئۇ پۈتۈن ـ سۈرۈك دادا تۇرۇپ بالىسىنى قانچىلىق قانات ئاستىغا ئالالىدى ؟ ئەگەر شۇ ئادەمدە ئازراق بولسىمۇ بىر دادىلىق مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولسا مۇشۇ پاجىئە يۈز بېرەرمىدى ؟ مېنى تىللاڭلار… قارغاڭلار… ماڭا شۇ لايىق…

ھەر ئۈچەيلەن جىمىپ قالدى ، نۇرخان سەرگۈزەشتىسىنى بۇلارغا سۆزلەپ بېرىشنى خالىماي كۆزىنى يۇمۇپ جىممىدە يېتىۋالدى . قاتتىق ـ قاتتىق يۆتىلەتتى ، كۆزىدىن ياش قۇيۇلاتتى ، يۈزىنىڭ ئېسىلىپ ، كۆزلىرىنىڭ چىڭقىلىپ قان تۈكۈرگەنلىكىنى كۆرگەن شەرۋان قورقىنىدىن كامېر ئىشىكىنى جالاقلىتىپ ئۇرۇپ ساقچى چاقىردى .

دوختۇرلار نۇرخاننى تەكشۈرۈپ ئۆپكىسىنى سۈرەتكە ئالدۇرۇپ كۆرۈش ئارقىلىق ئۇنى يۇقۇملۇق ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى دەپ دىئاگنوز قويدى . بۇ كېسەل نۇرخاندا بۇرۇندىن بار بولۇپ ، نۇرخان كۈندە دېگۈدەك گۆشنىڭ شورپىسىغا چامغۇر سېلىپ يەپ ئوبدان كۈتۈنۈپ ياخشى بولۇپ كەتكەنىدى . يېقىندىن بۇيانقى ناچار شارائىت ، قۇۋۋەتسىز يېمەكلىك

بىلەن ئۇنىڭ بۇ كېسىلى يەنە ئۆزىنى كۆرسەتكەنىدى .

ساقچى تەرەپ جىددىي ئامال ئىزدەپ نۇرخاننىڭ ئۆزىنى مەلۇم قىلغانلىقىنى ، ئۇنىڭ جەمئىيەتكە خەۋپ يەتكۈزۈش ئېھتىمالى يوقلۇقىنى ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كېسىلىنى نەزەردە تۇتۇپ ئۇنى كېپىلگە بېرىشكە قوشۇلدى . نۇرخان كېپىلگە بېرىلىپ داۋالانغىلى ئائىلىسىگە يېنىپ كەلدى .

قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن ئانىسىنى كۆرۈپ مېھراي ھۆكۈرەپ يىغلىغىنىچە ئانىسىغا ئۆزىنى ئاتتى . نىياسەممۇ كۆز يېشىنى توختىتالمىدى .

نۇرخاننىڭ كاللىسى گاراڭ ھالەتتە ئىدى ، كامىر ھاياتى ، شەرۋان بىلەن ئىقلىمخاننىڭ سەرگۈزەشتىسى ئۇنىڭغا بەكمۇ قاتتىق تەسىر قىلغانىدى . سائەتلەپ ئۈن ـ تۈنسىز خىيالغا پېتىپ ئولتۇراتتى . كۆز ئالدىدىن خىلمۇخىل ۋەقەلەر ، ئادەملەر ئۆتەتتى . بەزىدە ياشلىق چاغلىرىنى ، سېيماسى ئېسىدىن كۆتۈرۈلەي دەپ قالغان ئايىمخاننى ۋە ئۇنىڭ جاپپارغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان غۇنچە بوي چىرايلىق قىزىنى ئەسلەپ كېتەتتى ، تۇرۇپلا تۈرمىدە ئاڭلىغان خىلمۇخىل جىنايەتلەرنى ، تۈرمە ساقچىلىرى چۈشەنچە بېرىپ ئۆتكەن قانۇن ماددىلىرىنى ئويلاپ كېتەتتى .

نۇرخان ئۆيدىن تالاغا چىقمايتتى . مەھەللىدىكى سەي ـ كۆكتات ساتىدىغانلارغىمۇ ، دەرۋازا باقىدىغانلارغىمۇ كۆرۈنۈشتىن خىجىل بولاتتى . ئۇ داۋالىنىشنى رەت قىلدى ، چۈنكى ، ساقايسا ئۇنى كۈتۈپ تۇرغىنى يەنىلا شۇ دەھشەتلىك تۈرمە ھاياتى ئىدى . ئۇ ياتاق ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن تالادىكى كۈلۈشۈپ ئولتۇرۇپ سەي سېتىۋاتقان ئايالالارنى كۆرۈپ ئۇلارغا تولىمۇ ھەۋەسلەنىدى . بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرىنىڭ شۇنچىلىك بولسىمۇ ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتى بولسا نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە ؟

ئۇنىڭ دىلوسى ئەيىبلىنىپ سوت مەھكىمىسىگە يوللاندى ،

نۇرخان ئۆزىنىڭ جاۋابكار ئورنىدا تۇرغانلىقىنى ، زال ئىچىگە سىرتتىن ئاڭلايدىغانلارنىڭ توشۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندەك بو-لۇپ ئۇمىدىنى ئۈزدى ، ئۇنىڭ تۇرمىنى ئەمدى كۆرگۈسى يوق . ئۇمىدىنىڭ يىپى ئۈزۈلگەن ھەم ھاياتلىق ئومۇرتقىسى سۇنغان ، كۆز ئالدىدا كۆرۈنۈپ تۇرغىنى قاپقاراڭغۇ بىر دۇنيا ئىدى .

ئۇ بالكونغا چىقىپ قارىدى ، جاپپار ھەر يىلى قوشدۆڭدىكى باغقا ئىشلىتىش ئۈچۈن سېتىۋالىدىغان دېھقانچىلىق دورىسىدىن ئىككى قۇتا تۇراتتى . نۇرخان ئاشخانىدىن قاچا ئاچىقىپ بوتۇلكى-دىكى ياپېپىشىل سۇيۇقلۇقنى قاچىغا تۆكتى . مېھراي سىرتقا چىقىپ كەتكەن ، جاپپار ياتاق ئۆيگە بېكىنىۋالغانىدى ، نىياسەم پەستە بىر كىملەر بىلەن گەپلىشىپ تۇراتتى . نۇرخان جاپپار بار ئۆينىڭ ئىشىكىگە قارىدى . ئىشىك ھەم ئېتىكلىك ، نۇرخان بىر ئۆمۈر ئۆزىگە مېھىر - مۇھەببەتمۇ ئاتا قىلمىغان ، يامانلىقمۇ قىلمىغان ، كۇلدۈرەلمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن يىغلاتماي يىگىرمە نەچچە يىلنى ئۆتكۈزگەن قەدىناسىغا دەيدىغان نۇرغۇن گېپى بار-دەك ئۇنىڭغا تارتىنىپ قالدى . ئىشكاپ ئۈستىدىكى مېھراينىڭ سۈرىتىنى ئېلىپ يۈزلىرىگە ياقتى . ئاندىن ، قەتئىيلىك بىلەن قاچىنى قولىغا ئېلىپ گۈپپۈلدىتىپ ئىچتى .

جاپپارنىڭ بېشىغا كۆتۈرۈپ قويغۇسىز دەرد - ئەلەم كەل-دى . نۇرخانىنىڭ زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغىنى پۈتۈن شەھەردە پارتلاش خاراكتېرلىك چوڭ خەۋەر بولدى . كىشىلەر خۇددى ئاقلىغۇچى بىلەن تەپتىشتەك بىر دە جاپپارنىڭ ئاشۇرۇۋەتكەنلى-كىنى تەنقىدلەپ نۇرخانغا ھېسداشلىق قىلسا ، يەنە بىر كىملەر جاپپارنىڭ قىلىقىنى توغرا چىقىرىپ نۇرخاننى ئەيىبلەيتتى . تې-خى ، بۇ بىر يۈز ئەللىك مىڭ يۈەنگە قانات - قۇيرۇق چىقىپ نەچچە مىليونغا كۆپەيدى . غەيۋەتچى خوتۇنلار بۇ ئىشنى تېخىمۇ كۆپتۈرۈپ : «ساقچىلار نۇرخانىنىڭ كارىۋىتىنىڭ ئاستىنى تەك-شۈرگەنىكەن ، ساندۇقلۇق كارىۋاتتا لىق يۈز يۈەنلىك پۇللار بار

ئىكەن» دېيىشسە، بەزىلەر: «پۇللارنى توڭلاتقۇ، كىرئالغۇلاردا ساقلايدىكەنتۇق» دېگەندەك ئاجايىباتلىقلارنى ئىجاد قىلىپ، بۇ گەپلەر دېيىلگەنسېرى راستقا ئايلانماقتا ئىدى. غەيۋەتچىلەر بىردەمدىلا نۇرخاننى ئاپتونوم رايوندىكى بىر چوڭ زەھەر ئەتكەسچىلىكى گۇرۇھىنىڭ كاتتىۋېشىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى.

جاپپار گەرچە ئۆز قىلمىقىنى توغرا دەپ قارىسىمۇ، يىگىرمە نەچچە يىللىق خوتۇنىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى ئۇنىڭغا دەھشەتلىك زەربە بولدى. نۇرخاننىڭ ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى جاپپارغا: «قىزىمىزنى تۆلە» دەپ ياقىسىغا ئېسىلىپ دەرد - ئەلەمنى ھەسسىلەپ كۈچەيتتى. بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كېلىپ باقمىغان مېھراي بولسا، خۇدىنى يوقىتىپلا قويغانىدى. شۇنچە يىل تىپتىنچ، باي - باياشات ياشاپ كەلگەن بۇ ئائىلە بوران - چاپقۇنغا دۇچ كەلگەنىدى. مېھراينىڭمۇ زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغۇسى كېلەتتى. دادىسى بىلەنمۇ ئارىلىقى بارغانچە يىراقلاپ ياتلىشىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى.

بۇ كۈنلەردە تۆپىلەپ كەلگەن دەرد - ئەلەم، پاراكەندىچىلىكتىن مېھراينىڭ قاتلاق قوش ئېڭەكلىرىمۇ يوقاپ، جۇدەپ ئورۇقلاپلا كەتكەنىدى. شوخلۇقى، سۆزمەنلىكى ئاللىقاياقلارغا يوقالغان، كىشىلەرگە ئارىلىشىشنى خالىمايدىغان كەم سۆز قىزغا ئۆزگەرگەنىدى.

ئۇ ئۆلۈم پەتىسى قىلىپ كەلگەن ئابىدەگە ئېسىلىپ شۇنداق قاتتىق يىغلىدىكى، ئۆزىنىڭ ئېسىلىپ قانغۇدەك يىغلايدىغان ئابىدەدىن باشقا ئادىمى يوقلۇقىنى ھېس قىلدى. يىغلاپ، قاقشاپ يۈرۈپ نۇرخاننىڭ قىرىق نەزىرىسىمۇ بېرىلىپ بولدى.

جاپپارنىڭ ئائىلىسى ھېچبىر بىر ئائىلىگە ئوخشاشماي قېلىۋاتاتتى. جاپپار ئۆز خانىسىدا خىيالغا چۆكۈپ تاماكا چەككىنى چەككەن، مېھراي كۈن بويى بىر ھۇجرىغا سولىنىۋېلىپ، مۇڭلىنىپ ياش تۆككىنى تۆككەنىدى. پەقەت نىياسەملا ئۆي

ئىشلىرىنى قىلىپ ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. تاماقنى پىشۇرۇپ ئۈستەلگە تىزىپ ئۇلارنى تولا چاقىرىپ ھېرىپ كېتەتتى. تاماق ھېچكىم گەپ - سۆز قىلىشماي ئىشتەيسىزلا يېيىلەتتى ھەم دەرھال يەنە ئۆز ھۇجرىلىرىغا بېكىنىۋالاتتى.

بۈگۈن ناشتىدا مېھراي ئاخىر ئېغىز ئېچىپ دادىسىغا ئويلىغىنىنى ئېيتتى:

— دادا، مەن خىزمەتتىن چېكىنىپ چىقتىم. بۇنداق يۈرۈۋەرسەممۇ بولمايدۇ، مەن تىجارەت قىلىشنى ئويلىشىۋاتقىلى ئۇزۇن بولغان. ھازىردىن باشلاپ ئىشقا كىرىشەي دەيمەن.

جاپپار ئويلىنىپ قالدى. قىزىنى ئىزىمنى باسسۇن دېگەن چوڭ ئۈمىدتە قانۇن كەسپىدە ئوقۇتقىنى نەدە قالدى؟ ئەمدى ئۇنىڭ قايسى ئىزىنى باسىدۇ؟ ئىدارە ھەم جەمئىيەتتىكى بۇ ئائىلە ئۈستىدىن بولۇۋاتقان سۆز - چۆچەك، غەيۋەت - شىكايەتلەرگە مېھراي تاقابىل تۇرالارمۇ؟

جاپپارنىڭ تۇرۇپلا قىزىغا بەكمۇ ئىچى ئاغرىدى.

— كۆڭلۈڭنى چۈشىنىمەن قىزىم. نېمىلا دېگەنبىلەن خىزمەتتىن چېكىنىمەسلىكىڭ كېرەك ئىدى.

— ھازىر ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ خىزمەت قىلىشنى خالىمايدىغانلار كۆپ دادا. مەن ئىدارىگە يۈك بولۇپ قېلىشنى خالىمايمەن. راستىمنى دېسەم قانۇن كەسپىنى سىزنىڭ زورىڭىز بىلەنلا ئوقىدىم. ئەمەلىيەتتە، مەن بۇ كەسىپكە قىزىقمايمەن. بىر ئۆمۈر ئىشلىسەممۇ ئۆزۈمنىڭ بىر يارىملىق سوت كادىرى بولۇشۇمغا ئىشەنمەيمەن.

— قانداق تىجارەت قىلاي دەيسەن؟

— مەن ھازىرچە ھېچقانداق تىجارەتنىڭ ئېپى - جېپىنى بىلمەيمەن. شۇڭا، ئەنسەر ماڭا بىر تىجارەتچى نەۋرە ئاكىسىنى تونۇشتۇرۇپ قويىدىغان بولدى. ئۇياق تىجارەتتە پىششىقان چوڭ سودىلارنى قىلىدىغان ئوخشايدۇ. شۇنىڭغا بىر ياردەمچى لازىم ئىكەن.

— ئۇنداق ئىشلارنى قاملاشتۇرالامسەن ؟
— چوقۇم قاملاشتۇرىمەن . مېنىڭ مىجەز - خاراكتېرىممۇ تىجارەتكە ماس كېلىدۇ . سەككىز سائەت ئۇستەلدە ئولتۇرغۇم يوق .
— مەيلى ئەمىسە ، ئىختىيارىڭ . ئەمدى سەن چوڭ بولدۇڭ ، ئاق - قارىنى ، ياخشى - يامانىنى پەرق ئېتەلەيسەن . بۇ ئىشقا ئەنسەر ياردەم قىلىدىغان بولسا ياخشى بوپتۇ . ئۇ ئىشەنچلىك يىگىت .
— سىزچۇ دادا ؟
— مەنمۇ ئويلىنىپ بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم . پېنسىيىگە چىقىش رەسمىيىتىم تەستىقلىنىش ئالدىدا ، مېنىڭ بۇ يەردە بىر كۈنمۇ تۇرغۇم يوق . بۇ ئۆي ساڭا تەئەللۇق بولسۇن . مەن ئىدارىدىكى ئازراق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىپلا نىياسەم بىلەن قوشدۆڭگە كېتىمەن .
— قوشدۆڭگە ؟ ئۇ سەھرادا نېمە ئىش قىلىسىز دادا ؟
— باغۋەنچىلىك قىلىمەن . قۇش باقىمەن ، دەريالارغا بېرىپ بېلىق تۇتىمەن . ماڭا ھەقىقىي ھايات خۇشاللىقى شۇ يەردىن تېپىلىدۇ .
— راستىنلا قوشدۆڭگە كېتىمىزمۇ ئاكا ؟— دەپ سورىدى نىياسەم ھاياجان بىلەن .
— ھەئە ، لېكىن ھازىر بەك سوغۇق ، ئىدارىدە بېجىرىدىغان ئىشلىرىم بار . شۇ ئىشلارنى تۈگەتكىچىمۇ ئەتىياز كېلىپ جاھان ئىسسىپ قالار . شۇ چاغدا قوشدۆڭگە كېتەيلى .
خۇشلۇقتىن نىياسەمنىڭ يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ كەتتى . ئاھ ، ئۇنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ، سەبىي بالىلىقى ، ياشلىقى ئۆتكەن گۈزەل قوشدۆڭ ! نىياسەمنىڭ ئۈچۈپلا بارغۇسى كەلدى . ئۇنىڭ ئون يىلغا يېقىن ۋاقتى ئادەمنى بۇرۇقتۇرما قىلىدىغان بىنا ئۆيدە ئۈچ ۋاخ تاماق ئېتىش ھەم بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ

مەڭگۈ تۈگىمەيدىغان ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىش بىلەن ئۆتكەندى. ھېچكىمنى تونۇمايتتى. ھەپتىلەپ - ئايلاپ بىرەرى بىلەن ھال - مۇڭ بولمايتتى. شۇنداق كۈنلەردە، ئۇ قوشدۆڭدىكى تەڭدىمەت چوكانلار بىلەن ناخشا توۋلاپ ئېتىزدا ئىشلىگەن چاغلىرىنى، شاخلارغا يامىشىپ چىقىپ مېۋە ئۈزۈپ يېگەنلىرىنى، يېزىدا دائىم بولىدىغان توي - مەشرەپلىرىنى شۇنچىلىك سېغىناتتىكى، بۇ سېغىنىش ئۇنىڭغا يەنە قوشدۆڭدىكى تارتقان تۇرمۇش ئازابلىرىنىمۇ ئۇنتۇلدۇرۇۋېتەتتى. ئۇ قوشدۆڭدە يەتكۈدەك ئازابىمۇ چەككەن. كۆيۈپ - پىشىپ، ئېلىپ - تېگىشكەن ئېرى قاسىمجان بىلەن دەسلەپ شۇنداق ياخشى ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن بىر يىلدىن كېيىنلا ئۇنى تۇغمىدىڭ دەپ تىللاپ دۇشكەللەشكە باشلىدى. يىللار ئۆتكەنسېرى قاسىمجاننىڭ مىجەزى تېخىمۇ ئوساللىشىپ نىياسەمنىڭ كۆرمىگەن كۈنى ئاز قالدى. ئۇ ئېرىنىڭ ياقا يۇرتتىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان تېگى نامەلۇم بىر سەتەڭ چوكان بىلەن تېپىشىپ قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، دەرد - ئەلەمنى ئىچىگە يۇتۇپ، بەش يىل تۇتقان ئۆيىدىن تارتىشىپ ئايرىلىپ شەھەرگە ئاكىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇ يەردىمۇ ئاز ئەلەم تارتمىدى. نۇرخان دەسلەپ نىياسەمنى پاتۇرماي بىرمۇنچە ئەلەم قىلدى. ئاندىن، ئۇنىڭ كۈچىگە ئۆگىنىپ ئۇنى ئۆزىنىڭ ھەق بەرمەيدىغان مالىيى قىلىۋالدى. بۇ كۈنلەرنى نىياسەم بەكمۇ تەستە ئۆتكۈزگەندى.

نىياسەم شۇ كۈندىن باشلاپ تېتىكلىشىپ كەتتى. كۈن ساناپ قوشدۆڭگە بارىدىغان ۋاقىتنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتەتتى. نېمىگە شۇنچىلىك تەلپۈنىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيتتى. ئۇ ئېرى قاسىمنى تولا ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەپ تۇرسىمۇ لېكىن يۈرىكى خۇددى ياش قىزلاردەك ئاللىقانداق ھاياجانلىق تۇيغۇلاردا دۈپۈلدەپ سوقاتتى. ئاخىر چۈشىنىپ يەتتىكى، ئۇ ئاشۇ ۋاپاسى يوق ئالا

كۆڭۈل ئېرىنى هازىرغىچە ياخشى كۆرىدىكەن . بولمىسا شۈنچە يىللاردىن بېرى نىياسەمگە ئۆز تۈرمۈشىنى قايتا ئورۇنلاشتۇرۇش پۇرستى يوقمىدى ھەتتا جاپپارنىڭ ئىدارىسىدىن پېنسىيىگە چىقىپ كەتكەن بىر كادىر ئادەم كىرگۈزگەندىمۇ ، جاپپار بىلەن نۇرخان شۈنچە زورلىسىمۇ ئۇ جاھىلللىق قىلىپ ئۇنىماي تۇرۇۋالىمىدىمۇ ؟ دېمەك ، تۇنجى ھەم ھاياتىدىكى بىردىن ـ بىر ئەر ھېلىھەم ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئىكەن . بۇلارنى ئويلاپ نىياسەم نۇرغۇن قېتىم كېچىلىرى كۆز يېشى قىلىپ ياستۇقىنى ھۆللىدى .

## ئون توققۇزىنچى باب

# باھار ھامان ئىللىق

ئابىدە ئەتىگەن تۇرۇپ ئۆزىگە ئوبدانلا ھەمراھ بولۇپ قالغان ئاينۇر بىلەن ناشتا قىلىپ ئۇنى مەكتەپكە ماڭدۇردى. ئاندىن، شەھەرگە كىرمەكچى بولدى. ئۇ دۆلەتلىك ئەدلىيە ئىمتىھانىنىڭ نەتىجىسى چىققانلىقىنى تۇنۇگۇن ئاڭلاپ ئولتۇرالمايلا قالدى. شۇڭا، ئەدلىيە ئىدارىسىگە بىر بېرىپ كېلىشنى پىلانلاپ تۇرۇشىغا يانفونى سايرىدى. تېلېفوننى مەھكىمە ئىشخانىسىدىن ئۇرغان بولۇپ، مەھكىمە باشلىقى جىددىي چاقىرتقانىدى.

قەھرىتان سوغۇق ئۆتۈپ كەتكەن، كىشىلەرمۇ قىشلىق قېلىن چاپانلىرىنى سالغانىدى. ئابىدە بېلىگە چۈشكەن چاچلىرىنى زىباگۈل مۇئەللىمنىڭكىدەك قىلىپ ئۆرۈپ كەينىگە تۈگۈپ سوت فورمىسىنى كىيدى ھەم تەييارلىقنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن يېزا ئاپتوبۇسىدا ئولتۇرۇپ ئىككى سائەتكە يېقىن تاسقىلىپ ماڭغاندىن كېيىن شەھەرگە كەلدى.

تېلېفوندا ئابىدەنىڭ كېلىشىدىن خەۋەردار بولغان ئەنسەر مەھكىمە سەيناسىدا ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ ئابىدەنى كۆرۈپلا جىددىيلىشىپ ئالدىغا كەلدى:

— مەھكىمە باشلىقىنىڭ كەيپىياتى بەكلا ئوسالغۇ؟ نېمە ئىش بىلەن چاقىرتقاننى دېدىمۇ؟

— ياق، بىلمىدىم، نېمە ئىش بولغاندۇ؟

— ھېچقايسىمىز بىلمىدۇق. سىز ئاۋۋال بىر كىرىدىپ

چىقماق . ئاندىن ، كۆرۈشەيلى .

ئابىدە مەھكىمە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەندە مەنسۇر قاپىقىدىن مۇز ياغدۇرۇپ ئولتۇراتتى .

ئابىدە ھودۇققان ھالدا ساپاغا كېلىپ ئولتۇردى :

— ئۇكام ، بۇ كۈنلەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرۈيسىز ؟— دەپ سورىدى زەردە بىلەن .

— شۇ يېزىدا ئىشلەپ ، — دېدى ئابىدە باشقا گەپ تاپالماي .

— نېمانداق نەدىلا بولسىڭىز چاتاق چىقىرىپلا يۈرۈيسىز ؟ ئىدارىدە ئىشلەپ دەلىل ـ ئىسپات يىتۈپ تاس قالدى چوڭ چاتاق چىققىلى ، ئەمدى يېزىدىغا ئەۋەتسەك ئىشىنىڭ يوغىنىنى تېرىپ-سىزغۇ ؟

— نېمە ئىش بولدى ؟ مەن نېمە ئىش قىپتىمەن ؟ — دېدى ئابىدە چۈشىنەلمەي .

— كەنتمۇ كەنت قاتراپ ئاياللارنى يىغىپ ئەرز قىلىشقا كۈشكۈرتىپسىز ، تېخى يۇقىرىغا رازاقىنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى ئۈستىدىن ماتېرىيال ئەۋەتىپسىز...

— نېمە ! — ئابىدە چۆچۈپ كەتتى ،— بۇ ماڭا قىلىنغان تۆھمەت ! كەنتمۇ كەنت بارغىنىم راست ، بىراق مەن يېزىلىق ئاياللار بىرلەشمىسى بىلەن نىكاھ قانۇنىدىن دەرس سۆزلىگىلى باردىم . يۇقىرىغا ماتېرىيال يوللىدى دېگەننى ئەمدى ئاڭلاۋاتىمەن .

— خۇپسەنلىك قىلماڭ ، رازاقىنىڭ نەدە قانداق مال ـ چار-ۋىلىرى ، باغۋاران يەرلىرى ، قانچىلىك پۇلى بارلىقىنى سىز دېمىسىڭىز كىم دەيدۇ ؟ ئاشۇ ساددا دېھقانلارمۇ ؟ نەچچە يىلدىن تىپتىنچ تۇرغان ئىش سىز بارسىڭىزلا ئاشكارىلىنىپ كېتەمدۇ ؟

— مەن بۇ يەردە ئۆزۈمنى ئاقلىيالمايمەن ، ئۇنى ئۆزۈڭلار تەكشۈرۈپ كۆرۈڭلار ، كىمنىڭ ماتېرىيال يوللىغىنىنى تەكشۈر-سە ئېنىقلا چىقىدىغۇ ؟

— بىرى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ «پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشخانىسى»غا نامسىز ماتېرىيال يوللىغان ، ماتېرىيالنى مەنمۇ كۆردۈم . ماشىنىدا ئۇرۇلغانىكەن . شىكايەتنامە قانۇن تەرتىپكە ئۇيغۇن ، سان – سىپىرى ، مەزمۇنلار ناھايىتى ئېنىق ، نەقىل كەلتۈرۈلگەن قانۇن ماددىلىرىمۇ شۇنداق توغرا ، ئۆلچەملىك يېزىلغانىكەن . بۇ ئەلۋەتتە دېھقان خەقنىڭ قىلغان ئىشى ئەمەس . ھازىر تەپتىش مەھكىمىسىدىن رازاقىقا غايەت زور مال – مۈلۈكنىڭ كېلىش مەنبەسىنى چۈشەندۈرۈشكە بۇيرۇدى . ئۇنىڭ مال – مۈلكى يەنە داۋاملىق تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ . سىزدىن ئېنىق سوراي ، بۇ ئىشتا راستتىنلا سىزنىڭ قولىڭىز يوقمۇ ؟

— مەنسۇركا ، بۇ ئىشلاردىن مېنىڭ راستتىنلا خەۋىرىم يوق . مەن رازاقكامنىڭ ئۇنداق كۆپ مال – مۈلكى بارلىقىنىمۇ بىلمەيمەن . بەزى ئۇششاق ئىشلاردا رازاقكام بىلەن دېيىشىپ قالغان يەرلىرىم بار . لېكىن ، ئۇ ئىشتىن مەن راستتىنلا خەۋەرسىز .

— سىزنىڭچە ، قوشدۆڭدە مۇشۇنداق ماتېرىيال يوللاش ئېھتىمالى بار بىرەرى بارمۇ ؟

ئابىدە ھەرقانچە ئويلاپمۇ بىرەرسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمىدى .

— ياق ، بىلمەيمەن .

— ئەمدى چىقسىڭىز بولىدۇ . بۇ ئىش توغرۇلۇق قوشدۆڭدىكى كىشىلەرگە سۆز – چۆچەك قىلىپ يۈرمەڭ !

ئابىدەنىڭ «مېنىڭ سۆز – چۆچەك قىلغۇدەك چولام يوق» دېگۈسى بولسىمۇ ، لېكىن ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ چىقىپ كەتتى .

ئابىدەنىڭ بىردىنلا كەيپى ئۇچتى . ئۇنىڭ رازاقنىڭ چېقىمچىلىقىغا قاتتىق ئاچچىقى كەلگەنىدى . ئۇ باشقىلاردىن ئەنسەرنىڭ سوتقا كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ، ئەدلىيە ئىدارىسىگە يالغۇزلا

بىرنۆەرمەكچى بولدى . ئۇ ئىمتىھان نەتىجىسىگە بەكلا تەقەززا
بولۇۋاتاتتى . ئىمتىھاندىن ئۆتسىلا سوتچى بولىدىغان گەپ ، ئۆز
ئالدىغا دېلو بىجىرەلەيدۇ . قانۇن بويىچە ئادىل ھۆكۈم چىقىرالاي-
دۇ . بەلكىم ، مۇشۇنداق پالاكەتچىلىكمۇ شۇ چاغدا ئازىيار .

ئابىدە ئالدىراپ پىيادە ماڭدى . كۆڭلىدە ئەدلىيە ئىدارىسى-
دىن چىقىپ ئاپتۇرغا بىرقۇر كىيىم ئېلىش ، مېھراي بىلەن
كۆرۈشۈش ، نىياسەمنى يوقلاش ، ئەنسەر بىلەن بىرەر ۋاخ تاماق
يېيىشتەك بىر قاتار ئىشلارنى پىلانلىدى . مەنسۇر باشلىقتىن
ئاڭلىغان يېڭىلىقنى ئويلىغانسېرى كاللىسى چىگىلىپ ، پىكرى
مۇرەككەپلىشىپ كەتتى .

ئۇ يولنىڭ قارشى تەرىپىدىن ئەدلىيە ئىدارىسىنىڭ بىناسىنى
كۆردى ـ دە ، ئالدىراش يولدىن كېسىپ ئۆتتى . كاللىسى چە-
گىشلىشىپ كەتكەن ئابىدە بىخۇدلۇق بىلەن ئوڭ ـ سولغىمۇ
قارىماي ماشىنىلار جىددىي ئۆتۈشۈۋاتقان بىر يولدىنلا كېسىپ
ئۆتتى . ئۇدۇلدىن تېز كېلىۋاتقان بىر قارا پىكاپ ئۇچقاندەك
كېلىپ ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ئابىدەنى
سوقۇۋەتتى .

*　　　*　　　*

ئابىدە كۆزىنى ئاستا ئاچتى . تۇيغۇلىرى بارغانسېرى روشەن-
لىشىۋاتاتتى . ئۇ بېشىدا ساڭگىلاپ تۇرغان ئاسما ئوكۇلدىن ئۆزى-
نىڭ دوختۇرخانىدا يېتىۋاتقانلىقىنى بىلدى . ئۇ مىدىرلاپ بېقىۋىد-
دى ، مىدىرلىيالمىدى . بېشىنىڭ ، پۇت ـ قولىنىڭ تېڭىۋېتىل-
گەنلىكىنى غۇۋا ھېس قىلدى .

— ئابىدە ، ئاخىر كۆزىڭىزنى ئاچتىڭىز ، دوختۇر ئۇ ھوشىغا
كەلدى... ئابىدە ماڭا قاراڭ .

قاياقتىندۇر پەيدا بولغان ئەنسەر كېلىپ ئېڭىشىپ قارىدى .

ئابىدە ئۇنىڭغا قاراپ كۈلمەكچى بولدىمۇ ياكى بىرنېمە دېمەكچىمۇ ئاغزىنى مىدىرلاتقان بولسىمۇ سادا چىقمىدى .

— سىز ياخشى بولۇپ كېتىسىز ئابىدە ، قورقماڭ ، — ئەنسەر كۆيۈمچانلىق بىلەن ئابىدەنىڭ ئوكۇل مېڭىۋاتقان سوغۇق قوللىرىنى سىلىدى .

بارغانسېرى ئېسى جايىغا چۈشۈۋاتقان ئابىدە بولغان ئىشلار-نى يادىغا ئالدى . ئۇ يولدىن كېسىپ ئۆتۈۋاتقاندا ئۇچقاندەك كېلى-ۋاتقان قارا ماشىنىغا سوقۇلغاندىن كېيىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەي قالغانىدى . ئۇ چاغدا دەل ـ دەرەخلەر ئەمدىلا بىخ سۈر-گەن ، مانا ئەمدى دەرەخلەر ياپېپشىل يوپۇرماقلارغا تولۇپتۇ . ئۇ دوختۇرخانىدا ھوشسىز ياتقىلى قانچە ئۇزۇن بولغاندۇ ؟

— بەك قورقۇتۇۋەتتىڭىز ئابىدە ، سىزدىن ئايرىلىپ قالار-مەنمۇ دەپ بەك قورقتۇم . خۇدايىم بىر ساقلىدى . ئاخىر كۆزد-ڭىزنى ئاچتىڭىز ...

ئەنسەر ئابىدەگە سۆزلەۋاتقاندا ياتاققا مېھراي كىرىپ كەل-دى . ئۇ ئابىدەنىڭ كۆزىنى ئاچقانلىقىنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ كېلىپ مەڭزىنى ياقتى :

— ئۇھ ، جېنىم ئابىدە ، ئاخىر كۆزۈڭنى ئېچىپسەن . بىزنى بەك قورقۇتۇۋەتتىڭ ، — مېھراي شۇنداق دەپلا ئابىدەگە ئۆزىنى تاشلاپ يىغلاپ كەتتى .

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئابىدە تولۇق ئەسلىگە كەلدى . سۆزلىيەلەيدىغان ، تاماقنى ئۆزى يېيەلەيدىغان بولدى . ئۇ بىردەممۇ يالغۇز قالمايتتى . خىزمەتداشلىرى ، ئەنسەرنىڭ ئۆيىدىكىلەر ، مېھراي ، نىياسەم ھەتتا قوشنۇدىن كەلگەنلەرمۇ يېنىدىن ئۈزۈلمەيتتى .

بىر كۈنى مېھراي ئەنسەرگە :

— موللاقنى قويۇپ بەردى . ئۇ چۈشتىن كېيىن كېلىدىغان بولدى ، — دېدى .

— ئۇنىڭ يول مېڭىشى توغرا ، پەقەت سۈرئىتى ئازراقلا تېز . ۋاقتىدا خەۋپنىڭ ئالدىنى ئالمىغانلا يېرى بار . قاتناش ساقچى ئەترىتىمۇ موللاقىقا مەسئۇلىيەت بېكىتمەيدۇ .

— توۋا ، موللاقىنىڭمۇ كېلىپ ئابدەنى سوقۇۋەتكىنى… ئابدەگە موللاق دېگەن ئىسىم بەكلا تونۇش ئاڭلاندى .

— موللاق دېگەن كىم ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

— سىزنى سوقۇۋەتكەن شوپۇر مېنىڭ نەۋرە ئاكام… ، — دېدى ئەنسەر .

— مېنىڭ خوجايىنىم ، — دېدى مېھراي .

— ۋاي - ۋۇي نېمانچە مۇرەككەپ ئىش بۇ ؟ سەن قاچاندىن خوجايىن تېپىۋالدىڭ ؟

— مەن ھازىر موللاقىقا ياردەمچى بولۇپ تىجارەت قىلىۋاتىمەن .

— ئۇ لايىقمۇ تېپىۋالدى ، — دېدى ئەنسەر مېھرايغا قاراپ كۈلۈپ ، — ئۇزاققا قالماي مېھرايمۇ يەڭگەم بولۇپ قالىدىغان بولدى .

— ۋاي خۇدايىم راستمۇ مېھراي ؟ مېنى ماشىنا سوققىنى سىلەرگە يارىشىپتىمۇ دەيمەن .

— ئۇ قانچىلىك ئىشتى ، ياخشى بولغىنى سىزنى بىر زور خۇشاللىق كۈتۈپ تۇرىدۇ .

— نېمە خۇشاللىق ؟ بۇ جاھاندا مەن خۇشال بولىدىغان ئىشمۇ بارمىكەن ؟

— سىز ئەدلىيە ئىمتىھاندىن ئۆتۈپسىز ، ئۆتكەندىمۇ تېخى نەتىجىڭىز ئوبلاست بويىچە بىرىنچىكەن .

— راستمۇ ؟ — ئابدەنىڭ قەلبى ئېيتقۇسىز خۇشاللىققا چۆمدى . ئۆزىنىڭ كېسەل كارىۋىتىدا ياتقانلىقىنى ئۇنتۇپ يۈگۈرۈپ سەكرىگۈسى ، بار ئاۋازى بىلەن توۋلىغۇسى كەلدى . كۆزلىرىدىن ھاياجانلىق ياشلىرى تۆكۈلۈپ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى .

بۇ خۇشاللىق غەلىبە يېشى ئىدى .

چۈشتىن كېيىن ئابىدەنى سوقۇۋەتكەن ماشىنىنىڭ شوپۇرى موللاق يوغان بىر سېۋەت گۈلنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى . يوغان كۆز ، قارامتۇل بۇ يىگىتنى ئابىدە بىر قاراپلا تونۇدى . بۇ ھېلىقى ئۆينى ئالىمەن دەپ قىرىق مىڭ يۈەن پۇلنى بېرىپ كەتكەن موللاق دەل ئۆزى شۇ ئىدى .

موللاق بۇگۈن بويۇن ، بارماقلىرىدىكى ۋالىلداپ تۇرغان توم ئالتۇنلىرىنى تاقىمىغان ، گەدىنىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان چاچلىرىمۇ ئازراق قىسقارغان . كاستۇم ـ بۇرۇلكا ، گالستۇكلىرى ئۆزىگە خويمۇ ياراشقان بولۇپ ، باشقىچە سالاپەتلىك بولۇپ كەتكەنىدى .

— ئالدىڭىزدا كۆپ خىجىلمەن ،— دېدى موللاق ئەدەپ بىلەن ،— ھەر نېمە بولسا خېلى ياخشى بولۇپ قاپسىز . مېنى كەچۈرۈڭ . بىخەستەلىك قىلىپتىمەن .

— ھەر ئىككىمىزنى قارا بېسىپتۇ . مېنىڭمۇ شۇ كۈنى كاللام جايىدا ئەمەس . يولدىن قانداق ئۆتكىنىمنى بىلمەيلا قاپتىمەن . سىلەر نەۋرە ئاكا ـ ئۇكىمۇ ؟

ئەنسەر بىلەن موللاق قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى . يوشۇرغان ئىش ئاخىر ئاشكارىلىنىپ قالدى .

— قاراڭ ، سىزنىڭ ھىيلىگەرلىكىڭىزنى ، — دېدى ئابىدە ئەنسەردىن نارازى بولۇپ ، — ئۆينى ئالغان ئادەمنى تاپالمايۋاتىمەن دەپ نەچچە دېدىم . ئىككىڭلار مېنى راسا كولدۇرلىتىپسىلەر ...

— مۇشۇ ئەنسەرنىڭ پىلانى بولمامدۇ ؟ ئۆينى ئالمىساڭ بولمايدۇ دەپ مېنى مۇشۇ ئەۋەتكەن ، — دېدى موللاق .

— ھەي ، شۇ چاغدا شۇنداق بولۇپ قالدى ، — دېدى ئەنسەر ئۆزىنى ئاقلاپ ، — مەن پۇل بېرىپ تۇراي دېسەم ئۇنىماي زادى ئۆينى ساتىمەن دەپ تۇرۇۋالدىڭىز . سىزنى ئۆي ساتىمەن دەپ جاپا تارتمىسۇن دېدىم . ئالدىراشچىلىقتا ئەرزانلا سېتىۋەتسىڭىز

ئالغان ئادەم كۆچۈڭلار دەپ تۇرۇۋالسا قانداق قىلاتتىڭىز ؟ شۇڭا بۇ بايۋەچچىنى ئىشقا سالغان .

— خۇدايا توۋا ، بىرلىشىپ مېنى تازا گوللاپسىلەر . شۇ چاغدىلا كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشكەن ،— دېدى ئابىدە موللاقنىڭ شۇ چاغدىكى نورمالسىزلىقىنى ئەسلەپ ،— سىزنى تاپالماي يۈرەتتىم . مۇنداق ئۇچرىشىپ قالارمىز دەپ ئويلىماپتىمەن . پۇلىڭىزنى ياندۇرۇپ بېرەي دېگەنىدىم .

— نېمىدەپ يۈرۈيدىغانسىز ، — دېدى موللاق ، — مەن دېگەن قاتناش ۋەقەسى سادىر قىلغۇچى ، قانۇن بويىچە تېخى سىزگە تۆلەم تۆلىسەم بولىدۇ . بۇ پۇلنى ئاغزىڭىزغا ئالماڭ .

— موللاقنىڭ ئىشلىرى كاتتا ، — دېدى ئەنسەر ، — كېيىنچە مېھراي ئىككىڭلار ئېپى - يەڭگە بولىدىغان بولدۇڭلار .

— ۋاي ، شۇنچە تېزمۇ ؟ — ئابىدە ھەيران بولدى .

موللاق بىلەن مېھراي بىر - بىرىگە قارىشىپ يېقىملىق كۈلۈپ قويدى . ئۇلار قىزىق كۈلكە پاراڭلار بىلەن خېلى ئۇزۇن ئولتۇرۇشتى . ئاندىن ، ئەنسەرنىڭ يانفونى توختاپ قالغاچقا ، ئىككى يىگىت «تېلېفون پۇلى تۆلەپ كىرەيلى» دەپ چىقىپ كېتىشتى .

— ئەجەبمۇ تېز يېڭى لايىق تېپىۋاپسەنغۇ ؟— دېدى ئابىدە ،— ئۇنى شۇنچە تېز ياخشى كۆرۈپ قالدىڭمۇ ؟

— مەن ياخشى كۆرۈپ قېلىش دېگەننى بىلمەيمەن . پەقەت يىگىتلەرنى باھالاپ بولىدىكەن دەپ قارايمەن . دەسلەپ ئەنسەرنى سەندىن قىزغانغىنىم ھەرگىزمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىم ئەمەس . پەقەت ئۇنى باشقىلارغا سېلىشتۇرۇپ بولىدىكەن دەپ قارىغىنىم . ئەمەلىيەتتە ئەنسەر بىلەن مەن ئىككى دۇنياغا تەۋە ئادەملەر . ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا مۇھەببەت بولۇشى تامدىن گۈل ئۈنگەندەك ئىش . بۇنى كېيىنچە ھېس قىلىپ قالدىم . كىتابلاردا مۇھەببەتكە ھەرخىل دەبدەبىلىك تەدبىرلەر بېرىلگەن . مېنىڭچە

بىر يىگىت ماڭا كۆيۈنسە ، ماڭا يامانلىق قىلمىسا شۇنىڭ بىلەن ئۆمرۈمنى خاتىرجەم ، كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزسەم شۇنىڭ ئۆزى مۇھەببەت . مەندە مۇھەببەت ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلايدىغان ھەم قۇربان بېرىدىغان روھ يوق . قارشى تەرەپتىنمۇ بۇنى ئۈمىد قىلمايمەن . موللاقىقا قارا ، ئۆزى كېلىشكەن ، پۇلى بار ، مىجەزى-مىزمۇ شۇنداق قاملاشقان . ئۆزىگە لايىق كېلىدىغان قىز تاپالماي ھازىرغىچە ئۆيلەنمەپتىكەن . بولمىسا يېشىمۇ ئەنسەردىن چوڭ ئىكەن . توي قىلساق چوقۇم بەختلىك بولىمىز .

— ھەي ، سىڭلىم ، — ئابىدە مېھرىگۈلنىڭ توي ، مۇھەببەت ھەققىدىكى بىپەرۋا قاراشلىرىغا ھەيران بولدى ، — سىڭلىچە ، مۇھەببەت شۇنداق ئاددىي نەرسىمۇ ؟

— ئەمىسە قانداق نەرسە ؟ ئوتتۇرا مەكتەپتە بىز بىلەن بىللە ئوقۇغان سەنەۋەر بىلەن ئابلىز يادىڭىزدىمۇ ؟ ئۇلار تولۇقسىزدىن باشلاپ مۇھەببەت باغلىغان ، كېيىن سەنەۋەر ئالىي مەكتەپكە كەتتى . ئابلىز ئۆتەلمەي قېلىپ قالغان . سەنەۋەر ئالىي مەكتەپنى بەش يىلنى ئۆز مۇھەببىتىگە سادىق بولۇپ ، ھېچكىم بىلەن ئارىلاشماي پۈتتۈرۈپ كېلىپ ، ئاتا - ئانىسىنىڭ توسقىنىغا قارىماي ئىشسىز يۈرگەن ئابلىز بىلەن توي قىلغان . قانداق بوپتۇ دېمەمسەن ، ئابلىز ئالدىنقى كۈنى قىمارغا بېرىلىپ قالغانىكەن . ئانچە - مۇنچە ئاقمۇ چېكىدىكەن . بىچارە سەنەۋەرنىڭ مائاشىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋېلىپ ئويناپ - چېكىپ تۈگىتىدىكەن . ئۆيدىكى ھەممە بىساتلارنى ھەتتا سەنەۋەرنىڭ ئالتۇن جابدۇقلىرىنى سېتىپ ، چېكىپ تۈگىتىپتۇ . ئەمدى سەنەۋەر ئاجرىشىدىغان ئوخشايدۇ . باشقىلارنىڭ ھەممىسى سەنەۋەرگە ئىچ ئاغرىتىشتى . بۇ كۈنگە قېلىشتا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ سەۋەنلىكى بار . «ئاھ مۇھەببەت !» دەپلا چېكەرمەن قىمارۋازغىمۇ تېگەمدۇ . ئەر دېگەننى باھالاپ ، بولىدىغانلىرىغا تەگمەمدۇ ؟

— بۇنداق ھاپىلا - شاپىلا توي قىلساڭ ، تويدىن كېيىن

مۇھەببىتىڭلار سۇسلىشىپ قالسا قانداق قىلىسەن؟
— بۇنىڭدىن قورقۇپ قالمايمەن. مېنى ئاشۇ ھەر قازاندا قايناپ قاغدالما بولۇپ كەتكەن سودىگەرگە ئىشىنىدۇ، ئۇنىڭغا بارلىقىنى ئاتىۋېتىدۇ دەپ ئويلامسەن؟ ئايال كىشى دېگەن مۇھەببىتىنىڭ بىر قىسمىدا ئۆزىنى، بىر قىسمىدا ھاياتىنى، ئۈچىنچى بىر قىسمىدا بىر ئەرنى سۆيسە بولىدۇ. ئۇ ماڭا ۋاپادار، سادىق ئەر بولسا مەنمۇ ئۇنىڭغا ئۇن ھەسسە مېھرىم بىلەن جاۋاب قايتۇرىمەن. ئەكسىچە بولسا كۆتىگە تېپىمەن.

ئابىدە كۈلۈپ كەتتى. مېھرايىنىڭ دەرد ـ ھەسرەت چەكمەيدىغانلىقى، دائىم خۇشال يۈرۈيدىغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىكەن. لېكىن، ئابىدە ئۇنداق بولىمەن دەپمۇ بولالمايتتى. ئەنسەرنى جېنىدىن ئارتۇق سۆيەتتى. ھازىر بىر كۈن كۆرمىسە گېلىدىن ھېچ نەرسە ئۆتمەيتتى.

زىلەيگۈل نەبىجاننى يېتىلەپ ئابىدەنى يوقلاپ كەلدى. ئۇنىڭ يوقلاپ كېلىشى بىلەن ئابىدە تېگىگە يېتەلمىگەن سىرمۇ ئېچىلدى. نەبىجان رەتلىك، پاكىز كىيىنگەن، چىرايىمۇ نۇرلىنىپ قالغانىدى. زىلەيگۈل يېقىن قېرىنداشتەك مەڭزىنى ئابىدەنىڭ مەڭزىگە يېقىپ قىزغىن كۆرۈشتى ھەم كۆزىگە ياش ئالدى.

— ھەرنېمە بولسا ياخشى بولۇپ قاپسىز. پۈتۈن قوشدۆڭدىكى ئاياللار سىزدىن ئايرىلىپ قالساق قانداق قىلارمىز دەپ بەك ئەنسىرىدۇق. نەبىجان بالام، قاراپ تۇرماي ئاچاڭدىن ئەھۋال سورا.

نەبىجان تارتىنىپ كېلىپ ئەھۋال سورىدى. ئابىدە ئامراقلىق بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى.

— سىز دېگەندەك ئوتتۇرا سوتقا نارازىلىق ئەرزى بەرگەنىدىم. لېكىن، رازاقنىڭ يەنە ئەسكىلىك قىلىشىدىن قورقۇپ سىڭلىمنىڭ يولدىشىغا ئەھۋالنى ئېيتتىم. سىڭلىمنىڭ يولدىشى نەپتىش مەھكىمىسى دەمدۇ شۇنداقراق بىر يەردە ئىشلەيتتى. ئۇ

تۆۋەنگە چۈشۈپ كىشىلەردىن رازاقنىڭ نۆرغۇن ئىشلىرىدىن ئەھۋال ئىگىلىدى . ئاڭلىدىڭىزمۇ ، رازاق قولغا ئېلىندى .

— نېمە ؟ قولغا ئېلىندى ؟ — ئابىدە چۆچۈپ كەتتى .

— شۇنداق ، قولغا ئېلىندى ، شۇنداق بولماقچىدى . ئابىدە ، سىز بىلمەيسىز . بۇ ئادەم قوشدۆڭدە بەكلا ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن . ئاشۇ ئۇۋالچىلىقتا ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ قىساسى تۇتتى . مەنمۇ دەۋالىشىپ يۈرۈپ بالامنى ياندۇرۇپ ئەكېلىۋالدىم . ھازىر ئوقۇۋاتىدۇ .

ئابىدە ماشىنا سوقۇۋەتكەن كۈنى مەنسۇرنىڭ ئۆزىگە دېگەن سىرلىق گەپلىرىنىڭ تېگىگە ئەمدى يەتتى .

زىلەيگۈل خوشلىشىپ چىقىپ تۇرۇشىغا نىياسەم ئاينۇرنى يېتىلىگەن ھالدا تارتىنىپ كىرىپ كەلدى .

— نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كېلەي دەپ ئالدىراش بولۇپ قالدىم ،— دېدى نىياسەم خىجالەتچىلىك بىلەن ،— ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيدىكى ئادەمنىڭ مىجەزى يوق داۋالىنىۋاتىدۇ .

— ئۆيدىكى ئادەمنىڭ ؟ — ئابىدە چۈشەنمەي سورىدى .

— دادام دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن نىياسەم ھەددەم بىلەن قوشدۆڭ يېزىسىغا كەتتى . شۇ يەردە بوۋام - موماملاردىن قالغان زىمىن ، ئۆيىۋاقىمىز بار ئىدى . ئۇلار ھازىر شۇ يەردە تۇرۇۋاتىدۇ . نىياسەم ھەددەم قاسىمكام بىلەن ئاينۇرنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ بەكمۇ ئىچى ئاغرىدى . كونا ئوتلار ئۆلغىيىپ ئۇلار ئاخىر يېنىشىۋالدى .

— قىرىغاندا ئادەمنى خىجىل قىلماڭلار ،— دېدى نىياسەم ،— بۇمۇ تەقدىر . بىچارە ئادەمنىڭ بۇرۇنقى تۇرقىنىڭ ئوزدىن بىرى قالماپتۇ . نېمىلا دېگەنبىلەن قىز تەگكەن ئېرىم . بۇندىن كېيىنكى ئۆمرىمىزنى ھەمراھلىق ئۆتكۈزەرمىز .

— ھەي ، مەن بىچارە ماشىنا سوقۇپ يېتىپتىمەن . ھەممىڭلار جۈپ - جۈپ بولۇپ كېتىپسىلەر ،— دېدى ئابىدە يالغان قېيىداپ .

— سەنمۇ يالغۇز ئەمەسقۇ ؟ سېنىڭ جۇپىڭ يېنىڭدىن پەقەتلا ئايرىلمىدى . سېنى ماشىنا سوققان كۈنى ئەنسەر تاس قالدى ئەس - ھوشىدىن ئايرىلغىلى . بىچارە موللاقىنمۇ كانىيىدىن سىقىپ نەچچىنى ئۇرۇۋەتتى . نەچچە كۈن ئاش - تاماقمۇ يېمەي بېشىڭدا قاراپ ئولتۇردى . ھەممىمىز شۇنداق تەسىرلەندۇق ،— دېدى مېھراي .

بولۇۋاتقان گەپ - سۆزلەر ئابىدەنىڭ قەلبىدە يېقىملىق تۇيغۇلارنى ئويغاتتى .

— بايا دادام دوختۇرخانىدىن چىقتى دەيسەن ، نېمە ئىش بولدى ؟— دېدى ئابىدە . ئۇ ھازىر جاپپارنى قانداق ئاتاشنى بىلمەيۋاتاتتى .

مېھراي بىلەن نىياسەم بىر - بىرىگە قاراپ تۇرۇپ قالدى . تۇرقىدىن بۇ گەپنى ئابىدەگە دەيلىمۇ دېمەيلىمۇ دەپ دېلىغۇل بولۇۋاتقىنى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى . ئاخىر مېھراي ئېغىز ئاچتى :

— سەن ھادىسىگە ئۇچرىغاندا ، سېنىڭدىن بەك كۆپ قان چىقىپ كەتكەن . ئارىمىزدا ساڭا ماس كېلىدىغان قان تېپىلمۇ يوقكەن . شۇ چاغدا دادام : «مېنىڭ قېنىمنى ئېلىڭلار» دېدى . دوختۇرلار : «سىز ياشىنىپ قاپسىز ، بولمايدۇ ؟» دېسىمۇ دادام قەتئىيلىك بىلەن قان تەكشۈرگۈزدى . دادامنىڭ قېنى سېنىڭكى بىلەن ئوخشاشكەن . شۇنداق قىلىپ ، دادام ساڭا خېلىلا كۆپ قان بەردى . ساڭا ھاياتلىق بەرگىنى دادامنىڭ قېنى .

ئابىدەنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى . يۈرەك - باغرى ئېزىلىپ ئىچ - ئىچىدىن ئېتىلىپ چىققان ئازابلىق تۇيغۇلار ۋۇجۇدىنى لەرزىگە كەلتۈردى .

— ئۆزىچۇ ؟ دادام ھازىر قەيەردە ؟ — دېدى ئابىدە .

— قوشدۆڭدە ، بۇرۇنقى قورۇيىمىزدا تۇرۇۋاتىدۇ .

ئارىنى ئېغىر سۈكۈت باستى . ھەممەيلەننىڭ كۆزىدىن

تاراملاپ ياش ئاقاتتى . ھېچكىم ھېچنېمە دېمىسىمۇ ، لېكىن ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئۆزئارا بىلىشەتتى . ئۈچ ئاجىزە شۇ تەرزدە ئۇزاق ئولتۇردى .

شۇ كېچە ئابىدە ھەم ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ياتقان مېھراي ئۇخلىمىدى . ئابىدە ئۆزىنىڭ پۈتۈن كەچۈرمىشلىرىدىن سىرت ئانىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ، ئۇنىڭ ياشلىق چاغلىرىدىكى ئۆزىگە نامەلۇم ، لېكىن نىياسەم ئەينەن سۆزلەپ بەرگەن ئازابلىق ئۆتمۇشلىرىنى ئەسلەپ چىقتى .

ئەتىسى شەنبە كۈنى ئىدى . مېھراي ئابىدەنىڭ يۈز ـ كۆزىنى لۆڭگە بىلەن سۈرتۈپ ، چاچلىرىنى تاراپ قويدى . بىللە ئولتۇرۇپ ناشتا قىلىشتى . ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ كۆيۈمچان ھەدە ـ سىڭىللارغا ئوخشاپ قالغانىدى .

مېھراي ھاۋا يەڭگۈشلەش ئۈچۈن دېرىزىنى ئاچتى . باھارنىڭ جانغا ھۇزۇر مەيىن شامىلى دېرىزىدىن كىرىپ ئابىدەنىڭ يۈزىنى سۆيۈپ ئۆتتى . ئابىدەنىڭ پۈتـى تېڭىۋېتىلگـەن بولغاچقا ماڭالمايتتى . تەكشۈرۈشلەرگىمۇ چاقلىق ئورۇندۇق بىلەن ئېلىپ چىقىلىۋاتاتتى . شۇ تاپتا ئابىدەنىڭ تالاغا بەكمۇ چىققۇسى كەلگەنىدى . ئۇ دېرىزىدىن كۆكىرىپ تۇرغان دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئۈچلىرىنى ، ئاپئاق ئېچىلىپ كەتكەن نەشپۈت چېچەكلىرىنى كۆرۈپ ، ئىللىق باھارنى نەقەدەر سېغىنغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن ھاۋامۇ شۇنداق ئوچۇق ئىدى .

ئىككى يىگىت كىرىپ كەلدى . ئۇلار تۈنۈگۈن بىللە چىقىپ بىر جۈپ سېتىۋالغان ئەتىيازلىق چاپان كىيىشكەن ، قوللىرىدا بىر نەرسىلەرنى كۆتۈرۈشۈۋالغان بولۇپ ، خۇشال ئىدى .

— ئىككىڭلار ئەجەب نوچى بولۇپ كېتىپسىلەرغۇ ؟ يېڭىدىن ئالدىڭلارمۇ ، — دېدى مېھراي چاپاننى ئىما قىلىپ ، — مۇبارەك بولسۇن .

— دېمىسىڭىزمۇ بىز دېگەن نوچى يىگىتلەر ، — دېدى

موللاق ، — مانا سىلەرگىمۇ بار .
يىگىتلەر قىزلارغىمۇ بىر جۈپ پوپايكا ، بىر جۈپ شارپا سېتىۋېلىشقانىدى . قىزلار رەھمەت ئېيتىپ پوپايكا ، شارپىلارنى ئېلىپ كۆرۈشتى .
ئابىدەگە ھايات تولىمۇ گۈزەل ، ئادەملەر تولىمۇ سۆيۈمـلۈك ، مۇھەببەت تولىمۇ تاتلىق تۇيۇلدى . شۇ تاپتا ئانىسى بولغان بولسا قانداق ياخشى بولار ئىدى ـ دە ؟
— ئەنسەر ، مېنىڭ بىر ئۆتۈنۈشۈم بار ،— دېدى ئابىدە ،— بۈگۈن مېنى بىر چۆرگىلىتىپ كەلسەڭلار . بەك ئىـچىم سىقىلىپ كەتتى .
— ياخشى گەپقۇ ، بىراق سىز قىينىلىپ قالارسىزمۇ ؟
— ماشىنىدا ئولتۇرغاندىكىن قىينالماسمەن . چاقلىق ئورۇندۇقنى ئېلىۋالساق دوختۇرمۇ قولتۇق تاياقتا پەسكە چۈشـسەڭ بولىدۇ ، — دېدى .
— ئۇنداق بولسا بوپتۇ . بۈگۈن سىزنى راسا بىر پەيزى قىلدۇرۇپ كېلەيلى .
ئۇلار لازىمەتلىكلەرنى ئېلىشتى . يىگىتلەر چىقىپ كەتكەنـدىن كېيىن ، مېھراي ئابىدەنىڭ بىمارلار كىيىدىغان يوللۇق خالاتلىرىنى سالغۇزۇپ ، ھەر ئىككىسى يىگىتلەر سوۋغا قىلغان پوپايكىلارنى كىيىشتى . ئۆزلىرىنى تۈزەپ بولغاندىن كېيىن ئەنـسەرنى چاقىرىشتى . ئەنسەر ئابىدەنى چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرـغۇزماي كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ ، موللاقنىڭ ماشىنىسىنىڭ ئارقا ئورۇندۇققا چىقىرىپ ئاۋايلاپ تۇتۇپ ئولتۇردى .
— قوشدۆڭگە ،— دېدى ئابىدە ،— قوشدۆڭگە بارغۇم بار . دادامنى كۆرۈپ كېلەي ...
ھەممەيلەن دەسلەپتە ھەيران بولدىيۇ ، كەينىدىن خۇشال بولۇشتى . ئەنسەر ئابىدەنىڭ قولىنى سىقىپ بېشىنى لىڭشىتتى .
ئۇلار خۇشال كۈلكە ـ چاقچاقلار بىلەن يولغا چىقتى .

يولنىڭ ئۆزۈنلۈقىمۇ ئۆلارغا بىلىنمەيتتى .

ئابىدە يىراقتىن «قوشدۆڭ خەلقى سىزنى قارشى ئالىدۇ» دېگەن تاختاينى كۆرگەندە هاياجانلاندى . قوشدۆڭ ياپيېشىل باهار لىباسىنى كىيگەن بولۇپ ، باغلاردا ئاپئاق ئېچىلىپ كەتكەن نەشپۈت چېچەكلىرى ، ئېتىز - ئېرىق قىرلىرىدىكى ياۋا گۈللەر ، ياپيېشىل دەرەخلەر ، ئۆستەڭلەردىكى شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇلار خۇددى ئابىدەنى قارشى ئېلىۋاتقاندەك يېقىملىق نۇر چاچاتتى . ئابىدە يۈرەك رىشتى باغلانغان بۇ سۆيۈملۈك يېزىسىغا هەۋەس بىلەن قارىدى . قەلبى مۇهەببەت بىلەن تولدى .

Document generated by Anna's Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection
(https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyMTIyMDYuemlw",
"filename_decoded": "40212206.zip",
"filesize": 15712969,
"md5": "7246282ac97223ae2196904c03328138",
"header_md5": "b31d69b056e84919525e9fdab905769c",
"sha1": "d552b4dd6bff254c11e6f810e93403c966fb198f",
"sha256": "52b3ecc9b534821a4f62f6b4399e1a4605da01052cfd8075706ac380d88a7d38",
"crc32": 2105918132,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 16162765,
"pdg_dir_name": "\u256c\u03c6\u252c\u25a0\u255f\u03c3\u2502\u2510
\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40212206",
"pdg_main_pages_found": 285,
"pdg_main_pages_max": 285,
"total_pages": 291,
"total_pixels": 1101329740,
"pdf_generation_missing_pages": false
}